ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

3 2012

新疆大學學報

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

哲学社会科学维吾尔文版

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر

**ئابلىكىم ياسىن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»نىڭ مەسئۇلى

**ئابلىكىم ياسىن**

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**تۇرسۇن قادىر**

«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

**2012 - يىللىق 3 - سان**

**(ئومۇمىي 131 - سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى

ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار ئابدۇرېشىت

رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئامانۇللا

بەت ياسىغۇچى : ئەخمەتجان ئۆمەر


**تەھرىر ھەيئەتلەر**


ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى

ئابلىكىم ياسىن

ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان

ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ئابلىكىم ھەسەن

ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۇرچى

ئابدۇۋەلى ھامۇت

ئادىل مۇھەممەت تۇران

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ئاسىمە نىياز

پەخىرىدىن ھېسامىدىن

تۇرسۇن قادىر

چىمەن نەجمىدىن

راھىلە داۋۇت ئەلچىن

شېرىن قۇربان

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر

قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى

مۇختەر مەخسۇت

مۇھەببەت قاسىم

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

ئۆمەر مەھمۇت

ئابـ.ۋللا

شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
33 ـ يىللىق 3 ـ سان(ئومۇمىي 131 ـ سان) 2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇچراشما تىلشۇناسلىق توغرىسىدا.......................... ئۆمەر داۋۇت (1)
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بايان قىلىنغان قەدىمكى شەھەرلەر........ ئالىمجان مەخسۇت مىمار، ئادىلە ئالىمجان(11)
مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ مىللىيلىقى ھەققىدە............................ ئەخمەت سەيدۇللا (17)
«قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىناق جەمئىيەت ئىدىيەسى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا..... مەمەت موللامەت (27)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۇنۇملۇك تەمىنلەشنىڭ رولى توغرىسىدا.........
..................................................خەلپىدىن مۇساھىب (36)
ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا................ بۈۋەجەر مىجىت (42)
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇشى توغرىسىدا....... ئابدۇكېرىم توختاسۇن (48)

## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە دىيالېكت-شېۋىلىرىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە سېلىشتۇرما
تەتقىقات.............................................................مۇھەببەت قاسىم (52)
ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى توغرىسىدا..............مەۋلۇدە ئەكرەم (74)
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالىرىغا دائىر تۇراقلىق سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى
ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە.......................................... تۇرغۇنجان ئىسلام (78)
قومۇل مۇقاملىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان.......................................... ئىسمەت قاسىم(82)
ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىچىلىرى توغرىسىدا.......................................... زۇمرەت غاپپار(94)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

ئوقۇرمەن نەزەرىيەسىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر....................... گۈلنار ئۇبۇل، مەريەمگۈل تۇرسۇن(103)
«مەجالسۇن نەفائىس»ۋە ئەدەبىي تەخەللۇسشۇناسلىق................................ ئەكبەر قادىر (110)
نەۋايىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرى..............ئايگۈل ئابدۇرېھىم (115)
كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا.............. ئاتىكەم مامۇت (120)

## قانۇنچىلىق تەتقىقاتى

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە ئەكس ئەتكەن قانۇن ئىدىيەسى ۋە قانۇن مەدەنىيىتى توغرىسىدا.........
.............................................. تۇرسۇننىياز ساۋۇر (126)

## كۇتۇپخانا تەتقىقاتى

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمەت خىزمىتى توغرىسىدا
مۇلاھىزە.............................................ئالىيە ئېلاخۇن (136)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2012-09

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第 33 卷第 3 期（总 131 期）　　2012 年 9 月

# 目　录

## 西域文化研究

试论麻赫穆德·喀什葛里与接触语言学……乌买尔·达吾提(1)
《突厥语大辞典》中提到的古代城市……阿里木江·马克苏提，阿迪拉·阿里木江(11)
论文化及其民族性……艾合买提·赛都拉(17)
《福乐智慧》中的和谐思想与其现实意义……买买提·毛拉买提(27)

## 政治、经济与管理学研究

论我区有效供给农村公共产品的作用……海力皮丁·木沙(36)
关于提高大学生社会适应力……布瓦吉尔·米吉提(42)
论大学生人际冲突……克力木·托合逊(48)

## 语言与文化研究

从突厥语大词典看现代维语及其方言土语中的一些语音变化现象……木哈拜提·哈斯木(52)
维语和汉语中的量词比较研究……买丽旦·艾克热木(74)
浅谈关于维语人体及器官的成语，固定词组，短语，谚语等的文化特点……吐尔洪江·斯拉木(78)
谈哈密木卡姆……依斯买提·哈斯木(82)
维吾尔族民间说唱艺人调查研究……祖木拉提·哈帕尔(94)

## 文学研究

论维吾尔文学研究……姑丽娜尔·吾辅力，马力亚木古丽·吐尔逊(103)
纳瓦依作品《群英盛会》与文学笔名学……艾克拜尔.卡德尔(110)
论纳瓦依的作品《情之所钟》中体现的文学批评观念……阿依古力·阿不都热依木(115)
论后现代主义文学及其主要特征……阿提克木·马木提(120)

## 法学研究

论维吾尔民间谚语中的法律思想与法律文化……吐尔逊尼牙孜·沙吾尔(126)

## 图书学研究

论少数民族地区高校图书馆读者服务工作……阿丽叶木(136)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*A4*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2012-09

ماقالە نومۇرى: 10 - 001 - 3 (2012) 5878 - 1005

# مەھمۇد كاشغەريي ۋە ئۇچراشما تىلشۇناسلىق توغرىسىدا*

ئۆمەر داۋۇت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىدە ئەكس ئەتكەن تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى تەتقىقاتىغا ئائىت ئىدىيەسى قىسقىچە سېلىشتۇرۇلىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىققا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى يىغىنچاقلىنىپ، مەھمۇد كاشغەريي ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى، دېگەن قاراش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىنىدۇ.

**摘要**：本文对接触语言学的基本理论和麻赫穆德 · 喀什葛里的《突厥语大词典》中所反映的语言接触研究方面的思想及麻氏对接触语言学所做出的主要贡献进行简要比较和归纳，以求进一步佐证麻赫穆德 · 喀什葛里是接触语言学的奠基人的观点。

**Abstract**: This article attempts to contrast comparative the main theory of contact linguistics and Mahmud Kashkar`s research idea on the languages in contact in which had been expressed in his *Divanu lughatit Turk*, as well as it discuses Mahmud Kashkar`s main contributions in the contact linguistics. In doing so, it verifies Mahmud Kashkari`s role as the founder of contact linguistics.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. كىرىش سۆز

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ قىسقارتىپ ئېلىنىدۇ) نىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىلمىي قىممىتى تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئەكس ئېتىدۇ. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى خۇاڭ گويىڭ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مەھمۇد كاشغەريي يازغان ‹دىۋان› ئىلىم-پەن تارىخىدىكى ئابىدە، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى خەزىنە، ئۆز كەسپىگە مەسئۇل بولۇشتىكى روھ، مۇكەممەللىكنى يارىتىشتىن بېشارەت. بۇ كىتاب يالغۇز تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىش تارىخىدىلا ئەمەس، دۇنيا تىلشۇناسلىق تارىخىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. » [1] مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىلشۇناسلىققا قوشقان كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. «ئۇ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئەڭ ئاۋۋال سېلىشتۇرما ئۇسۇلنى قوللانغان ۋە ئاۋۇشلارنىڭ ماسلىق قانۇنىيىتىنى تۇنجى بولۇپ تېپىپ چىقىپ، تىللار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى بېكىتىشتەك نەزەرىيەۋى تۆھپىسى بىلەن دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىغا ئاساس سالغان»[2].
بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ «دىۋان»دا بايان قىلىنغان تىللارنىڭ ئۇچرىشىش تەتقىقاتىغا ئائىت ئىدىيەسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە ۋە ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، نەزەرىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يەنە ئۇچراشما تىلشۇناسلىق ساھەسىگە قوشقان تۆھپىسىگە يۆتكىلىدۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى چېن باۋيا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىلشۇناسلىققا قوشقان تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مەھمۇد كاشغەرىينى تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ پېشۋاسى، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[3]. ھالبۇكى، ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتسىمۇ ئىلىم ساھەسىدە بۇ قاراشقا نىسبەتەن

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 6- ئاينىڭ 15-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئۆمەر داۋۇت (1963- يىلى 4- ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتورانت. ئومۇمىي تىلشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



هېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. بۇ قاراشنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇنداق بىر نەچچە نۇقتا دىققەتتىمىزگە سازاۋەر بولۇشى كېرەك:

بىرىنچىدىن، مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاۋۋالقى نەزەرىيە ئاساسچىلىرى ھۇمبولت (Karl Wilhelm Freiherr Von Humbolt,1767-1835)، ئاۋگۇست شلەيخىر (August Schleicher,1821-1868)، ھيۇگو شۇخارت (Hugo Schuchard,1842-1927)، يوسىف ۋېندىرىس (Joseph Vendryes,1875-1960)، ئېدۋارد ساپىر (Edward Sapir,1884-1939)، پالمېر (Leonard Robert Palmer) قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئاساسلىق بايانلىرى، ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسىنى ياراتقۇچى ئامېرىكىلىق ۋېينرىيچ (UrielWeinreich,1926-1967)، ئېينار خوگېن (Einar Haugen,1906-1994)، فىشمەن (S.V.Fishman) قاتارلىق تىلشۇناسلارنىڭ قاراشلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكىلىق تىلشۇناس دونالد ۋىنفوردنىڭ «ئۇچراشما تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە» [4] دېگەن ئەسىرى ۋە ئېلىمىزدە جاڭ شىڭچۈەن ئەپەندىنىڭ يېقىندا نەشىردىن چىققان «ئۇچراشما تىلشۇناسلىق» [5] دېگەن ئەسىرىنى ھازىرقى زامان ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك ئەسىرى سۈپىتىدە ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇچراشما تىلشۇناسلىق توغرىسىدا توغرا، ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي قاراش تۇرغۇزۇش تولىمۇ مۇھىم.

ئىككىنچىدىن، ئۇقۇم جەھەتتە، ئۇچراشما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ 19 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئەمما تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى تەتقىقاتىنىڭ تارقاق ھالەتتە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە، 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت تەتقىقاتنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەرگەن.

ئۈچىنچىدىن، مەھمۇد كاشغەرىي ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى دېگەن قاراشنى ئىسپاتلاشتا «دىۋان»نى ئاساس قىلىش، يەنى«دىۋان»دىن ئېلىنغان كۆپلىگەن ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق بۇ قاراشنى مۇھاكىمە قىلىپ ئىسپاتلاشقا ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك.

تۆتىنچىدىن، تىلشۇناسلىق تارىخىدا ھۇمبولت ئومۇمىي تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە تىلنىڭ ئىجادچانلىقى، تىل بىلەن مىللەت، تىل بىلەن تەپەككۇر، تىل تىپلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىپ نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. سوسسۇر ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە تىل بەلگىلىرىنىڭ ئىختىيارىيلىقى، تىل سىستېمىسى تەھلىلى ھەمدە تىل بىلەن نۇتۇق، سىنخرونىك ۋە دىياخرونىك تەتقىقات، ئىچكى تىلشۇناسلىق ۋە تاشقى تىلشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان[6]. ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭمۇ ئۆزىگە خاس نەزەرىيە تۈپىسى يېغىنچاقلىنىشى كېرەك.

## 2. ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتىغا قىسقىچە نەزەر

تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت نەزەرىيە ۋە كېيىنكى ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشى مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن. ئادەتتە ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا شەكىللەنگەن، دەپ قارىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى تىللارنىڭ ئۇچرىشىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنمىغان دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە 19 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى نۇرغۇن تىلشۇناسلار تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت مەزمۇنلار ئۈستىدە توختالغان. تىلشۇناسلىق تارىخى ۋە ئۇچراشما تىلشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەردىن مەلۇمكى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ غەرب ئەللىرىدىكى بەزى تىلشۇناسلار يەنى گېرمانىيەلىك تىلشۇناس ھۇمبولت، شلەيخىر، شۇخارت، فىرانسىيەلىك تىلشۇناس ۋېندىرىس، رۇسىيەلىك شېربا، تىرۇبىسكىي، ياكوبسىن، ئامېرىكىلىق ساپىر، ئەنگلىيەلىك پالمېر ۋە ئېلىمىزدىن جاڭ شىلۇ، لو چاڭپېي قاتارلىق

تىلشۇناسلار تۇرلۇك نۇقتىدىن تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، تىل ئۇيۇمى، قوش تىل قاتارلىق ساھەلەر بويىچە دەسلەپكى نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى بايان قىلغان.

ئۇچراشما تىلشۇناسلىق — جەمئىيەت تىلشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن بىرى بولغان تىللارنىڭ ئۇچرىشىش نەزەرىيەسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭى تارماق پەن. «ئۇچراشما تىلشۇناسلىق» دېگەن ئاتالغۇ 1979- يىلى 6- ئايدا بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلگەن تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە تىل توقۇنۇشىغا ئائىت تۇنجى خەلقئارالىق يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ پەن نامى خەلقئارادا 30 نەچچە يىلدىن بېرى قوللىنىپ كېلىنمەكتە [7].

ياۋروپادىن ئامېرىكىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىي تىلشۇناس ۋېينرىيچ 1953- يىلىلا «تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى» دېگەن خاس ئەسەرنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ ئەسەردە قوش تىل، تىل ئالمىشىش، تىللارنىڭ ئەبجەشلىشىشى، تىلنىڭ يوقىلىشى، تىل ئۇيۇمى، تىل دەخلى، تىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق بىر قاتار تىل ھادىسىلىرى بايان قىلىنغان. [8] ۋېينرىينچ بىلەن بىرلا دېگۈدەك ۋاقىتتا، ئامېرىكا تىلشۇناسى خوگېن ئۆزىنىڭ قوش تىللىق ھادىسە ھەققىدىكى ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. بۇلار 20- ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىن تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ كۈچلۈك نەزەرىيەۋى ئاساسىنى ياراتقان. ۋېينرىيچنىڭ ئەسىرى غەرب ئەللىرىدە تىللارنىڭ ئۇچرىشىش نەزەرىيەسىگە ئائىت تەتقىقات ساھەسىدىكى زور ئوقۇشلۇققا ئايلانغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈرلۈك تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت بۇ نەزەرىيە ھەرقايسى ئەللەردە كەڭ تارقالغان ھەمدە ئۇچراشما تىلشۇناسلىق پېنىگە تەرەققىي قىلغان[9].

20 - ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسى ۋېلشاكىن تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت بىر مۇنچە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت تەتقىقات مەزمۇنلىرىنى «ئۇچراشما تىلشۇناسلىق» تىن ئىبارەت مۇستەقىل بىر پەننىڭ مەزمۇنى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شەرھلىگەن[10].

0ٔ- ئەسىرنىڭ 80-90-يىللىرىدا ھەر قايسى ئەللەردىكى تىلشۇناسلىق ساھەسىدە چىققان ئەسەر ۋە ماقالىلەردە ئۇچراشما تىلشۇناسلىق دېگەن ئاتالغۇ كەينى-كەينىدىن كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بولۇپمۇ گېرمانىيە ۋە ئامېرىكىدىكى بەزى تىلشۇناسلار بۇ ئاتالغۇنى كۆپ قېتىم ئىشلەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەن. 21- ئەسىردىن كېيىن ھەر قايسى ئەللەردە نەشر قىلىنغان تىلشۇناسلىق ئەسەرلىرىدە «ئۇچراشما تىلشۇناسلىق» دېگەن ئاتالغۇ كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىغان.

«ئوكسفورد ئەمەلىي تىلشۇناسلىق قوللانمىسى» (2002) دېگەن كىتابقا ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئاساسىي قائىدىلىرى مەخسۇس بايان قىلىنغان ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن. يېقىندا، ئامېرىكا تىلشۇناسى دونال ۋىنفورد «ئۇچراشما تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە» (2003) دېگەن ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭدا ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى تەتقىقاتىنىڭ تارىخى، تىللارنى ساقلاپ قېلىش، كىرمە سۆزلەر، تىل بەلگىلىرىنىڭ ئالمىشىشى، قوش تىل، تىللارنىڭ ئەبجەشلىشىشى، ئىككىنچى تىلنى ئىگىلەش، تىل كۆچۈمى، ئەبجەش تىل قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئەنگلىيەلىك تىلشۇناس تېلاگىر بۇ كىتابقا بېغىشلىما يېزىپ ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي باھا بەرگەن[11] .

يېقىندا ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان «جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى لۇغىتى» (2004) دىكى «تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى» دېگەن سۆزلەمدە «تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان. دونال ۋىنفوردنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، «ۋېينرىيچ تۇنجى بولۇپ تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان تىل ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەريانلىرىنى ئوخشىمىغان تىپلارغا ئايرىغاندىن كېيىن، ئۇچراشما تىلشۇناسلىق 50 نەچچە يىلدىن

www.uyghurkitap.com



بېرى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، ھەمدە ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخى، دائىرىسى ۋە مەزمۇنىنى دىياخرونىك ۋە سىنخرونىك نۇقتىلاردىن تونۇشتۇردى»[12].

ئېلىمىزدە 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىن ۋېي جىچياڭ، ۋۇ تيېپىڭ، جاۋ جيې قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچراشما تىلشۇناسلىق دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى ۋە تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەرلەر ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىندى. ئالايلۇق، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جاڭ شىڭچۈەنىنىڭ ئەسىرىدىن باشقا يەنە چېن باۋيا يازغان «تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە تىل ئۇيۇمى» [13]، يۈەن يەن يازغان «تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە تىللارنىڭ ئۆزگىرىشى» [14]، شۆ سەيدې يازغان «تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە تىللارنى سېلىشتۇرۇش» [15]، چۈ جيايەن، يوۋ رۇجيې تۈزگەن «تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» [16] قاتارلىق ئەسەرلەر نەشر قىلىندى ھەمدە «تىل تەسىرىنىڭ تىل ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرى» [17] قاتارلىق نۇرغۇن ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. بۇلاردىن باشقا يەنە چېن يۈەن تۈزگەن «جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى» [18]، دەي چىڭشيا تۈزگەن «جەمئىيەت تىلشۇناسلىقىدىن ئومۇمىي بايان» [19]، جۇ ۋىنجيەڭ تۈزگەن «جەمئىيەت تىلشۇناسلىقىدىن ئومۇمىي بايان» [20] قاتارلىق جەمئىيەت تىلشۇناسلىقىغا ئائىت ئەسەرلەردە ۋە يې فېيشىڭ، شۈ تۇڭچياڭ تۈزگەن «تىلشۇناسلىقتىن ئوچېرىكلار» [21] قاتارلىق ئومۇمىي تىلشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەردە تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى مەخسۇس بابلار بويىچە بايان قىلىنغان. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، چەت ئەللەر ۋە ئېلىمىزدە ئۇچراشما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى بارغانسېرى كۈچىيىپ راۋاجلانغان. ئۇچراشما تىلشۇناسلىق — مىللەت، مەدەنىيەت، تىللارنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشى ۋە تەسىرىدە كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك تىل ھادىسىلىرىنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىدىغان تىلشۇناسلىقنىڭ تارماق پېنى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تىلشۇناسلىق ساھەسىدە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان قىزىق تارماق پەنگە ئايلاندى [22]. ئېلىمىز كۆپ مىللەت، كۆپ مەدەنىيەت ۋە كۆپ تىلغا ئىگە دۆلەت. تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى تەتقىقاتىغا ئائىت نەزەرىيەنى چەت ئەللەرنىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىق پېنىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە ماسلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئېلىمىز تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەلىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىش، توغرا چۈشىنىش، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش ۋە مۇۋاپىق قوللىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەدىمكىلەرنىڭ تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى تەتقىقاتى ھەققىدىكى ئىدىيەسى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى، بولۇپمۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىققا ئائىت ئىدىيەسى ۋە قوشقان تۆھپىسىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ۋە يىغىنچاقلاش تولىمۇ زۆرۈر.

## 3. ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالاقىدار ئىدىيەسى

ئادەتتە، تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت تەتقىقات تارىخى تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ ھەقتىكى بىلىش 19- ئەسىردە باشلانغان، دەپ قارىلىدۇ [23]. ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاۋۋالقى نەزەرىيە ئاساسچىلىرى، دەپ بايان قىلىنغان ھۇمبولت، شلەيخىر قاتارلىق ئالىملار ئۆز نۆۋىتىدە تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ياۋروپا ئالىملىرىدىن 700 يىل ئىلگىرىلا تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا كىرىشكەن. ھەتتا ئۇنىڭ بەزى ئىدىيەسى ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسىنى ياراتقان ئامېرىكىلىق تىلشۇناس ۋېينرىيچنىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىدىن تەخمىنەن 800 يىل بۇرۇن شەكىللەنگەن ۋە ئەينى دەۋر تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن.

مەلۇمكى، سېلىشتۇرۇش — ئىنسانلارنىڭ

شەيئىلەرنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشىدىكى بىر ئاساسىي ئۇسۇل، سېلىشتۇرغاندىلا پەرقىنى تاپقىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ئىكەنلىكىنى بېتەرلىك ھالدا دەلىللەش ئۈچۈن ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»ىدا ئەكس ئەتكەن ئۇچراشما تىلشۇناسلىققا ئائىت ئىدىيەسىنى قىسقىچە سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇچراشما تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى دەسلەپ بايان قىلغان ھۇمبولت، شىلەيخىر، شۇخارت قاتارلىق ئالىملار تىللارنىڭ ئەبجەشلىشىشى، تىل ئۇيۇمى، قوش تىل قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلغان. بۇلار كېيىنكى ئۇچراشما تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىگە مەلۇم جەھەتتىن ئاساس سالغان ۋېينرىيچ ۋە كېيىنكى دونال ۋىنفوردنىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇچراشما تىلشۇناسلىق ھەقىقىي پەن سۈپىتىدە ئۆز نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى مۇنداق مەزمۇن ۋە تەتقىقات دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىدىن، تىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش. بۇ سۆز قوبۇل قىلىش سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ جەريانى ۋە باشقا تىل ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قوش تىل. بۇ قوش تىل ئاتالغۇسى، ئۇنىڭ سەۋەبى، ئۆلچىمى، تۈرى، رولى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كۆپ تىللىق ھادىسە. بۇ كۆپ تىل ۋە ئۇنىڭ رولى، كۆپ تىل ئۆگىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، تىل ئالمىشىش. بۇ تىل ئالمىشىشنىڭ تىپلىرى ۋە جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بەشىنچىدىن، تىلنى ئەبجەش قوللىنىش؛ ئالتىنچىدىن، تىل ئۇيۇمى؛ يەتتىنچىدىن، تىل دەخلى؛ سەككىزىنچىدىن، تىللارنىڭ قوشۇلۇشى؛ توققۇزىنچىدىن، تىلنى ساقلاش؛ ئونىنچىدىن، تىللارنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت. بۇلار بىلەن بىرگە تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى بىلەن كۆرۈلىدىغان تىل تەسىرى دېگەن ئۇقۇممۇ ئۇچراشما تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى دائىرىسىدىكى مۇھىم مەسىلە بولۇپ، يۇقىرىقى ھەرقايسى مەزمۇنلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت ئىدىيەسىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، مەھمۇد كاشغەرىي تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى نۇقتىسىدىن تىل ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشىمۇ سۆزلەردىكى تاۋۇش ماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ «دىۋان» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «‹تۈركىي تىل› تەركىبىدە ‹ھ› كېلىدىغان ھېچقانداق سۆز يوق، بۇ تاۋۇش گاھىدا خوتەنلىكلەرنىڭ تىلىدا ئۇچرايدۇ، چۈنكى، خوتەن تىلىدا ھىندى تىلىنىڭ تەسىرى بار، كەنچەك تىلىدىمۇ ‹ھ› تاۋۇشى ئۇچرايدۇ، چۈنكى كەنچەك تىلىمۇ ساپ تۈركچە ئەمەس؛ يەنە خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆز بېشىدىكى ‹ A-ئەلىف›نى ‹ھ› غا ئالماشتۇرىدۇ»[24]. ئۇلاردىكى ماسلىقنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن:

| خاقانىيە تۈرك تىلى | خوتەن، كەنچەك تىلى | ھازىرقى ئۇيغۇرچە مەنىسى |
| --- | --- | --- |
| Ata | Hata | ئاتا |
| Ana | Hana | ئانا |

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قارىشىچە، خوتەنلىكلەر ۋە كەنچەكلەر تۈركىي تىللاردا يوق ‹ھ› تاۋۇشىنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن تۈركلەردىن ھېسابلانمىغان[25]. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەھمۇد كاشغەرىي ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىللار بىلەن ھىندى ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان خوتەن ساك تىلىدىكى يۇقىرىقىدەك ماسلىق مۇناسىۋىتىنى تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە تەسىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىدىكى بۇ خىل ئەھۋال 19- ئەسىردىكى ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى نەزەرىيەچىلىرىمۇ توختالمىغان مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆلچەملىك تىل، قوش تىل، تىللارنىڭ ئەبجەشلىشىشى توغرىلىق بەزى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «دىۋان» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا تىل پەقەت شۇ

www.uyghurkitap.com



بىر تىلنىلا بىلىپ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر. ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار. چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدىغان خوتەن خەلقلىرىنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنداق»[26]. بۇ يەردىكى «ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا تىل» دېگىنى ئۇچراشما تىلشۇناسلىقتىكى «ئۆلچەملىك تىل»، «ئەدەبىي تىل» دېگەن ئۇقۇمغا، «ئىككى تىل» ھازىرقى ئۇچراشما تىلشۇناسلىقتىكى «قوش تىل» غا، «تىلىدىكى بۇزۇقلۇق» بولسا ھازىرقى ئۇچراشما تىلشۇناسلىقتىكى «تىللارنىڭ ئەبجەشلىشىشى» يەنى 语言混合 دېگەن ئۇقۇمغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىي گەرچە ھازىرقى ئۇچراشما تىلشۇناسلىقتىكىدەك ئاتالغۇلارنى ئىشلەتمىسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋرگە لايىق ئاددىي ئاتالغۇلار ئارقىلىق ئۇچراشما تىلشۇناسلىقتىكى ئاساسىي ئۇقۇم ۋە قاراشلارنى خېلىلا روشەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قوش تىللىق ھادىسە ۋە تىللارنىڭ ئەبجەشلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ چەت ئەللىكلەر ياكى ئىككىنچى تىل ئىگىلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىش ياكى ئارىلىشىپ ياشاش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئۈچىنچى، مەھمۇد كاشغەرىي تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىدا كۆرۈلىدىغان تىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش، جۈملىدىن «كىرمە سۆز» مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان. جۈملىدىن «دىۋان» نىڭ كىرىش قىسمىدا «تۈركىي تىللارغا كېيىن كىرگەن سۆزلەرنى يازمىدىم» دەپ كۆرسىتىدۇ[27]. بۇنىڭدىن شۇنىسى ئېنىقكى، مەھمۇد كاشغەرىي ئون نەچچە يىل دالا تەكشۈرۈپ توپلىغان سۆزلەردىن قايسىسىنىڭ كىرمە سۆز، قايسىسىنىڭ تۈركىي سۆز ئىكەنلىكىگە توغرا ۋە ئىلمىي قاراشتا بولغان؛ ئەگەر بۇ ھەقتە ئۆلچەم بېكىتمىگەن بولسا، «دىۋان»دەك يىرىك ئەسەردىكى سۆزلەرنى ئىلمىي ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلالىشى قىيىن بولاتتى.

تۆتىنچى، مەھمۇد كاشغەرىي ئەينى دەۋردىكى قوش تىللىق ھادىسە ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، قوش تىل ئۆگىنىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغان. ئەينى دەۋردە «قارا خانىيلار قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، شەرقتىن ئەرەب-ئىسلام ئىمپېرىيەسىگە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. 11-ئەسىر شارائىتىدا، گەرچە سالجۇقىيلار ئەرەب خەلىپىلىكىدە زور تەسىرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قارا خانىيلارنىڭ تۈزۈمى سامانىيلار ۋە سالجۇقىيلارنىڭكىدىن ئىلغارراق ئىدى. ئەينى دەۋردىكى سىياسىي ئېھتىياج، ئىقتىسادىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى ئەرەب ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىمۇ، سىياسىي مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىمۇ، ھەتتا ئاھالىنىڭ بەزى قاتلىمىنىمۇ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە ھاجەتمەن قىلدى»[28]. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» نىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئەنە شۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇلار (ئەرەبلەر) گە تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق»لىقىنى، تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا تۈركىي تىلنى ئىككىنچى تىل قاتارىدا ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئەھمىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ[29]. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ «دىۋان»نى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئەڭ يېڭى ئۇسۇللار بىلەن تۈزگەنلىكىنى مۇنداق ئىخچام بايان قىلىدۇ: «سۆزلەرنى ئاسان تېپىشنى ۋە كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىخچاملاشتۇردۇم، ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنى ئالدىم، ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم»[30]. ئالىمنىڭ بۇ ئۇسۇلى بۈگۈنكى دەۋردىكى قوش تىل ئوقۇتۇشىدا مەلۇم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 4. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىققا قوشقان ئاساسلىق تۆھپىسى

مەھمۇد كاشغەرىي تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتى بىلەن ياۋروپالىقلاردىن 8-9 ئەسىر بۇرۇن ئۇچراشما تىلشۇناسلىققا ئاساس سالغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»ى ئۇچراشما

تىلشۇناسلىقنىڭ ئۇل تېشى ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇقەددىمە قىسمى ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بەلگە خاراكتېرلىك نادىر ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى تەتقىقاتىغا ئائىت ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل يىغىنچاقلىغان ۋە تەھلىل قىلغاندا ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، مەھمۇد كاشغەريي تىللار ئوتتۇرىسىدىكى مەنبەداش تەركىبلەرنى جەزملەشتۈرگەندە بىر قەدەر جانلىق ۋە ئۆزگىچە ئۆلچەم قوللانغان. ئۇ «دىۋان»دا دىيالېكت ۋە قېرىنداش تىللار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتى، قوش تىل ۋە ئۇنىڭ دەخلى، تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىدىن كېلىپ چىققان تاۋۇشلارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىق ھادىسىلەرنى ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ ماسلىق مۇناسىۋىتىنى مەنبەداشلىقنى جەزملەشتۈرۈشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلمىغان. ئۇنىڭ مەنبەداشلىقنى جەزملەشتۈرۈشى مەدەنىيەت ۋە مىللەت جەھەتتىكى دەلىل-ئىسپاتلارنىمۇ ئاساس قىلغان. مەھمۇد كاشغەريي جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشى، مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيەنىڭ تىل ھەم دىيالېكتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە دىققەت قىلغان. ئۇ يەنە تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالىغا دىققەت قىلغان ھەمدە تۈركىي تىللارنىڭ باشقا تىللار جۈملىدىن خەنزۇ تىلى، پارس تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىق تىللار بىلەن ئۇچرىشىش ئەھۋالىنى خاتىرىلىگەن. بۇلار مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەنبەداش تەركىبلەرنى بېكىتىشتىكى قوشۇمچە ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ [31].

ئىككىنچى، ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى ئاساسچىلىرى دەپ قارالغان ئالىملارغا سېلىشتۇرغاندا، مەھمۇد كاشغەريي تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە قوش تىل ھادىسىسىنى كۆپ نۇقتىدىن ئەتراپلىق كۆزەتكەن ۋە مۇھاكىمە قىلغان. «19- ئەسىردىكى ياۋروپا تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىرى ھەم ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى نەزەرىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلاردىن ھۇمبولت، شلەيخىر قاتارلىق ئالىملارنىڭ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىقى بىلەنلا گىرېك، لاتىن تىللىرىنىڭ مەنبەداشلىقىنى جەزملەشتۈرۈشى مېتودولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا تولۇق بولمىغان. ھازىر بىز باسقۇچلۇق تەھلىل ئۇسۇلى ئارقىلىق سانسكرىت تىلىنى گىرېك تىلى ۋە لاتىن تىلى بىلەن مەنبەداشلىقتا ئىگە، دېگەن يەكۈننى چىقىرىمىز. بۇنىڭ بىلەن 19- ئەسىردىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئۇسۇلى تولۇق بولغان دېگىلى بولمايدۇ»[32]. مەھمۇد كاشغەريي تاۋۇشلارنىڭ ماسلىقى بويىچىلا مەنبەداشلىقتا ھۆكۈم چىقارمىغان. «ئۇنىڭ ئۆلچىمى تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا دىققەت قىلىش ۋە قوش تىللىق ھادىسىلەرنى كۆزىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەھمۇد كاشغەريي تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىدىكى يادرولۇق مەسىلە يەنى قوش تىللىق ھادىسىنى مۇھاكىمە قىلغان. لېكىن قەدىمكى گىرېك، رىم دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىملار ئوخشاش تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى، قوش تىل، تاۋۇش ماسلىقى ۋە مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەھمۇد كاشغەرىيدەك پىكىر يۈرگۈزمىگەن. ھەتتا، 19- ئەسىردىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى، قوش تىل، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىقى ۋە مەنبەداشلىق ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلمىگەن. ھازىرقى زامان تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتتىن مەلۇمكى، قوش تىللىق ھادىسە تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىدىكى ھالقىلىق مەسىلە، شۇنداقلا تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلىشىدە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم تېما. بۇ جەھەتتە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەھمۇد كاشغەريي تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى تەتقىقاتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى»[33].

ئۈچىنچى، مەھمۇد كاشغەريي قوش تىل ئوقۇتۇشى يەنى تۈركىي تىلنى چەت ئەل تىلى قاتارىدا ئوقۇتۇش توغرىسىدىكى مېتودىنى تۇنجى بايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۈركىي تىلدا سۆزلەرنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ

www.uyghurkitap.com



ئۆتكەن ۋە سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشىغا دائىر مەلۇماتلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان [34].

ئۈچىنچى، مەھمۇد كاشغەرىي ئوتتۇرىغا قويغان «تىللارنىڭ ئۆچرىشىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشىمۇ تاۋۇشلاردىكى ماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەن قاراش ئەينى دەۋردىلا ئەمەس، 19 ـ ئەسىر تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ھەتتا ھازىرقى زامان ئۇچراشما تىلشۇناسلىقىدا يېڭى بىر نەزەرىيە ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى، مەھمۇد كاشغەرىي ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنلىرىدىن بولغان «تىل دەخلى»، ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان. «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قارىشىچە، پارسلار بىلەن ئارىلاشمىغان، چەت ئەللىكلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمىغان ۋە تۈركىي تىلدىن باشقا تىل بىلمەيدىغانلارنىڭ تىلى ئەڭ ساپ، ئەڭ ئوچۇق ۋە ئەڭ توغرا تۈركىي تىلدۇر. سوغداق، كەنچەك ۋە ئارغۇ قەبىلىلىرىدەك ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغانلارنىڭ تىلى بۇزۇلغان تىلدۇر. تولا بېرىش-كېلىش قىلىپ چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن خوتەنلىكلەرنىڭ ئايرىم تىلى ۋە يېزىقى بار، تۈركىي تىلدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ» [35]. ھازىرقى زامان ئۇچراشما تىلشۇناسلىقىنىڭ قارىشىچە، تىل دەخلى تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، قوش تىللىق كىشىلەرنىڭ نۇتقىدا ئۆلچەملىك تىلدىن چەتنەپ كېتىدىغان ئەھۋالدۇر. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغانلارنىڭ تىلى بۇزۇلغان تىلدۇر» دېگەن بايانى ئەمەلىيەتتە دەل «تىل دەخلى» بولۇپ، بۇ ئەھۋالنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىككىنچى تىلنى ئىشلەتكۈچىلەر ياكى شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلاش ياشايدىغانلارنىڭ نۇتقىدا ئۇچرىتىش مۇمكىن.

لۇشۇن ئەپەندى «ئەسلىي يەر يۈزىدە يول يوق ئىدى، كىشىلەر يول مېڭىشقا باشلىغاندىن كېيىن يول پەيدا بولغان» دېيدۇ. مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىلىم ساھەسىدە يول پەيدا بولغان. تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە رىقابىتى 10 ـ ئەسىردىلا باشلانغان. ئەينى ۋاقىتتا ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا سافاۋىي خاندانلىقى، سامانىيلار خاندانلىقى قاتارلىق فېئودallىق سۈيۈرغال ھاكىمىيەتلەر بارلىققا كەلگەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ھاكىمىيەتلەر ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر قۇرغان سالجۇقىيلار خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئالماشقان. نەتىجىدە ئەرەب خەلىپىسىنىڭ پايتەختى باغدادتا ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە بولغىنى ئاۋۋال ئەرەبلەر، كېيىن پارسلار، ئەڭ ئاخىرىدا تۈركلەر بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئەنە شۇنداق «تەڭرى دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغان ۋە پەلەكنىمۇ شۇلار ئۈستىدە چۆرگىلەتكەن» [36] دەۋردە «تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېتىۋاتقان» لىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى يازغان. ناھايىتى ئېنىقكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبلەر ۋە تۈركىي تىلنى بىلمەيدىغانلارغا تۈركىي تىلىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، ئۇنىڭ تېخىمۇ زور تىلشۇناسلىق قىممىتى شۇ يەردىكى، «دىۋان»دا تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلى تۇنجى قېتىم سېلىشتۇرۇلۇپ، ئىككى تىلىنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە تەسىرى ھەققىدىكى تەتقىقات باشلاپ بېرىلگەن [37].

ھەرقانداق دەريا باش ئېقىن ۋە ئۇنىڭغا ئىلگىرى-كېيىن قوشۇلىدىغان چوڭ-كىچىك ئېقىن بىلەن ھاسىل بولىدۇ ۋە زورىيىپ بارىدۇ. تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ھەققىدىكى تەتقىقات نۇرغۇن ئىدىيە ۋە قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە تۈرتكىسىدە زورىيىپ بۈگۈنكى كۈندىكى «ئۇچراشما تىلشۇناسلىق» دېگەن پەن بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ پەن ساھەسىدىكى ئەھۋالنى يۇقىرىدىكىدەك مەلۇم بىر دەريانىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئوخشىتىپ بايان قىلىش مۇمكىن. يەنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ھەققىدىكى

ئىدىيەسى ۋە ئاساسلىق تۆھپىسى ئۇچراشما تىلشۇناسلىق پېنىنىڭ باش ئېقىنى بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۇمبولت، شىلەيخىر قاتارلىق تىلشۇناسلارنىڭ ئالاقىدار قاراشلىرى ۋە نەزەرىيەلىرى بۇ باش ئېقىنغا قوشۇلغان چوڭ-كىچىك ئېقىنلار ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، كېيىنكى ۋېينرىيچ، ۋىنفورد دونالد قاتارلىق زامانىۋى ئۇچراشما تىلشۇناسلارنىڭ نەزەرىيەلىرى بۇ ئېقىننىڭ زورىيىپ دەرياغا ئايلىنىشىدا مۇھىم بولغان نەزەرىيە ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالاقىدار ئىدىيەسى ۋە نەتىجىسى دەۋر چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن كېيىنكى تىل تەتقىقاتىغا، بولۇپمۇ 19- ئەسىردىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىرىنىڭ تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. لېكىن، ئۇنىڭ تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئائىت تەتقىقات ئىدىيەسىنى ھۇمبولت، شىلەيخىر قاتارلىق ئالىملارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەتتا ھازىرقى زامان ئۇچراشما تىلشۇناسلىرىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان ۋېينرىيچنىڭ نەزەرىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلى كۆپ ئوخشاشلىقلا ئىگە. مانا بۇ مەھمۇد كاشغەرىينى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى دېيىشىمىزدىكى مۇھىم دەلىل.

## 5. قىسقىچە خۇلاسە

«دىۋان»دىن مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي تىلشۇناسلىقتا، جۈملىدىن ئۇچراشما تىلشۇناسلىقتا زور تۆھپە قوشقان. بۇنى يۇقىرىقى بايان ۋە مۇلاھىزىلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ۋەھالەنكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىقتا قوشقان تۆھپىسى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ يېتەرلىك ئىسپاتلار بىلەن دەلىللەشتە، بۇ ھەقتىكى ماكرو ۋە مىكرو تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ئىكەنلىكى ئېلىمىزدە ۋە خەلقئارادا تېزرەك ئېتىراپ قىلىنىپ، تىلشۇناسلىق تارىخىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالالايدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭ ئۇچراشما تىلشۇناسلىق ئىدىيەسىگە تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ۋارىسلىق قىلغان بولىمىز.

يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم، پىروفېسسور ئارسلان ئابدۇللانىڭ «غەربىي دىياردىكى تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە تەسىرى» دېگەن دەرسىنى ئوقۇش جەريانىدا، بۇ ماقالە ئۈچۈن كۆپ بىلىم ۋە ئىلھام ئالدىم. بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

## ئىزاھلار

[1] خۇاڭ گويىڭ: «ئابىدە، خەزىنە ۋە بېشارەت»، شىنجاڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن : «مەھمۇد قەشقەرىي ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى» (ماقالىلەر توپلىمى)غا كىرگۈزۈلگەن. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2008- يىلى 158-،161- بەتلەر.

[2]乌买尔 · 达吾提：《麻赫穆德 · 喀什葛里与比较语言学》，新疆大学学报，2011（3）.

[3][33]陈保亚：《麻赫穆德 · 喀什葛里在历史语言学上的两个贡献》，新疆大学学报，2006 (4) .

[4][12] Winford Donal An Introduction to Contact Linguistics, Blackwell publishing, 2003。

[5][7][9][10][11] [22] 张兴权：《接触语言学》，北京:商务印书馆，2012，前言，4，5，6，7，199页.

[6]王远新：《语言理论与语言学方法论》，北京:教育科学出版社，2006，68，102.

[8]Weinreich,Urier1966 (New York) Languages in Contact: Finding and Problems, London the Hugue Paris:Mounton & CO.

[13][32 ] 陈保亚：《论语言接触与语言联盟》，北京 :语文出版社，1996，107 .

[14]袁焱：《语言接触与语言演变》，北京:民族出版社，2001.

[15]薛才德：《语言接触与语言比较》，上海:学林出版社.

www.uyghurkitap.com



[16]邹嘉彦，游汝杰：《语言接触论集》，上海:上海教育出版社，2004.

[17] [23][吴安其：《语言接触对语言演变的影响》，民族语文 2004 （1）.

[18]陈原：《社会语言学》，北京:商务印书馆，2000.

[19]戴庆夏：《社会语言学》，北京：商务印书馆，2004.

[20]祝畹瑾：《社会语言学概论》，长沙:湖南教育出版社，1992.

[21]叶蜚声，徐通锵：《语言学纲要》，北京:北京大学出版社，1997.

[24][25][26][27][28] [29] [30][36] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008- يىلى، 1- توم. 26-، 27-، 32-، 7-، 8-، 1-، 6-، 4-بەتلەر.

[31] ئۆمەر داۋۇت، «تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل بىلەن ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2009- يىللىق 3- سان.

[34] «دىۋان» 1- توم، ‹yanidi› سۆزلىمىگە قارالسۇن.

[35] شۈكرۈ خالۇق ئاكالىن:«مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن: مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، ئەركىن ئارىز تەرجىمىسى، 2009- يىلى. 81-، 82- بەتلەر.

[37]阿尔斯兰·阿布都拉：《西域语言的接触与影响》， 国家社科基金结项成果（电子版）2012。

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 6 ـ 011 ـ 03(2012) 5878 ـ 1005

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بايان قىلىنغان قەدىمكى شەھەرلەر*

ئالىمجان مەخسۇت مىمار، ئادىلە ئالىمجان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىناكارلىق ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830008)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت كاشغەرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار، بۇ رايونلاردىكى شەھەرلەر، مۇھىم يېزا ـ قىشلاقلار، قاتناش تۈگۈنلىرى ۋە تاغ ـ ئىدىرلارغا مۇناسىۋەتلىك ناملارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك تونۇشتۇرۇشلار بېرىلگەن. ھەتتا بەزى تارىخىي ۋەقەلەرگە بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا يەنە بەزى يەر ـ جاي ناملىرىمۇ ھېكايە قىلىنغان ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، «دىۋان»دا يەنە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇللىرى، مۇزىكا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، ئولتۇراق ئۆيلىرى، قەلئە ـ سېپىللىرى قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخنى چۈشىنىشىمىزدە كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە، «دىۋان»دىكى شەھەرگە ئائىت بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى بىنا قىلغانلىقى ۋە شەھەر بىنا قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要：** 麻赫穆德·喀什噶里的名著《突厥语大辞典》中记述了当时突厥一些部落居住的地区及其四界，对这些地区内的城市、重要村镇、交通枢纽和山川的名称都有介绍，甚至还结合某一历史事件举出了与一些地名有关的传闻掌故。并提到了许多当时维吾尔人和其他突厥部落人民的物质及文化生活有关的重要资料。此外，词典中还讲到突厥各部落人民喜爱的食品饮料及其制作加工方法，提到乐器、居室、城郭的形制等等。这一些对于了解当时突厥人的日常生活，都是不可缺少的材料。本文简要的论述了《突厥语大辞典》提到的维吾尔人在中亚地区建成的城市以及城市建设中的积极作用。

**Abstract:** The masterpiece of Mahmud al-Kashgari — "Compendium of the Turkic Dialects", contains a lot of information such as: some Turkic tribes and their surroundings, names of their cities, strongholds, transport hubs and landscapes. Also, some of the important historical events are combined and introduced with names of places. It also provides us with some clues of cultural and material exchanges between Uyghur people and other Turkic tribes. Besides, it also introduces recipes of Turkic peoples' favorite foods and beverages, their musical instruments, room decorations and arts on the city walls. It is strongly believed that this dictionary provides essential information to help us discover their daily routine at that time. This thesis introduces ancient cities which had been built by Uyghur people around Central Asia, and their positive contributions in those cities.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K928.70　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. سۆز بېشى

ھازىرقى چوڭ شەھەرلەر ۋە ياكى كىچىك شەھەرلەر بولسۇن ئەسلىدىنلا شەھەر بولماستىن

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئالىمجان مەخسۇت (1957 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، بىناكارلىق نەزەرىيەسى ۋە تارىخى، يەرلىك بىناكارلىق تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



كىچىك بىر كەنتتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ كىچىك كەنتلەر كۆپ ئەسىرلىك تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئېشىشى، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، بازارلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەمدە تەدرىجىي سانائەت، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىي مائارىپ، ئۇچۇر، بازار، پۇل مۇئامىلە، قاتناش ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت قاتارلىق ساھەلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە كەنتلەر يېزىغا، يېزىلار بازارغا، بازارلار كىچىك شەھەرگە، كىچىك شەھەرلەر چوڭ شەھەرگە تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، لېكىن بۇ شەھەلەر نۇرغۇن ئىچكى-تاشقى سەۋەبلەر ۋە ھەر خىل تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن خارابلاشقان، بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. 11- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت كاشغەرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »تە قاراخانىيلار تېررىتورىيەسى تەۋەسىدە بارلىققا كەلگەن شەھەرلەردىن 30 نەچچىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بېشبالىق، قوچۇ، قەشقەر، ئۇدۇن، بالاساغۇن، بۇخارا، تاشكەنت(شاش)، سەمەرقەنتتىن ئىبارەت بىرقانچە چوڭ شەھەر ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغان. بۇلاردىن بەزىلىرى خارابىلىققا ئايلانغان بولسىمۇ، بەزىلىرى ھېلى-ھەم ئىقتىساد تەرەققىي تاپقان، مەدەنىيەت گۈللەنگەن، سودا-سېتىق روناق تاپقان، شەھەر قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى تاكامۇللاشقان، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاۋات مەركىزىي شەھەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

بۈيۈك دۇنياۋى ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ كىرىش سۆزىدە « «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي سېلىشتۇرما لۇغەت بولماستىن، بەلكى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم-پەن، سەنئەت ساھالىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت، سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپەۋى، ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر»( I توم كىرىش سۆز 18-بەت) دەپ باھا بېرىلگەن. دېمەك، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» تۈرك تىلى بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئىزاھلىق سېلىشتۇرما لۇغىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، مەدەنىي تۇرمۇشى، جۇغراپىيەلىك ئولتۇراقلاشقان جايلىرى، تارىخىي مۇناسىۋەتلىرى ھەم ئاسترونومىيە، ھەربىي ئىشلار، فولكلور، دورىگەرلىك، پەلسەپە قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، يەر-جاي ناملىرى، شەھەر مەدەنىيىتى، ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى، بىناكارلىقى، قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭ ھەممە ساھالىرى تەپسىلىي خاتىرلەنگەن دۇنياۋى قامۇستۇر.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولۇپ، دىنىي ئېتىقادى يېڭىلانغان، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلىرى يۈكسەلگەن دەۋر ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىتتا ئاۋامنىڭ تۇرالغۇلىرى، ئاممىۋى سورۇن قۇرۇلۇشلىرى، قاراخانىلارنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى، جايلاشقان ئوردا-قەسىرلەر ۋە شەھەر مۇئەسسەسەلىرى، بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە زامان ۋە ماكانغا خاس ئۇسلۇب بىلەن تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل سۇلالە شەھەرلىرىدە ئۆزگىچە «شەھەر مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلگەنىدى. قەشقەر (ئوردۇ كەنت)، بارچۇق، بالاساغۇن، بېشبالىق، قوچۇ، سەمەرقەند، ياركەند، ئىلابالىق (ئىلى شەھىرى) قاتارلىق مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركەزلىرى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلىرى بىلەن يىراق-يېقىنغا تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ دەۋرلەردە تامچىلىق، تاش ئويمىچىلىق، سىرچىلىق، ئەينەكچىلىك ھۈنەر-كەسىپلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۆي-ئىمارەتلەر مەيلى ئىشلىتىلىشچانلىق ۋە ياكى ئىستېتىك قىممەت جەھەتتىن بولسۇن كىشىلەرنىڭ ھەر خىل تەلەپلىرىنى قاندۇرالايدىغان دەرىجىدىكى ياسىلىش سەۋىيىسىگە يەتكەنىدى.

«دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا شەھەر-قورغان سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدىمۇ بەزى مەلۇماتلار بار ( I توم كىرىش سۆز 23-بەت).

## 2. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بايان قىلىنغان شەھەر، جايناملىرى

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭI توم ۋە IIIتومغىچە كىرگۈزۈلگەن قەلئە، قورغان، شەھەر ۋە شەھەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقىسىم ئاتالغۇلارنى «دىۋان»دىكى تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ.

(1) «uq»-ئۇچ، مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى(ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ قەدىمكى نامى. هازىرقى ئاقچى ناھىيەسى جايلاشقان يەر «ئۇچ» دەپ ئاتىلىدۇ. يازما نۇسخا 256- بەتتە - ئۇچ شەھىرىدىكى بىر دەريا دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ دەريا ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. هازىرمۇ «توشقان دەرياسى»دەپ ئاتىلىدۇ، I توم 49-بەت).

(2)« ulux »يېزا، قىشلاق، چىگىلچە. بالاساغۇن بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئارغۇ شەھەرلىرىدە ياشىغۇچى خەلقلەر تىلىدا «ئۇلۇش»شەھەر دېمەكتۇر، شۇڭا بالاساغۇن شەھىرىمۇ « ĸuz ulux » دېيىلىدۇ I (توم 85-بەت).

(3) «üdün» ئۇدۇن خوتەن شەھىرىنىڭ نامى. خوتەندە ياشىغۇچىلارمۇ «üdün»دېيىلىدۇ. (هازىرقى خوتەن«ئىلچى» دەپ ئاتالغان شەھەرنىڭ ئەسلى نامى«üdün»، شۇڭا خەنزۇچە مەنبەلەردە «于阗» دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلغان، كېيىنرەك«üdün»سۆزى«нüdün» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ بارا - بارا «خوتەن»بولۇپ كەتكەن، ( I توم 104-بەت).

(4) «otluĸ» ئوتلۇق. تالاس يېنىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى( I توم 133-بەت).

(5) «ordu» ئوردا خان شەھىرى. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى «ordu kə nd - ئوردۇ كەنت» دېيىلىدۇ( I توم 168-بەت).

(6) «ordu» ئوردۇ. بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر. بالاساغۇن شەھىرىمۇ «ĸuz ordu - قۇز ئوردۇ» دېيىلىدۇ( I توم 168-بەت).

(7) «axïqan » ئاشىچان. چىنغا بارىدىغان يول ئۈستىدە قونۇپ ئۆتىدىغان بىر شەھەر( I توم 186-بەت).

(8) « tϋrk » تۈرك شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى( I توم 455-بەت).

(9) «bϋgϋr» بۈگۈر كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا( I توم 468-بەت).

(10) « talas» تالاس « tïraz » دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر ئىككى بولۇپ، «uluq talas - چوڭ تالاس» دېيىلىدۇ، يەنە بىرى مۇسۇلمانلار چېگرىسىدا بولۇپ، k əmi talas- كىچىك تالاس» دېيىلىدۇ ( I توم 474 -بەت).

(11) «balïĸ» ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە. شۇڭا ئەڭ چوڭ شەھەرلەردىن بىرى «bax balïĸ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ «بەش شەھەر» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر شەھىرى«yaŋïbalïĸ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ «يېڭى شەھەر» دېگەن بولىدۇ( I توم 491-بەت).

(12) «kϋsən» كۆسەن كۇچا دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى، بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان( I توم 526-بەت).

(13) «sapran» ساپران ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى( I توم 568-بەت).

(14) 《nïshas》ساخسىن بولغارلارغا يېقىن بىر شەھەر. بۇ شەھەر《rawūs-سۇۋار》مۇ دېيىلىدۇ ( I توم 569-بەت).

(15) «taxkən»تاشكەنت، شاش شەھىرىنىڭ نامى، ئەسلى نامى«tax kənd» بولۇپ «تاش شەھەر» دېمەكتۇر( I توم 577-بەت).

(16) «sitkϋn» سىتكۈن ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى( I توم 577-بەت).

(17) «bulqar» بۇلغار هەممىگە تونۇلغان بىر

www.uyghurkitap.com



تۈرك شەھىرى( I توم 596-بەت).

(18) «kəxmir» كەشمىر تۈرك ئەللىرىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بىر شەھەر، بۇشەھەرنى تەگرى يارلىق قىلغۇچى سۇلايمان پەيغەمبەر سالدۇرغان ( I توم 597-بەت).

(19)«barquк» بارچۇق. ئافراسىياپ قۇرغان شەھەر (بارچۇق-ھازىرقى مارالبېشىنىڭ ئەسلىي نامى. بۇ نام خەنزۇ تىلىدا تا بۈگۈنگىچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە « bachu — 巴楚» شەكلىدە ساقلانغان، I توم 608-بەت).

(20) 《uratк》تارتۇق. ياغما يۇرتىدا بىر شەھەرنىڭ نامى( I توم 611-بەت).

(21) 《usoqanк》سۇغناق. ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى( I توم 616-بەت).

(22) 《кarnaк》قانراق. ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى( I توم 618-بەت).

(23) «kənqək sənir» كەنچەك سەگىز. تىرازغا يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى. بۇ يەر قىپچاق چېگرىسىدا ( I توم 626-بەت).

(24) «səkirmə» سەكرىمە خوتەن يولىدىكى كىچىك بىر شەھەرنىڭ نامى( I توم 638-بەت).

(25) 《кraoqalïoq》قارغالىغ. تىراز شەھىرىگە يېقىن بىر قەلئەنىڭ نامى. ئەسلىي 《кraoqalïoq》دۇر ( I توم 638-بەت).

(26) «yafoqu» يابغۇ بارسغانغا يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئېتى. بۇ شەھەرگە يېقىن بىر داۋانمۇ « yafoqu art ـ يابغۇ ئارت» دېيىلىدۇ( IIIتوم 41-بەت).

(27) «кaz» ئافراسىيابنىڭ قىزىنىڭ ئېتى بولۇپ «кaz wün ـ قازۋىن» شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «кaz oyni ـ قاز ئويۇنى» دۇر. چۈنكى ئۇ قىز شۇ يەردە تۇراتتى ۋە ئوينايتتى، شۇڭا بەزى تۈركلەر «кaz wün ـ قازۋىن»نى تۈرك ئېلىنىڭ چېگرىلىرىدىن بىرى ھېسابلايدۇ. « кum ـقۇم» شەھىرىنىمۇ چېگرا ھېسابلايدۇ. چۈنكى « кum ـ قۇم» تۈركچە سۆزدۇر. ئافراسىيابنىڭ قىزى بۇ يەردە دائىم ئوۋ ئوۋلايتى. بەزىلەر « mərwəx xaнijan ـ مەرۋەششاھىجان» شەھىرىنىمۇ تۈرك چېگرىسىدىكى شەھەر ھېسابلايدۇ. چۈنكى قىزنىڭ ئاتىسى «alp ∂r toŋa ـ توڭا ئالىپ ئەر» ئاشۇ ئافراسىيابنىڭ ئۆزىدۇر. ئافراسىياب « t∂mн"ur∂s ـ تەمھۇرەس » تىن ئۈچ يۈز يىل كېيىن « m∂rw ـمەرۋە » شەھىرىنى بىنا قىلغان، بەزىلەر پۈتۈن maw∂r∂unn∂нr ـ ماۋەرەئۇننەھىر شەھىرى » نى تۈرك ئېلى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ « yənkənd ـيەنكەنت » تىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئېتى « diz ruyin ـ مىس شەھىرى» دۇر. ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكىگە قاراپ شۇنداق دېيىلگەن. بۇ « buhara ـ بۇخارا» غا يېقىن. بۇ يەردە ئافراسىيابنىڭ قىزى قازنىڭ ئېرى « siyawux ـ سىياۋۇش» ئۆلتۈرۈلگەن. مەجۇسىيلەر ھەر يىلى بىر كۈن بۇ يەرگە كېلىپ «siyawux» ئۆلگەن جايدا يىغلىشىدۇ، قۇربانلىق قىلىپ، قېنىنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئېقىتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ قالغان. پۈتۈن«maw∂r∂unn∂нr»، «yənkənd» دىن شەرقىچە بولغان يەرلەرنى تۈرك شەھەرلىرى دېيىشىمىزنىڭ دەلىلى شۇكى، «səm∂rкənd ـ سەمەرقەند» «səmiz kənd ـ سەمىز كەند» دەپ ئاتىلىدۇ. « xax ـ شاش» «taxkənd ـ تاشكەند» دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك، «θzkənd ـ ئۆزكەند»، «tünkənd ـ تۈنكەند» دېگەن ناملارمۇ بار. بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتى تۈركچە «شەھەر» مەنىسىدىكى «kənd ـ كەنت» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان. تۈركلەر بۇ شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ ئۆزلىرى ئات قويغان. بۇ ئاتلار ھازىرغىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ. بۇ يەرلەردە پارسلار كۆپەيگەندىن كېيىن، ئۇلار ئەجەم شەھەرلىرىگە ئوخشاپ قالغان. ھازىر پۈتۈن تۈرك ئېلىنىڭ چېگرىسى «abisgün ـ كاسپىي» دېڭىزى بىلەن ئايلىنىپ، رۇم ئېلىدىن ۋە « θzq∂nd ـ ئۆزچەنت» تىن چىنغىچە سوزۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى بەش مىڭ پەرسەخ، ئېنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ، ھەممىسى سەككىز مىڭ پەرسەخدۇر(IIIتوم 204-، 206-بەتلەر).

(28) « mank∂nd » مانكەنت. قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئېتى. كېيىن خاراب بولغان (بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرغىچە «m∂ŋg∂n ، mank∂nd» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە، شۇ شەھەر يېنىدىكى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئېچى

مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ، III توم 215 ــ بەت).

(29) «kayas» قاياس. توخسى ۋە چىگىل شەھەرلىرىنىڭ ئىچى. ئۈچ قورغان مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ(IIIتوم 236-بەت).

(30)«sayram» سايرام. «ïspïjab - ئىسپىجاپ» دەپمۇ ئاتىلىدىغان «bəyza- بەيزا » شەھىرىنىڭ ئىچىمۇ «sayram» دېيىلىدۇ( IIIتوم 243-بەت).

(31) «koqu» قوچۇ. ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئىچى. بەزىدە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ( IIIتوم 302 - بەت ۋە327-بەت).

(32) «balu» بالۇ. ئارغۇلاردا كىچىك بىر شەھەرنىڭ نامى( IIIتوم 319-بەت).

(33) «kiŋüt» كىڭۈت. ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى( IIIتوم 495-بەت).

(34) «yuŋu» يۇڭۇ. « barman- بارمان» شەھەرچىسىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى. بۇ شەھەرنى ئافراسىيابنىڭ ئوغلى شۇ دەريانىڭ بويىغا قۇرغان. قۇرغۇچىنىڭ ئىسمى «barman- بارمان»بولۇپ، شەھەر شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ رۇم ئېلىنىڭ تەگرى يارلىق قىلغان ئىسھاق پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئىسونىڭ ئۆز ئوغلى رۇمنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغىنىغا ئوخشاش( IIIتوم 503 ــ، 504-بەت).

(35) «yafïnq» يافىنچ. «ïla» ئىلى يېنىدىكى بىر كىچىك شەھەرنىڭ نامى( IIIتوم 511-بەت).

(36) «koqŋar baxï» قوچقار بېشى. بىر شەھەرنىڭ نامى(IIIتوم 521-بەت).

(37) «barsoɣan» بارسغان. ئافراسىيابنىڭ ئوغلىنىڭ ئىچى. بارسغان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ مەھمۇتنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر. بەزىلەر ئۇيغۇر خانىنىڭ بارسغان دېگەن بىر ئاتباقارى بار ئىدى، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغاچقا، ئۇ ئاتلارنى شۇ يەردە باقاتتى، كېيىنچە بۇ ئىسىم بۇ يەرگە نام بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ (III توم 569 ــ، 570-بەت).

## 3. قىسقىچە مۇلاھىزە

يۇقىرىدا «دىۋان»دا بايان قىلىنغان شەھەر ناملىرىنىڭ بەزىلىرى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بولسا، بەزىلىرى كىشى ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بولۇپمۇ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىن تەۋەسىدىكى بۇ شەھەرلەرنى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قوۋملارنىڭ بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى «دىۋان»دا ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بالاساغۇن، بېشبالىق، ئوردۇ بالىق، تاشكەند، سەمەرقەندكە ئوخشاش تا بۇگۈنگىچە نامى ئۆچمەي كېلىۋاتقان شەھەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇنيا قەدىمكى مەدەنىيەت بوشۇقلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان ئوتتۇرا ئاسىيادا شانلىق نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەھەرلىشىش تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ دەل « قەشقەرنىڭ تارىخىي موسكۋانىڭ تارىخىدىن مىڭ يىللار بۇرۇن، بىز رۇسلار ياكى سلاۋيانلار موسكۋا شەھىرىنى بەرپا قىلىپ ئەمدىلا ئورمان ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سلاۋيان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ۋاقىتىمىزدا، ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان شەھەرلىشىپ بولغان، شانلىق-يۇقىرى مەدەنىيەت ھاياتىدا ئىدى» (ۋاسلىيېۋ، رۇسىيە)[1]. «ئۇيغۇرلار قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان شەھەر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى» (س. مالوف، رۇسىيە)[2] دېگەنلىرىنىڭ دەلىلىدۇر. لېكىن، بۇ شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى، ئالاھىدىلىكى ۋە بىر قىسمىنىڭ ھازىرقى ئورنى بىزگە تازا مەلۇم ئەمەس، مەسىلەن«səkirmə»سەكرمە، «sitkün» سىتكۈن قاتارلىق بىرقانچە شەھەرلەرنىڭ نامى«دىۋان»دا خاتىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ شەھەرلەرنىڭ ھازىرقى ئورنى بىزگە نامەلۇم. «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن بۇ شەھەرلەر ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى دەۋرلەرگە خاس شەھەرلەر بولۇپ، بۇ دەۋردە رايونىمىز تەۋەسىدىكى بىرقىسىم جايلاردىكى ئۇيغۇرلار تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا

www.uyghurkitap.com



مەۋجۇت بولغان شەھەرلەردىن (ئالمالىق قەدىمىي شەھىرى، كىروران قەدىمىي شەھىرى، مىران قەدىمىي شەھىرى)، قاتارلىقلار «دىۋان»دا بايان قىلىنمىغان. «دىۋان»دا ئۇدۇن قەيت قىلىنىپ يوتقان قەدىمىي شەھىرى ۋە نىيە قەدىمىي شەھىرىنىڭ قەيت قىلىنمىغانلىقىغا؛ قوچۇ(ئىدىقۇت)نىڭ قەيت قىلىنىپ يارغۇل قەدىمىي شەھىرىنىڭ قەيت قىلىنمىغىنىغا قارىغاندا، بۇ شەھەرلەر ئەينى ۋاقىتتىلا خارابىلىشىپ كەتكەنمۇ قانداق؟ بۇلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان تېمىلاردۇر.

«دىۋان»دا بايان قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى «يىپەك يولى»نىڭ شىنجاڭ بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنى قوغداش، شەھەر مەدەنىيىتى، شەھەر تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## ئىزاھلار

[1][2] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2006 -يىلى 5- سان 70-بەت.

## پايدىلانمىلار

1. مەھمۇد قاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I، II، III توم.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 017 ـ 03 (2012) 5878 ـ 1005

# مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ مىللىيلىقى ھەققىدە*

## ئەخمەت سەيدۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** مەدەنىيىتى يوق مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى بولمايدۇ، مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچى، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى گۈلىستانى. مەدەنىيەتنى قانداق بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدۇ. مەدەنىيەت ئالدى بىلەن مىللىيلىققا ئىگە بولىدۇ، مىللىي مەدەنىيەتتە ئېسىل تەركىبلەرگىلا ۋارىسلىق قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت ئەللەرنىڭ دۇنياۋى ئىلغار مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىشمۇ، سىرتقا قارىتا ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىقىرىشمۇ بولىدۇ. بۇ ماقالىدە مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر توغرىلىق قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 民族没有文化，就没有凝聚力。文化是民族的生命力，是人民的精神花园，如何创造和发展文化，是决定着一个国家和民族的前途。文化首先是具有民族性的，在民族文化中，只能继承其优秀成分。同时，既有大胆引进世界性较强的国外先进文化成分，又有积极主动地对外输出自己的优秀传统文化成分。本文简要论述有关文化及其民族性的一些问题。

**Abstract:** Without its own culture, there would be no cohesion for a nation. The culture means both life and spirit for people. It is considered as the key matter to the future for any nationality. The culture not only needs to show its nationality, but also inherits its advantages. Meanwhile, it also needs to import advanced cultural elements from foreign culture, and positively export the same to them. This paper briefly discusses some issues about culture and its nationality.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122 ماتېرىيال بەلگىسى: A

«مەدەنىيەت» — بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ تارىخى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، ھەرىكەت مىزانلىرى، تەپەككۇر شەكلى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

«مەدەنىيەت» ئىنتايىن كەڭ مەنىگە ئىگە ئۇقۇم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا ئېنىق ۋە توغرا تەبىر بېرىش ناھايىتى قىيىن. ئۇزۇندىن بېرى نۇرغۇن پەيلاسوپلار، جەمئىيەتشۇناسلار، تارىخشۇناسلار ۋە تىلشۇناسلار ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان پەن نۇقتىسىدىن «مەدەنىيەت» دېگەن بۇ چۈشەنچىگە تەبىر بېرىشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. لېكىن، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ھەممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك تەبىرى مەيدانغا كەلگىنى يوق.

مەدەنىيەت بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ قان تومۇرى، روھى ۋە جېنى، مەدەنىيىتى بولمىغان مىللەتنىڭ ئىچكى تارتىش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش مەنبەسى بولمايدۇ. بىز مەدەنىيەتنى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدىكى مۇھىم ئامىل دەپ قارايمىز. بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، كىم مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلىسە، شۇ قۇدرەتلىك بولغان مەدەنىيەت يۇمشاق كۈچكە ئىگە بولالايدۇ، خەلقئارادىكى كۈچلۈك رىقابەتتە تەشەببۇسكارلىققا ئىگە بولالايدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىقى مەسىلىسى ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا ئىزچىل مۇنازىرە قىلىنىپ كېلىۋاتقان، خىلمۇخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. «ئورنىنى ئېلىش نەزەرىيەسى»، «بىرلىشىشكە يۈزلىنىش نەزەرىيەسى»،

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان.

**ئاپتور:** ئەخمەت سەيدۇللا (1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، بالىلار ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



«قايتا بەرپا قىلىش نەرەبىيەسى» قاتارلىقلار بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق قاراشلاردۇر. تۆۋەندە، مۇشۇ ئۈچ خىل قاراشقا بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىقى، ئالاھىدىلىكى، مەنسۇبىيىتى ۋە ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## 1. مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىقى گەۋدىلىك بولىدۇ

1) مەدەنىيەت ھەم مىللىي، ھەم دۇنياۋى بولىدۇ. مىللىيلىق دۇنياۋىلىق دېگەنلىكمۇ؟ بۇ سوئالغا ئالدى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ «مىللىيلىق دۇنياۋىلىق دېمەكتۇر» دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ. چۈنكى، دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھەر قانداق مەدەنىيەت مەلۇم بىر جايدىن باشلىنىدۇ، ئاندىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىدۇ ـ دە، باشقا مىللەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە بەھرىمەن بولۇشىغا ئېرىشىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ «ئىگىسى»نى بىلگىلى بولمايدىغان ئورتاق مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، دىن، يېزىق، كالېندار ۋە رەقەملەر، تۆرلۈك ئۆلچەم بىرلىكلىرى. . . دېگەندەكلەر مانا مۇشۇ تۈردىكى مەدەنىيەتكە كىرىدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق مەدەنىيەتلەرنىڭ قايسى جايدا، قايسى مىللەت تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغانلىقىنى ئېنىق بىر پاكىت بىلەن يەكۈنلەپ چىقىشمۇ قىيىن بولماقتا. شۇنداقتىمۇ ھەر قانداق مەدەنىيەت كونكرېت جاي، كونكرېت مىللەت تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنىپ ۋە تارقىلىپ، ئاندىن مىللەت ياكى دۆلەت ھالقىپ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، يەنى مىللىيلىقتىن دۇنياۋىلىققا ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردە مىللىيلىق ئالدىدا، دۇنياۋىلىق ئارقىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇشىدىن ساقلىنىش قىيىن. نەتىجىسىدىن قارىغاندا، دۇنياۋىلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغىنى مىللىيلىق، ھېچبولمىغاندا كېلىپ چىقىش ۋە باشلىنىش جەھەتتە شۇنداق بولىدۇ.

بۇ سوئالغا يەنە ئىنكار جاۋاب بېرىشكە، يەنى مىللىيلىق دۇنياۋى بولۇشى ناتايىن دەپ جاۋاب بېرىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەزى مەدەنىيەتلەرنى بەزى مىللەتلەر كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، خىلمۇخىل سەۋەبلەر (مەسىلەن، پۇرسەت، ئىجادچانلىق، ماسلىشىش، قىممەت قارىشى، ھوقۇق ئېڭى قاتارلىقلار) تۈپەيلىدىن مەڭگۈ شۇ مىللەت دائىرىسىدىلا قوللىنىلىدۇ، ئىستېمالدىن قالغاندىن كېيىنمۇ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىپ دۇنياۋىيلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودا يىراق قەدىمكى زامانلاردىن «4 ـ ماي»غىچە داۋاملاشقان ئاياللارنى خورلاش ئاساسىدا پەيدا بولغان خوتۇن ـ قىزلارنىڭ پۇتىنى تېڭىش مەدەنىيىتى، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت جەۋھىرى ھېسابلانغان جىڭجۈي تىياتىرى قاتارلىقلار ھېلىھەم دۇنياۋىيلىققا ئايلانمىدى. ئەگەر ياۋروپانى كۆزدە تۇتقاندا، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ھۆسن خەت ۋە رەسىم سەنئىتى تېخىچە غەرب جەمئىيىتىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغىنى يوق.

بۇ سوئالغا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىنكار قىلىش نۇقتىسىدىن جاۋاب بېرىلىشىدىكى سەۋەب، «قانچىكى مىللىي (يەرلىك) بولسا شۇنچە دۇنياۋى بولىدۇ» دېيىدىغان سوئالغا تەبىئىي پەن سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندەك «ھەئە» ياكى «ياق» دەپلا جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت نۇقتىسىدىن مىللىيلىق ۋە دۇنياۋىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۇنداق ياكى مۇنداق تەسىرلەردىن خالىي بولۇشى، پەقەتلا ئۇ بىر خىل جاۋاب، يەنى راست ياكى يالغان، خاتا ياكى توغرا ھۆكۈم دەپ ھېسابلىنىشى لازىم. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي ئەھۋال نەزەرگە ئېلىنىشى، ھەر بىر دەۋر ۋە ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى شەرتى، مەقسىتى ۋە غەرىزى نەزەرگە ئېلىنىشى لازىم.

ماركس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دە، كاپىتالىزمنىڭ ئەرزان باھالىق تاۋارلىرى دۇنيانىڭ بازىرىنى ئاچقانلىقىنى، ئىلگىرىكى يېپىق جايلار ۋە مىللەتلەرمۇ ئۇنىڭغا ئېلىپ كىرىلگەنلىكىنى، نەتىجىدە يېزىلار شەھەرلەرگە، شەرقنىڭ غەربكە

بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ماركس ئېيتقان مەسىلە 1840- يىلىدىن كېيىن جۇڭگودىمۇ بىر خىل رېئاللىققا ئايلاندى، جۇڭگو غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، كۈچلۈك مىللىي ئاڭ شۇ سەۋەبتىن مەيدانغا كەلدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى بىر مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى ھەمدە ئوخشىمىغان مەيداننى پەيدا قىلىدىغان بايان قىلىش ئۇسۇللىرى مەيدانغا كەلدى، ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدا «قانچىكى مىللىي بولسا، شۇنچە دۇنياۋى بولىدۇ» دېگەن قاراش ھەم «غەربلەشتۈرۈش» رادىكاللىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى ھەم مۇتەئەسسىپ مەدەنىيەت مىللەتچىلىرىنىڭ مەيداننى نەزەرىيەۋى تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ياكى مۇنازىرە «مىللىيلىق»قا بولغان ئوخشاش بولمىغان قاراشتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ «دۇنياۋىلىق» دېگەن نېمە ياكى بولمىسا دۇنيانىڭ قەيەردىلىكىگە بولغان بىلىشىنىڭ تۈپتىن ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن كەلگەن.

«غەربلەشتۈرۈش» رادىكاللىرى «دۇنياۋى» مەدەنىيەتنى مەلۇم مىللەت مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ باشقا مىللەت مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىگە سىڭىپ كىرىشى دەپ چۈشىنىدۇ. بۇ يەردىكى «سىڭىپ كىرىش» بىر خىل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ دۇنياغا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنى بەلگىلەپ، شەيئىلەرنىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمىگە قارىتىلىدۇ. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ياۋروپا- ئامېرىكا ياكى غەرب نەچچە يۈز يىللىق مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىپ، ئۇنى باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئىچىدىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتىگە ئايلاندۇردى، ئۇنى باشلىنىش قىلغانلار جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەيرىي غەرب مىللەتلىرى بولۇپ، ئۇلار غەرب مەدەنىيەت- سەنئىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلدى، ئۆگەندى، ئۇنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇش پوزىتسىيەسىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن غەرب مەدەنىيىتى دۇنياۋىيلىققا ئايلاندى، دەل مۇشۇ تارىخىي ۋە رېئال سەۋەب تۈپەيلىدىن، غەربلەشكەن رادىكالىزملىق قاراشتىكى «دۇنياۋىلىق» ئەمەلىيەتتە ئافرىقا ياكى ئاسىيانى ئەمەس، بەلكى غەربنى كۆرسىتىدىغان بولدى. بىز ياقتۇرۇپ دېيىدىغان «دۇنياغا يۈزلىنىش»مۇ ئەمەلىيەتتە غەربلەشكەن رادىكالىزملىق ئاتالغۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى دۇنياغا يۈزلىنىشمۇ ئافرىقىدىكى مەلۇم بىر جاينى ئەمەس، بەلكى غەربنى، مەسىلەن، نيۇيورك، پارىژ، لوندون. . . لارنى كۆرسىتىدۇ. بىر رەسسام (خەتتات ياكى باشقا سەنئەتكار) پارىژدا ياكى نيۇيوركتا ئەسەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلسا ھەمدە دىققەتكە سازاۋەر بولسا، ئادەتتە «دۇنياغا يۈزلىنىش» دەپ قارىلىدۇ. ئەسلىدىكى غەرب بىلەن غەيرىي غەربنىڭ مۇناسىۋىتى غەربلەشتۈرۈش رادىكالىزمىدا، ھەتتا جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت كونتېكستىدا ئۆزگەرتىلىپ «دۇنياۋىلىق بىلەن مىللىيلىق»نىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ قالىدۇ. غەيرىي غەرب مۇشۇ مەنىدە «دۇنيا»نىڭ سىرتىدىكى مەۋجۇتلۇققا ئايلىنىپ، خۇددى جۇڭگونىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى ئۇنىڭ دۇنيانىڭ سىرتىدا قالغانلىقىدىن دەپ قارالغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ.

2) مىللىي مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئەندىزە تاللاش بولمايدۇ. يەرلىك خۇسۇسىيەت مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئورنىغا باشقا مەدەنىيەتنى قويۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ مەدەنىيەتنىڭ تەركىبلىشىشى، ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ ئەندىزىسى بولمايدىغانلىقى ۋە ئورنىنى بېسىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مىللىي مەدەنىيەت بىر پۈتۈن بولىدۇ، پارچە- پارچە بولماي، بەلكى مۇرەككەپ، ھەرىكەتچان ۋە ئۇنىۋېرسال بولىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ تەركىبلىشىش شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ. قاتلام نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەر قانداق مىللىي مەدەنىيەت ماددىي ۋە مەنىۋى قاتلاملارغا بۆلۈنىدۇ. ماددىي قاتلام بىر قەدەر روشەن دەۋر خۇسۇسىيىتىگە ۋە ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، باشقا مىللەتلەر ئۇنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ، بىراق ئۇمۇ خېلىلا قويۇق مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ؛ مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ مىللىيلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. تەركىب نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەر قانداق مىللەتنىڭ

www.uyghurkitap.com



مەدەنىيىتى تارىخىي مىراسلارنى، ھەم شۇ زامان كىشىلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۇنىڭدا شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ دۇردانىلىرى، غەيرىي مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرى بولغان بولىدۇ؛ ئىلغار تەركىبلەر، ھەم قالاق، ھەتتا چىرىك نەرسىلەر بولىدۇ. ئىدىيەۋىلىكىدىن ئالغاندا، مەدەنىيەت يەككە بولمايدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئىدىيەسىگە كۆپ خىل ئىدىيەۋى مىراسلار سىڭگەن بولىدۇ. بۇنداق كۆپ خىللىق مەدەنىيەتنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەركىبلىك، كۆپ ئامىللىق بىرىكمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەزمۇنى پۈتكۈل مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەم ئىجتىمائىي ۋە پىسخىك مۇرەككەپ ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ھەرگىز مۇقىم تاشقى ئەندىزە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ماكرو جەھەتتىن كۆزەتكەندە، مەدەنىيەت بىر پۈتۈن بولىدۇ، لېكىن بۇ بىر پۈتۈنلۈك يەككە شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى قانداق ئەخلاقىي مىزان ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قانداق پىسخىك ھالەتنى ئىپادىلەيدىغانلىقى، مەلۇم بىر بەدىئىي ئەسەرنىڭ قانداق ئىجادىيەت ئىدىيەسىنى ۋە بەدىئىي ۋاستىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى، مەلۇم بىر ماددىي مەھسۇلاتنىڭ قانداق پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى قاتارلىقلار كونكرېت بولىدۇ. بىر پۈتۈنلۈك ئابستراكت بولىدۇ. بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ ھەر قانداق بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇلۇشى توغرا بولمايدۇ، پەقەت يەككىلا رېئال، كونكرېت مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، بىر پۈتۈنلۈك بىر مىللەتنىڭ خىسلىتى ۋە پىسخىك ھالىتى قاتارلىقلارنىلا ئىپادىلەيدۇ، ھەرگىز مەلۇم بىر خىل كونكرېت ئەندىزە بولالمايدۇ.

داۋاملىشىش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت فىزىيولوگىيەلىك ـ پىسخىك ئىرسىيەتتىن ئىبارەت بولىدۇ. مەدەنىيەت تاشقى نەرسە بولماي، يەككىنىڭ ھاياتى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بولىدۇ؛ يەككىدە توپلانغان مەدەنىيەت ئامىللىرى فىزىيولوگىيەلىك، پىسخىك ئۇسۇلدا كېيىنكىلەرگە قالىدۇ. يەككە شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشقا ماسلىشىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئۇسۇلىنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرىدۇ. ئىدىيە ۋە ئاڭ، ئېتىقاد ۋە چۈشەنچە، تىل ۋە يېزىق قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ. بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ماسلىشىش ۋە ئىرسىيەت قالدۇرۇش جەريانىدىن ئىبارەت. كىشىلەر تاللانغان، ئۆزگەرتىلگەن مەدەنىيەتنى كۆپ خىل يوللار بىلەن كېيىنكىلەرگە قالدۇرىدۇ. قىممەت قارىشىدىن ئالغاندا، مەدەنىيەت بىر خىل قىممەت يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىممەت يۈزلىنىشى بولىدۇ. ئېتىقادنىڭ ئۆزى بىر خىل قىممەت يۈزلىنىشى بولۇپ، ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى جەھەتتىكى بىر خىل ئىزدىنىشتۇر. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەدەنىيەت يالغۇز «ئۆتمۈش»نىلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىنىمۇ، غايىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنىڭ بىرلىشىشىدىن، رېئاللىق بىلەن غايىنىڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىر مىللەت ئېڭىنىڭ يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەندىزىلىك خۇسۇسىيەتنى ھازىرلىمىغان بولىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ غەيرىي ئەندىزىلىكى مىللىي مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ئەندىزە تاللاشنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئورنىنى باشقا مەدەنىيەتلەر باسالمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. دۇنيادا مۇقىم، تاللاش ئوبيېكتى بولغان مەدەنىيەت ئەندىزىسى مەۋجۇت ئەمەس. «ئورنىنى ئېلىش نەزەرىيەسى» تەرەپدارلىرى ئوخشاش بولمىغان مىللىي مەدەنىيەتلەرنى قاتمال، ئۆزگەرمەس ئەندىزە دەپ قاراپ، جۇڭگو ـ چەت ئەل مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىدە بىرنى تاشلاپ، بىرگە ئېسىلىۋالىدىغان مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن ئىدىيەنى نامايان قىلىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەزى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ ھەرىكەتچانلىقى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تىك يۆنىلىشلىك تەرەققىياتىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، ئوخشاش بولمىغان مىللىي مەدەنىيەتلەر ئارا داۋاملىشىدىغان توغرا يۆنىلىشلىك ئالاقىلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مىللىي مەدەنىيەتنى بىرلىك قىلىدۇ، ئۇ مەدەنىيەتتىكى ئورتاق ئامىللار ئارقىلىق ھەر قايسى

مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى بىر- بىرىگە باغلايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش رولى بولۇپ، ھەر قاچان ئۆز ئارا تەسىر قىلىشىپ، بىر- بىرىگە ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر- بىرىگە سىڭىشىشى تەبىئىي ئەھۋال، ئۇلار ھامان كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمىغان ھالدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە «ئېچىۋېتىلگەن» ھالەتتە بولۇپ، ھەمىشە ئۆتۈشۈپ، قوشۇلۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەر قانداق مۇتەئەسسىپ، بېكىنمە مىللەتمۇ باشقا مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن خالىي بولالمايدۇ، بەلكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇنداق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ.

3) مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بولىدۇ. ئۆز خاسلىقى ۋە مەۋجۇدىيەت قىممىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مىللىي مەدەنىيەت مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ خاسلىقى ۋە غەيرىي مەدەنىيەتلەردىن پەرقى بولمىسا، ھەرگىز مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

دۇنياۋىلىق ۋە دەۋرلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېز- ئاستىلىق، ئىلغار- قالاقلىق پەرقى بولىدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئادەتتىكى ئەھۋالدا تېز- ئاستىلىق، ئىلغار- قالاقلىق بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.

مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ تۈپ پەرقى مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت شارائىتى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە دەسلەپتىلا ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى مەدەنىيەتنى پەيدا قىلىدۇ. «تىپ» دېگىنىمىز — مەدەنىيەت قىياپىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، مىللەتنىڭ پىسخىكىسى، ھېسسىياتى، خىسلىتى، سالاپىتى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ مىللەتنىڭ فىزىيولوگىيەلىك مېخانىزمى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ۋە نەسىلدىن - نەسىلگە قالىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، لېكىن ھەرگىز يوقىلىپ كەتمەيدۇ.

ھەر خىل «تىپ»تىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتى بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ مىللەتنىڭ «ئۆزى»نى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى تولۇق ئىپادىلەپ، مىللىي خىسلەت، مىللىي پىسخىكا، مىللىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ تۈپ ئامىللىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ يوقىلىشى بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئەسلى قىياپىتىنى يوقاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھېسسىياتىنى بىر- بىرىگە ئۈنۈملۈك ئالماشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ بىر خىل مەركەزگە ئىنتىلدۈرگۈچى كۈچ ۋە مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان رىشتە بولۇپ، بىر مىللەتنى ئىچكى جەھەتتىن ئۇيۇشۇشقا، سىرتقا قارىتا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ، ئۇ يوقالسا، بۇ مىللەت ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈنۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ، تاشقى مۇناسىۋەتتە بىر پۈتۈنلۈكىدىن ئايرىلىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق تۇۋرۈكى بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ ياشاش شەرتى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ يوقالسا، شۇ مىللەت يوقىلىدۇ؛ بەشىنچىدىن، ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئۆزىدىلا بولىدىغان، شۇ مىللەت تەنھا ئىگىلەيدىغان، باشقا مىللەتلەر ھازىرلىيالمايدىغان، پەقەت ئەينەك قىلىپ ئۆلگە ئالىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان، لېكىن كەشىپ قىلالمايدىغان نەرسە، شۇڭا ئۇ ناھايىتى مۇھىم ئالماشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە. ئالماشتۇرۇش دېگەنلىك — يوقلىرى بارلىرىدىن ئېلىش، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاش، ئەينەك قىلىپ قوبۇل قىلىش دېگەنلىكتۇر. مىللىي ئالاھىدىلىكى قانچىكى كۈچلۈك نەرسە بولسا، ئۇنى باشقا مىللەتلەر شۇنچە ئوڭاي ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. لېكىن ئۇنى باشقا مىللەتلەر ھە دېگەندىلا قوبۇل قىلىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈشى ناتايىن، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قىممىتى بىر مىللەتنى باشقا مىللەتلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرىدىغان ۋە شۇ مىللەتنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان ئىچكى ئاساس ھېسابلىنىدۇ. مىللىي مەدەنىيەت تارىخ جەريانىدا تەرەققىي قىلىدۇ، ئەمما ئۇ مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشتىن- ئاياغ غەيرىي مەدەنىيەتلەردىن پەرقلەنگەن ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت

www.uyghurkitap.com



بولۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن باشتىن- ئاخىر مۇستەھكەم باغلىنىپ تۇرىدۇ. مىللىي مەدەنىيەت بىر پۈتۈن نەرسە بولغاچقا، ئۇنى غەيرىي مەدەنىيەتنىڭ يوقىتىۋېتىشى، يۇتۇۋېلىشى تەس، ئۇ ھەم غەيرىي مەدەنىيەتكە بىرلىشىپ كەتمەيدۇ ھەم غەيرىي مەدەنىيەت بىلەن بىللە ئۈچىنچى مەدەنىيەتكە ئارىلىشىپمۇ كەتمەيدۇ.

مۇبادا ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە يۈز بەرگەن، ئالدىدا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە بولۇپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش ئۆزگىرىشلەر «بىرلىشىشكە يۈزلىنىش» دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا بۇنداق «بىرلىشىش»نىڭ بۇرۇن بولغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىكى ئورتاق ئامىللار بىر مىللەتتە تېز تەرەققىي قىلسا، يەنە بىر مىللەتتە ئاستا تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تېزلىشىشى سەۋەبلىك، بەزىدە بۇنداق ئورتاق ئامىللار ئارقىدا قالغان مىللەتلەر مەدەنىيىتىدە جىددىي تەرەققىي قىلىپ، پەن- تېخنىكا ۋە باشقا جەھەتلەردە ئالغا كەتكەن مىللەتلەرگە قاراپ «تىوغرىلىنىش»، ھەتتا كىشىلەرنىڭ پىسخىك ھېسسىياتىدا ئالغا كەتكەن مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىنىڭ يۈز بېرىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال. لېكىن، بۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ زامان جەھەتتىن تېز- ئاستىلىق مەسىلىسىلا بولۇپ، ھەرگىز مىللىيلىقنىڭ يوقالغانلىقى ھېسابلانمايدۇ.

كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەدەنىيەتنىڭ ئۆز مىللىي شەكلى بولغانلىقتىن، ئورتاق ئامىللارنىڭ «بىرلىشىپ كېتىشى»مۇ ئادەتتە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاددىي ھالدا غەيرىي مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە غەيرىي مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار تەركىبلىرىنى مىللىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مانا بۇ دائىم دېيىلىدىغان «مىللىيلەشتۈرۈش»تۇر. «بىرلىشىپ كېتىش نەزەرىيەسى» تەرەپدارلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى غەيرىي مەدەنىيەتكە «بىرلەشتۈرۈش»نى تەشەببۇس قىلىشى نەزەرىيە جەھەتتىن خاتا، ئەمەلىيەت جەھەتتىنمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

4) مىللىي مەدەنىيەت ئۆزىنى تەڭشەش جەريانىدا تەرەققىي قىلىدۇ. مەدەنىيەت تۇرغۇن، ئايرىم- ئايرىم نەرسە بولماي، بەلكى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەركىبلىك، كۆپ ئامىللىق بىرىكمە بولغانلىقى، بىر پۈتۈنلۈكى يەككە شەكىلدە ئىپادىلىنىدىغانلىقى، ھەرىكەتچان جەريان بولىدىغانلىقى ئۈچۈن يوقالمايدۇ؛ مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى يەككىنىڭ ئالمىشىش شەكلى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى يوقىتىپ قايتا بەرپا قىلىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىككى خىل شارائىتتا يۈز بېرىدۇ. بىرى، ئىقتىساد، سىياسەت قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى مەدەنىيەتنىڭ يېڭىلىنىپ، كونا، ۋاقتى ئۆتكەن ئامىللارنىڭ شاللىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېڭى تەركىبلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كونا مەدەنىيەت ماسلىشىش خاراكتېرىدە تەرەققىي قىلىدۇ. يەنە بىرى، غەيرىي مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا مىللىي مەدەنىيەت ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىدۇ ۋە تاۋلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن، غەيرىي مەدەنىيەت مىللىي مەدەنىيەت ئىچىگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەندە، يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرى بارلىققا كېلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى غەيرىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت بىلەن بىرىكىش نۇقتىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مىللىي مەدەنىيەت ئۈچۈن مەلۇم تۈرتكىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك رول ئويناپ، مىللىي مەدەنىيەتتە يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى ئىككىلا خىل ئەھۋال مەدەنىيەتنىڭ تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىدە ئۆز- ئۆزىنى تەڭشىشىدىن ئىبارەت. بۇنداق تەڭشەش جەريانى يەككىدىن باشلىنىدىغان، يەككىنىڭ ئالمىشىش شەكلى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان، يەككىدىن بىر پۈتۈنلۈككە ئۆتىدىغان ئۆزگىرىش جەريانىدۇر. مەيلى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بولسۇن ياكى تاشقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بولسۇن، ئالدى بىلەن يەككىگە

تەسىر قىلىدۇ. «ئۆزگىرىش» دېگىنىمىز ــ ئالدى بىلەن يەككىنىڭ ئۆز- ئۆزىنى يېڭىلىشى، يەككىنىڭ كونا مەدەنىيەتنىڭ بەزى تەركىبلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، يېڭى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە غەيرىي مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ يېڭى مەدەنىيەت يارىتىشىنى كۆرسىتىدۇ. يەككىنىڭ ئالمىشىشى تەدرىجىي، يوشۇرۇن ئۆزگىرىش جەريانىدۇر، يەككىنىڭ ئۆزگىرىشى توپلىنىپ مەلۇم دەرىجىگە بارغاندا، كونا يەككە يېڭى يەككە بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

«يېڭى يەككە»نىڭ ئالمىشىشى پەقەت مەلۇم يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇ پۈتۈنلۈكنىڭ ئۆزگىرىشى ھېسابلانمايدۇ. بىراق مەدەنىيەت بىر پۈتۈنلۈك بولغانلىقتىن، ھەر قانداق بىر نۇقتا، ھەر قانداق بىر ھالقىدىكى ئۆزگىرىش پۈتۈنلۈككە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا يەككىنىڭ ئالمىشىشى ئاخىرى پۈتۈنلۈكنى ئۆزگەرتىدۇ. دېمەك، يەككىنىڭ ئالمىشىش يۆنىلىشى تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش يۆنىلىشى پۈتۈنلۈكنىڭ ئۆزگىرىش يۆنىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ.

يەككىنىڭ ئالمىشىشى كۈچلۈك تەشەببۇسكارلىق ۋە نىسپىي ئىختىيارلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. يەككە ئامىللار پۈتۈنلۈككە قارىغاندا جانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە قايتۇرىدىغان ئىنكاسى تېز بولىدۇ. تاشقى ئامىللار كۆپ ھەم مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، يەككىنىڭ ئالمىشىشى بەزىدە قارىغۇلۇقتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن يەككىنىڭ ئالمىشىشى پۈتۈنلۈكنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمۇ، ئەكس يۆنىلىشكە ماڭدۇرۇۋېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ يەككىنىڭ ئالمىشىشى پۈتۈنلۈكنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەككىنىڭ ئالمىشىش جەريانىدا پۈتۈنلۈكنىڭ تاللاش رولى بولىدۇ، ئۇ ھامان يەككىنىڭ ئالمىشىشى ئۈچۈن تاسقاش، ئىلغاش ئارقىلىق مەلۇم بىر يۆنىلىشنى بەلگىلەپ، بۇنداق ئالمىشىشنى نىشانغا ئىگە قىلىدۇ ۋە سىستېمىلاشتۇرىدۇ. پۈتۈنلۈكنىڭ چەكلەش رولى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ــ مىللىيلىكنىڭ ماھىيىتى ئارقىلىق يەككىنى تىزگىنلەش يولى بىلەن يەككىنىڭ مىللىيلىككە خىلاپ ھەرىكىتىنى چەكلەش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

پۈتۈنلۈكنىڭ ئۆزگىرىشى ھەممە يەككىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆز ھەرىكەت يۆنىلىشى بولىدۇ. پۈتۈنلۈكنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىدىن ئايرىلغان يەككىنىڭ ئالمىشىشى ھەمىشە پۈتۈنلۈكنىڭ تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، پۈتۈنلۈك ھەرىكەتتىكى يەككىنى تاللاپلا قالماي، يەككىنىڭ ئالمىشىش يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان مەدەنىيەت ئامىللىرىنىمۇ تاللايدۇ. نەتىجىدە ئەسلىدىكى كونا مەدەنىيەت بىلەن سىرتقى مەدەنىيەتكە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. پۈتۈنلۈكنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت قىممىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئالدى بىلەن ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئاندىن تاشقى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز خاسلىقىنى يوقاتماسلىق شەرتى ئاستىدا تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ دەۋر ئەھمىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. مەدەنىيەتنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشى، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشى مىللىي مەدەنىيەتنى تەكرار يارىتىش جەريانىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. بۇ بىر مۇرەككەپ ۋە ئۇزۇن جەريان. بۇ جەرياننىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن پۈتۈنلۈك ئۆزگىرىشنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچى ئاخىرلىشىپ، بىر يېڭى مەدەنىيەت بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق يېڭى مەدەنىيەت ئاسماندىن چۈشمەيدۇ ۋە يېڭىدىن بەرپا قىلىنمايدۇ، بەلكى كونا مەدەنىيەتتىن تۇغۇلىدۇ، شۇڭا، ئۇ ھەم يېڭى مەدەنىيەت، ھەم كونا مەدەنىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر باسقۇچى بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالغا باسقانلىقى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا باسقانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ يېڭى مەدەنىيىتى ئەسلىدىكى مەدەنىيەتنى ئاساس قىلىپ، غەيرىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىپ قايتا ئىجاد قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، ئۇ كونا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئايلىنىشىدىن ئىبارەت. كونا مەدەنىيەت بۇزۇپ تاشلانسا، يېڭى مەدەنىيەت مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز

www.uyghurkitap.com



دەرەخ بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق يېڭى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش قۇرۇق خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس. كونا يېڭىغا ئايلانسا كونا بىلەن يېڭى ئارىلاشقان، كونا ئىچىدە يېڭى، يېڭى ئىچىدە كونا بولغان بولىدۇ. پۈتۈنلۈك ئۆزگىرىشنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىنىڭ ئاخىرلىشىشى پەقەت يېڭى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ پۈتۈنلۈكتە يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىنىلا چۈشەندۈرىدۇ، ئۇ ھەرگىز كونا مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ناچارلىرى شاللىنىپ، ئېسىللىرى ساقلاپ قېلىنىدۇ، قوبۇل قىلىپ ھەزىم قىلىنىدۇ، كونىسى ئاساسىدا تەكرار ئىجاد قىلىنىدۇ، مىللىي مەدەنىيەت باشتىن ـ ئاياغ كونىنى چىقىرىۋېتىپ يېڭىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇ ئىشتا قانداقتۇر «قايتا قۇرۇش» مەسىلىسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

## 2. ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت گۈللەندۈرۈلىدۇ

1) ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەرەققىياتى جەريانىدا تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن؛ دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى يۈكسەك تەرەققىي قىلغاندىلا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچىدۇ. شۇڭا مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر شەرتى، شۇنداقلا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئالغا باستۇرۇشتا ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى بىر مىللەتنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ ئىنسانىيەت تارىخي تەرەققىياتىدىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ.

مۇرەككەپ تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل مىللىي مەدەنىيىتىنى تەشكىللىك رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن بولسىمۇ، مىللەتلەرنىڭ ئېڭىدا مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھەققىدىكى بىلىم تولىمۇ چولتا، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەقتە ساۋاتسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر.

بىز ئېسىل ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش تەرەپدارىمىز، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى ئۆتمۈش دەۋرلەردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «ھەممە مەدەنىيەت»تىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھەم مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى ۋە غەيرىي مەدەنىيەتتىن ئۆزگەرتىلگەن ئېسىل تەركىبلەرنى، ھەم چىرىك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش كېرەك.

مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە مىللەتنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى تارقىتىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ئىلمىي خۇلاسىلەپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىدا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى مەدەنىيەتنى يارىتىش لازىم.

مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە، تاشقى مەدەنىيەتنى قارا ـ قويۇق قوبۇل قىلماي، بەلكى تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، ئۆزىمىزگە ئېھتىياجلىق ۋە تولۇقلاشچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئېسىل تەركىبلەرنى ئەينەك قىلىشىمىز لازىم. شۇنداقلا، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە قارىتا ھەممىنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولماسلىقىمىز لازىم.

كونا مەدەنىيەت ئاساسى بولغاندىلا، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ

جەھەتتە، كونا مەدەنىيەتنى يېڭى مەدەنىيەتنىڭ «ئاساسى»غا ئايلاندۇرۇش كېرەك. باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىش — مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل. لېكىن، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىن «چىرىتكۈچ» ئەمەس، «ئوزۇق» قوبۇل قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. شۇندىلا مىللىي مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ، ئۇنىڭ بىرى ھېسسىيات ئامىلى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تېز يېتىلىشىگە تەقەززا بولۇپ، بىر كۈچەپلا ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئارزۇسىدا بولۇش دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، بىر تەرەپلىمىلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىقتىساد ۋە سىياسىينىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا ئىش بىر قەدەم- بىر قەدەم ئېلىشتىن باشلىنىدۇ؛ مەدەنىيەت تەرەققىياتى پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشتا تېز غەلىبە قىلىش ئويىدا بولۇش خاتا.

2) ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزدە مىللىي مەدەنىيەت گۈللەنگەن، خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. گەرچە كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا بولغان قارىشى ۋە باھاسى بىردەك بولمىسىمۇ، لېكىن يەر شارلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئالاھىدە ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنى كونكرېتلاشتۇرۇپ مۇنداق بىر نەچچە نۇقتا بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئېلىمىز ئۇزۇن تارىخقا ئىگە دۆلەت بولۇپ، تەرەققىياتى تېز، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى زور دۆلەت. ئەگەر بىز يەنىمۇ تىرىشساق، دۆلىتىمىز مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى تامامەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق چوڭ دۆلەت بولۇپ قەد كۆتۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى ئىشنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ: بىرى، كۈچلۈك مىللىي ئىگىلىك بولۇشى؛ يەنە بىرى، گۈللەنگەن مىللىي مەدەنىيەت بولۇشى لازىم. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مىللىي ئىگىلىك مىللىي گۈللىنىشنى ماددىي كۈچ بىلەن تەمىن ئەتسە، مىللىي مەدەنىيەت مەنىۋى تىرەك بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قاتتىق، بىرى يۇمشاق، بىرى ئاساس، بىرى ياردەمچى ئۇلارنىڭ بىرى كەم بولۇپ قالسا بولمايدۇ.

ئىككىنچى، مىللەتلەرنىڭ كىملىكىنى نامايان قىلىدۇ. يەر شارلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا يۈكسەك تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى بۇنداق ئەھۋالدا مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن مىللىي خاسلىقنى قانداق ساقلاپ قېلىش ھەر قايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر مەسىلىگە ئايلاندى. كۆپلىگەن كىشىلەردە يەر شارلاشقانسېرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خاسلىقىنى ساقلاش كېرەك، بولمىسا يەر شارلىشىش دولقۇنىدا ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويىدىكەنمىز دېگەن ئاڭ پەيدا بولدى.

ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ گېنىنى قوغدىغانلىقتۇر. فىزىيولوگىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، DNA ھاياتلىق تېنىنى باشقا تەنلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگە. بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماددىي ياكى غەيرىي ماددىي ھالەتتە ساقلايدىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بىناكارلىق- قۇرۇلۇش، جابدۇق، ھۆسنخەت، قائىدە- مۇراسىم، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ماھارىتى، ئورۇنداش سەنئىتى قاتارلىقلار ھەممىدە بۇ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت ئامىللىرى خۇددى ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىدىكى «گېن»غا ئوخشاش بولۇپ، تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرسىمۇ، مىللەتتە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۈزۈلمەيدىغان مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئايلىنىپ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت كىملىكى ۋە ئۆزگىچە خاسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۈچىنچى، مىللىي ئىگىلىككە تۈرتكە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى مىللىي ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشىنى مەنىۋى تىرەك بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت. مىللىي مەدەنىيىتىگە ئىشەنچىسى يوق مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولسا ئادەمنىڭ ئىشەنچى قەيەردىن كېلىدۇ؟ يۈزەكىي قارىغاندا، قابىلىيىتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىدىن كېلىدۇ، چوڭقۇرراق قاتلامدىن قارىغاندا، ئىشەنچ مىللىي مەدەنىيەتتىن كېلىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ قابىلىيىتى بىلەن ئۇنىڭدىن كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت شۇ كىشىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەتتە تاۋلىنىش ئادەمنىڭ تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەيدۇ ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. مەدەنىيەت ئىشەنچىسى بولسا، چوڭقۇر ئىشەنچ بولىدۇ ـ دە، بۇ مەدەنىيەت ئارقىلىق مىللىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، دۇنيانىڭ ئىناقلىقىغا تۈرتكە بولىدۇ

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنى تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامغا قويۇپ قارىغاندا، يەنە مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولىدۇ: مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش دۇنياغا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا پايدىلىق. چۈنكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى تىنچلىقنى ئەۋزەل بىلىش، ئىناق ئۆتۈش، چىن كۆڭلىدىن باشقىلارنىمۇ ئۆزىدەك چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت.

كونكرېت ئېيتقاندا، ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تۆۋەندىكىدەك ئەھمىيەتكە ئىگە: (1) مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇشقا پايدىلىق؛ (2) مىللەتنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە مىللىي ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق؛ (3) كىشىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق؛ (4) سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق؛ (5) ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ تارىخى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، ھەرىكەت مىزانلىرى، تەپەككۇر شەكلى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ قان تومۇرى، روھى ۋە جېنى، مەدەنىيىتى بولمىغان مىللەتنىڭ ئىچكى تارتىش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش مەنبەسى بولمايدۇ. شۇڭا مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. ۋېن جياباۋ: «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك» (گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جياباۋنىڭ 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدىن پارچە)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 3 ـ سانى.
2. تۇرغۇن نەمەت: «مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، مەدەنىيەتتە كۈچلۈك رايون قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك»، «شىنجاڭ گېزىتى» 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى سانى.
3. شيا جېڭنۇڭ باش تۈزگۈچى بولۇپ تۈزۈلگەن: «ئوكيانۇس» (كىچىكلىتىلگەن باسما نۇسخىسى)، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
4. لى زىۋېن: «مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىكى توغرىسىدا» (يولۋاس راشىدىن تەرجىمىسى)، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان.
5. شاۋ جىڭجۈن: مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش»، «شىنجاڭ گېزىتى» 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى سانى.
6. ئابدۇسالام ئابلىز: «تىرىشىپ مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشىمىز لازىم»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى سانى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كېچىكئاخۇن**

33-يىللىق 3-سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 33 卷第 3 期
2012-يىلى 9-ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2012 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2012)03-027-9

# «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىناق جەمئىيەت ئىدىيەسى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا*

**مەمەت موللامەت**

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتى پەلسەپە كافېدراسى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىناق جەمئىيەت ئەمەلىيەتتە، ئادەمنى سۇبيېكت قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئىناق تەرەققىيات ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم ۋە ئادەم بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقتىن ئىبارەت ئاساسىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۆۋەتتىكى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىۋاتقان شارائىتتا، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىردەك بولغان ئىناقلىق پەلسەپىسى ئىدىيەسىنى قايتىدىن قېزىش، شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**摘要：**和谐社会，实际上是指以人为主体的社会和谐发展状态。它包括人与自然之间的和谐、人与人之间的和谐、人与社会之间的和谐三个方面的基本内涵。在当今构建和谐社会的背景下，重新挖掘《福乐智慧》中蕴含的与构建和谐社会一致的和谐哲学思想内涵无疑具有十分重要的现实意义。

**Abstract:** The harmonious society refers to the state of harmonious development between men and society, which includes the harmonious state between men and nature, harmonious state between men and men, harmonious state between men and society. It has great practical significance to re-focus on the philosophical thoughts about harmony in "Happiness and Wisdom", while the harmonious society is strongly emphasized at the present

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** C91 **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش مەسىلىسىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش پارتىيە 16-قۇرۇلتىيى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ زور نەزەرىيەۋى تۆھپىسى بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىنى يىغىنچاقلاش ھەمدە بۇ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىناقلىق ئىكەنلىكىنىڭ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇشى ماركسىزم نەزەرىيەسى تەرەققىيات تارىخىدىكى تۇنجى ئىش. رەئىس خۇجىنتاۋ ب د ت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا «ئىناق دۇنيا قۇرۇش» تەشەببۇسىنى شەرھلىدى، پارتىيە 17-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا يەنە بىر قېتىم ئىجتىمائىي ئىناقلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى دەپ تەكىتلەندى. ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ماركسىزملىق ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيەسىنىڭ بېيىتىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى. خۇجىنتاۋ بىر قېتىملىق سۆزىدە: «ئىجتىمائىي ئىناقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، گۈزەل جەمئىيەت قۇرۇش باشتىن-ئاخىر ئىنسانىيەت ئىنتىلىدىغان غايە بولۇپ كەلدى»[1]دېگەنىدى. ئىنسانىيەت ئىنتىلىدىغان بۇ غايە ۋە گۈزەل جەمئىيەتكە دائىر ئىدىيە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11-ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە، ھەم «سىياسەتنامە»»[2]. ئىلىمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 2-ئاينىڭ 12-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** مەمەت موللامەت(1958-يىلى 1-ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتى پەلسەپە كافېدراسىدا ماركسىزملىق پەلسەپە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لاۋشى ئېيتقاندەك، «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلانىڭ قىممەتلىك مىراسى بولۇپلا قالماستىن، ئوخشاشلا ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتىشتىكى قىممەتلىك بايلىق.[3] بۇ قىممەتلىك بايلىقنى قېزىپ، ئۈنۈملىك ئەقىلگە مۇۋاپىق «مېغىز»نى بۈگۈنكى گۈللىنىۋاتقان ئىناق جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

## 1. ئىناق جەمئىيەت ھەققىدە چۈشەنچە

«ئىناق جەمئىيەت»نى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىناق سۆزىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى»دە 和谐 دېگەن سۆزگە قىسقىچىلا «مۇۋاپىقلىق، ماسلىق، تەكشى، رەتلىك بولۇش» دەپ تەبىر بېرىلگەن. «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»تە 和谐سۆزىگە «ئاھاڭداشلىق، تەڭكەش، ماس، ماسلاشماق، مۇۋاپىق، سىمفونىيە، گارمونىيە، تەرتىپ» قاتارلىقلار يۈكلەنگەن. يەنە بۇ قاتارغا تىنچ-ئامانلىق، ئەمىنلىك، ئۈملۈك، خۇشال-خۇراملىق، ئىجىل، دوستانە، مېيىن قاتارلىقلارنى قوشقىلى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ماقالىنى يېزىش جەريانىدا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچىسى بىلەن ئۇيغۇرچىسىنى سېلىشتۇرۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرچىدا «يارىشىق» دېگەن مەنىسى بارلىقىنىمۇ بايقىدىم. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 2007-يىلى نەشر قىلغان «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ خەنزۇچىسىنىڭ 1053-بېيىتىنىڭ بىرىنچى مىسراسى «和谐的四要素发生内江» دەپ تەرجىمە قىلىنىپتۇ. ئۇيغۇرچىسىدا «جېدەل باستى يارىشىق تادۇ ئىچىنى» ئىكەن. «قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»دە «نۇرپان تېكىستلىرى» دىكى «ياراشى» سۆزى «مۇۋاپىق، لايىق، تەبىئىي» دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، «يارىشىق»ئىناق، يارىشىپ قېلىش دېگەنلىك بولسا كېرەك.

«ئىناق» سۆزىدىن «ئىناق جەمئىيەت» ئاتالمىسىنى ئوڭايلا چۈشىنىلىش مۇمكىن. ئۇنىڭ تەبىرى مۇنداق: «سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت دېموكراتىك، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان، ئادىل، ھەققانىي، سەمىمىي-دوستانە ئۆتىدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان، تىنچ-تەرتىپلىك، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق ئۆتىدىغان جەمئىيەت». «دېموكراتىك بولۇش، قانۇن ئىدارە قىلىش» دېگەنلىك، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلغان، دۆلەتنى قانۇن ئىدارە قىلىش ئاساسىي تەدبىرى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشكەن، ھەرقايسى تەرەپتىكى ئاكتىپ ئامىللار كەڭ قوزغىتىلغان بولۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر؛ ئادىل، ھەققانىي بولۇش دېگەنلىك، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر توغرا بىر تەرەپ قىلىنغان، ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيەت ھەقىقىي قوغدالغان ۋە ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇش دېگەنلىكتۇر؛ سەمىمىي، دوستانە ئۆتۈش دېگەنلىك، پۈتۈن جەمئىيەت ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، سەمىمىي، لەۋزىدە تۇرىدىغان، بارلىق خەلق باراۋەر، دوستانە، ئىناق ئۆتىدىغان بولۇش دېگەنلىكتۇر؛ ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇش دېگەنلىك، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بارلىق ئىجادىيەت ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىنغان، ئىجادىي پائالىيەتكە مەدەت بېرىلگەن، ئىجادىي قابىلىيەت جارى قىلدۇرۇلغان، ئىجادىي نەتىجە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇش دېگەنلىكتۇر؛ تىنچ، تەرتىپلىك بولۇش دېگەنلىك، جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي مېخانىزمى تولۇق، ئىجتىمائىي باشقۇرۇشى مۇكەممەل، ئىجتىمائىي تەرتىپى ياخشى، خەلق ئاممىسى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان، جەمئىيەتتە تىنچ-ئىتتىپاقلىق ساقلانغان بولۇش دېگەنلىكتۇر؛ ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق ئۆتۈش دېگەنلىك، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش باياشات، ئېكولوگىيە ياخشى بولۇش دېگەنلىكتۇر.[4]

يۇقىرىقى ئالتە «دېگەنلىك»نى يىغىنچاقلىغاندا، بۇلار ئۈچ مۇناسىۋەت ياكى ئۈچ ئىناقلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئىناقلىقى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقى، شەخسىي بىلەن جەمئىيەتنىڭ ۋە ياكى ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئارىسىدىكى

ئىناقلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئارىسىدىكى ئىناقلىقتا ئىناق دۇنيامۇ بار، ئەلۋەتتە.

## 2. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىناق جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئىدىيەلەر

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئەينى زامانىدىكى چوڭقۇر ئىجتىمائىي رېئاللىق يىغىنچاقلاپ ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، شۇ زامانىدىكى هۆكۈمرانلارنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، ئۇنىڭدا ئىناقلىق پەلسەپەسى، ئېتىكا ئىدىيەلىرى ئىنتايىن مول. ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىۋاتقان شارائىتتا «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا دائىر پەلسەپە ۋە ئېتىكىغا ئائىت مەزمۇنلارنى قايتىدىن قېزىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مول مەزمۇنلارنى يۇقىرىقى ئالتە نۇقتىغا بۆلۈپ بايان قىلساق، ھەممىسىنى دېگۈدەك چوڭقۇر شەرھلەپ بەرگىلى بولىدۇ، بىراق سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن «قۇتادغۇبىلىك»تىكى بۇ توغرىسىدىكى «ئۈنچىلەر» پەقەت ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ بايان قىلىندى.

**1)ئادەمنى مەركەز قىلىش، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىققا ئالاقىدار ئىدىيەلەر**

ئىناق جەمئىيەت قانۇن ئىدارە قىلىدىغان جەمئىيەت. قانۇن بىر خىل ھەرىكەت نىزامى، قانۇن كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان مىزان. ئادەمنى مەركەز قىلىش، ئادەمنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال قانۇن تۈزۈش، قانۇن تۈزگەندىن كېيىن ئۇنى ئادىل ئىجرا قىلىش كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنداق قىلىشنى ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ياكى تۇرالماسلىقى، گۈللىنىش ياكى خارابلىششىنىڭ ئاساسى دەپ قارىغان. بۇ توغرىسىدا «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق بېيىتلەر بار. «قانۇننى تۈز، ياخشى قانۇن تۈزگۈچى، يامان تۈزسە بولۇر تىرىك ئۆلگۈچى» (1458)، «(بىرەرسى) ئۆز زامانىسىدا يامان قانۇن تۈزسە، ئۆزىدىن كېيىن يامان نام قالدۇرىدۇ» (1460)، «كىم بولسۇن بىر ياخشى قانۇن تۈزۈپ قويسا ئۇنىڭ بىلەن ئۆز نامىنى تىكلەيدۇ» (1461)، «سەن داۋاملىق بەگ بولۇشنى خالىساڭ قانۇن تۇرغۇز، خەلق ئۈستىدىن زۇلۇمنى كۆتەر» (1435).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن تۈزۈشنى تەكىتلەپلا قالماي، قانۇننى توغرا يۈرگۈزۈش، ئىجرا قىلىشنى تەكىتلىگەن، «يامان تۈزمە قانۇننى، بەك ياخشى تۈز، كۆڭۈلڭ ياخشى بولغاي، ھەم بەختىڭمۇ ئۈز» (1456)، «قايسى بىر بەگ خەلققە قانۇن يۈرگۈزمىسە، خەلقنى قوغدىمىسا، تالان-تاراج قىلسا، (ئۇ) خەلقنى ئۇتقا تىققانلىق، ئېلىنى بۇزغانلىق بولىدۇ. بەگلىك ئۇلىمۇ شۈبھىسىز يىقىلىدۇ» (2137-2136)، «مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ياكى يېقىنىم، تونۇشۇم بولسۇن ياكى ئۆتكۈنچى مېھمان بولسۇن، قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىلىسى مەن ئۈچۈن بىردەك، ھۆكۈم قىلغاندا مەندە پەرق تاپالمايدۇ»، (817-، 818)، «مەن ئىشلارنى توغرىلىق بىلەن ھەل قىلىمەن، كىشىلەرنى بەگ تائىپىسىدىن، قۇل تائىپىسىدىن دەپ ئايرىمايمەن» (809)، «مەن ئىشلارنى پىچاقتەك كېسىمەن، پىچىمەن، دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ ئىشىنى ئۇزارتمايمەن» (811)، «مېنىڭمۇ قانۇنىيىتىم شۇنداق، ئادىتىم ۋە سۆزلىرىم بارچە خەلق ئۈچۈن بىردەكتۇر» (828)، «مېنىڭمۇ ئادىتىم شۇنداقتۇر، مەندىن ھەممىسىگە باراۋەر ئۆلۈش تېگىدۇ» (832-بېيىت)، بۇ بېيىتلاردا ئىناق جەمئىيەتتە بولۇش كېرەكلىكى تەكىتلىنىۋاتقان دۆلەتنى قانۇن ئىدارە قىلىش ئاساسىي تەدبىرلىرىگە دائىر مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

ئادىل ھەققانىي بولۇش، ھەرقايسى تەرەپنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇش ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەلىپى، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يولى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ توغرىسىدا مۇنۇلارنى قەيت قىلغان: «بەگ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر، بەگلىكنىڭ يىلتىزى ئادالەت يولىدۇر» (821)، «بەگ ئەلگە قانۇن يۈرگۈزسە ۋە ئادىل بولسا، ئىستىگەن ئارزۇ-تىلەكلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ» (222)، «ئادىل ئىش قىل، (بۇنىڭغا)تىرىش، زۇلۇم-زورلۇق قىلما» (1451)، «يەنە بىرسى خەلققە ئادىل قانۇن يۈرگۈز، بىرسىنىڭ ئىككىنچى (بىرسىگە) زۇلۇم

www.uyghurkitap.com



قىلىشىغا يول قويما، ئۇلارنى قوغدا» (5576)، «تەڭرى سېنى ئادالەت ئۈچۈن تىكلىدى، ئادىل بول، ئادالەت بىلەن تۇر» (5195)، «بارچە خەلققە مېھرىبان بول، ئۇلۇغقىمۇ، كىچىككىمۇ ئادالەت قىل» (5197)، «قارا بەگلىكنىڭ ئۇلى ھەق ـ ئادالەتتۇر، بەگلەر ئادىل بولسا، ھاياتتا ھالاۋەت بولىدۇ» (8119). بۇلاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادىل، ھەققانىيلىقنى تەلەپ قىلسا، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 5559 ـ بېيىتىدىن 5567 ـ بېيىتىگىچە بولغان مەزمۇنلاردا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇشنى تەكىتلەپ مۇنۇلارنى يازغان: «بۇلاردىن كېيىن قالسا ئاۋام ـ قارا خەلق تۇرىدۇ، بۇلارنى قانۇن بىلەن ياخشى ئىدارە قىل. بۇلارمۇ ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرق ئەتمەك زۆرۈر، زۇلۇم سالما. زۇلۇم قىلساڭ بۇ ئەلگە بالا كېلىدۇ. بۇلاردىن بىرى بايلار بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى كۈچلۈكلەردۇر. ئۇلاردىن كېيىنكىسى ئوتتۇراھال كىشىلەر بولۇپ، بۇلار بايلار قىلغان ئىشنى قىلالمايدۇ (ئۇلار بەرگەن باجنى بېرەلمەيدۇ)، ئۈنىڭدىن كېيىن يوقسۇللار تۇرىدۇ. ھەممىدىن بۇرۇن بۇلارنى ئاسراش كېرەك. بايلارنىڭ يۈكىنى ئوتتۇراھاللارغا يۈكلىمەسلىك كېرەك، ئۇنداق قىلساڭ ئوتتۇراھاللار بۇزۇلىدۇ ۋە ھالىدىن كېتىدۇ. ئوتتۇراھاللارنىڭ يۈكىنى يوقسۇللارغا ئارتماسلىق كېرەك، ئۇنداق قىلساڭ كەمبەغەللەر ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ ۋە قىرىلىدۇ. يوقسۇللارنى ئاسرىساڭ ئوتتۇراھال بولىدۇ، ئوتتۇراھاللار ئۆزىنى بىرئاز ئۈگىشۋالسا باي بولىدۇ. كەمبەغەللەر ئوتتۇراھال بولسا، ئوتتۇراھاللار باي بولسا مەملىكەت باي بولىدۇ»[5]. بۇلاردا كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى تەڭشەشنىڭ ئىناق ھەم ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتىكى رولى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**2) شەخس بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئارىسىدىكى ئىناقلىق توغرىسىدىكى ئىدىيەلەر**

ئىناق جەمئىيەت تەبىرىدىكى تەرتىپلىك بولۇش، سەممىي، دوستانە ئۆتۈش، ھاياتىي كۈچكە ئىگە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولۇش دېگەنلەر جەمئىيەت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 4605 ـ بېيىتىدە «پۈتۈن نەرسىنىڭ تەرتىپ يوسۇنى بار، يوسۇنلۇق بولسا ئەر، يۈزى نۇرلىنار» دېيىلگەن، بۇ يەردىكى «تەرتىپ» جەمئىيەت تەرتىپىنى، بۇ يەردىكى «يوسۇنلۇق ئەر» جەمئىيەت ئەزاسىنى كۆرسىتىدۇ. مونتېسكيو ئېيتقاندەك: «جەمئىيەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بولىدۇ»[6]. جەمئىيەت ئادەملەرنىڭ جەمئىيىتى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە، قانۇن ئادەمنىڭ ئاڭلىق پائالىيىتى ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. تەپەككۇر، ئاڭ ئۆرلىگەنسېرى ئادەم شۇنچە يوسۇنلۇق بولىدۇ، «يوسۇنلۇق بولۇش» ئۈچۈن جەمئىيەت ئەزالىرى يېتىشكەن، بىلىملىك بولۇشى كېرەك. بىلىملىك، يوسۇنلۇقلار كۆپ بولسا جەمئىيەت تەرتىپلىك بولىدۇ، ئومۇمىي خەلق بىلىملىككە ئايلانسا سەممىي، دوستانە بولغىلى بولىدۇ. ئىناق جەمئىيەت پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ مول بولۇشىنى، ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىلىمى ۋە بىلىملىكلەرنى ھۆرمەت قىلىش بولمىسا ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ. ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، ئادەمنى ئاساس قىلغان ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ كاپالىتى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مەقسىتى. «قۇتادغۇبىلىك» بىر «بىلىم، ئەقىل»نى ئاساسىي تېما قىلغان ئەسەر، ئەسەرنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسىمۇ «بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم». ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژنىڭ بىرى ئايتولدى بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى، بىلىم، ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ نامايەندىسى، ئۇ بەخت ـ سائادەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى گۈزەل ئەخلاقلىق، يوسۇنلۇق بولۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. كىتابنىڭ 85 بابىنىڭ ئىچىدە، 6 ـ بابنىڭ ئىسمى «ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىكەنلىكى بايانىدا»، 10 ـ بابنىڭ ئىسمى «بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى بايانىدا»، 11 ـ بابنىڭ ئىسمى «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە ئەقلىنى سۈرەتلەپ بەرگەنلىكى بايانىدا»، بولۇپ، بۇلاردا مەخسۇس بىلىم ۋە ئەقىل ئۈستىدە توختالغاندىن سىرت، پۈتۈن ئەسەرنىڭ 130دىن ئارتۇق يېرىدە[7] ئوخشىمىغان

دەرىجىدە بىلىم ۋە ئەقىل ئاساسىي تېما قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇئەللىپ شەخسلەرنىڭ يېتىلىشى، پەزىلىتى، ئىستىقبالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. تىپىكلىرىدىن: «ئەقىل قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر، بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك تاپۇر» (154)، «ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر، بىلىملىك ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر» (155)، «بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان، قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان» (313)، «ئەقىل كۆپ كېرەكتۇر تاللاشقا كىشى، بىلىم بەك كېرەكتۇر قىلىشقا ئىشى» (327)نى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە. دېمەك، يوسۇن، بىلىم، ئەقىل بىلەن ئىش قىلساقلا ئىجادىيەت قابىلىيىتى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىش روناق تاپىدۇ. جەمئىيەت ھاياتى كۈچكە تولىدۇ.

ھەرقايسى كەسىپلەر گۈللەنسە جەمئىيەت تەرەققىي قىلىدۇ. ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى جەمئىيەتنى مۇقىم قىلماقچى بولىدىكەن ھەرخىل كەسىپلەرنى ئاسرىشى، ئىجتىمائىي قاتلامنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ ئۇلارنى تىنچلىقتا بىرگە تۇرغۇزۇشى كېرەك. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇئەللىپى جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلامغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى، ھەرخىل كەسىپكارلاردىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئەسەرنىڭ 49-بابىدىن 61-بابىغىچە ھۆكۈمرانىنىڭ ئاۋام خەلق، ئالىملار، تېۋىپلار، ئەپسۇنچىلار، شائىرلار، دېھقانلار، سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر قاتارلىق 15خىل كىشى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئۈستىدە توختىلىپ، ھەرخىل كەسىپلەرنى ئاسراپ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى تەكىتلىگەن. ھازىرقى ئىناق جەمئىيەت بىرگە مەۋجۇت بولۇپ، ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان جەمئىيەت. ئەقلى، بىلىمى بىلەن ئىشنى روناق تاپقۇزغان جەمئىيەت ئەزاسى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇئەللىپ «ئالتۇن يىغىپ ئەلگە بەرمەي نېمە قىلىسەن» (1674)، «خەلقنى باي قىل، ئەلنى گۈللەندۈر» (1039) دەپ جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ بايلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى تەكىتلىگەن. ئەسەردە يەنە بۇ توغرىسىدىكى مەزمۇنلار مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ھەي ھۆكۈمدار خەزىنىنى ئاچ، بايلىقنى ئۈلەشتۈر، ئادەملىرىڭنى سۆيۈندۈر، ئۇلار سېنىڭ ھەممە ئارزۇيۇڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئالتۇن ۋە كۆمۈش بەرگۈچى دۈشمىنىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەگەر سەن دائىم ئۈستۈنلۈكتە تۇرىمەن دېسەڭ ئادەملەرنى رازى قىل، ئۇلارنى قەدىرلەپ خۇش قىل، ئادەملىرىڭنى ئالدى بىلەن رازى قىلىپ، كېيىن ئىش تەلەپ قىل، پۈتۈن ئارزۇلىرىڭ ئىشقا ئاشىدۇ. دۈشمەنمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا باش ئېگىدۇ...... گادايىنى باي قىلىپ، ئاچنى تويغۇز، خىزمەت قىلغۇچىلار بىرەر نەرسىنى ئۈمىد قىلىدۇ، خىزمەتكار ئۈمىدىنى ئۈزسە دەرھال كېتىپ قالىدۇ». [8] بۇلار جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، تېخىمۇ مۇھىمى جەمئىيەت بىلەن ھەرقايسى كەسىپتىكى شەخسلەرنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدۇر. بۇ مۇناسىۋەتلەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىنسا، ئىشلىگەن چىشلىسە، شۈبھىسىزكى ھەممە رازى بولىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ، خەلق ئاممىسى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدۇ، جەمئىيەت تىنچ، ئىتتىپاق بولىدۇ. مانا بۇ ئىناقلىق «قۇتادغۇبىلىك» تىكى غايىۋى جەمئىيەتتۇر.

**3) تەبىئەتكە ماسلاشقان، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلىدىغان تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكى، ئىناقلىقىغا دائىر ئىدىيەلەر**

ئىناقلىق ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى كىشىلەر تەبىئەت بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپلا قالماستىن، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنىمۇ ساقلاپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى سىستېمىسى بىلەن تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئىناق بىرگە تۇرغۇزۇشى، ماس راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش باياشات، ئېكولوگىيە ياخشى بولۇش تەلىپىگە يەتكىلى بولىدۇ.

تەبىئىي شارائىت مۇھىت ئاساسىنى يارىتىپ بېرىدۇ. مۇھىت يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

باشلىنىش نۇقتىسى، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان شارائىت. تارىختا نۇرغۇن مىللەتلەر كۆچەيگەنۇ، يەنە تېزلا ئاجىزلىغان ياكى يوقالغان. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلاردا تەبىئەت بىلەن ئىناق، ئورتاق ياشاپ ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىدىغان قاراش ۋە ئېتىقاد بولمىغان. خەلقىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق يىللار ياشاپ تۇرالىشىدا «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش ئىدىيەسى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرغان. شۇڭا خەلقىمىزدە تەبىئەتنى ئانا بىلەن تەڭ قويىدىغان «ئانا تەبىئەت» دېگەن ئىدىيە پەيدا بولغان. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نۇرغۇن مىسرالىرى ئاسمان، زېمىن، ھاياتلىق قارىشىغا چېتىلىدۇ. مۇئەللىپ ئەسەرنىڭ 5-بابىدا «ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت، ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا مەۋجۇت» (143) دەپ دۇنيانى «تۆت چوڭ ماددا»غا يىغىنچاقلىغان. بۇ ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىكى بۇ تۆت ئاساسىي ماددىنىڭ ھەرىكىتى، ئۆزگىرىشى ئۆزئارا باغلىنىپ تەبىئەت دۇنياسىنى تەشكىل قىلىپ، دۇنيانىڭ مەنبەسى«تۆت ئېلېمېنت» دېگەن مەنانى شەكىللەندۇرگەن. يەنە بۇ توغرىسىدا ئەسەردە «بۇ تۆت يار ماڭا تۆت، تادۇدەك[9] ئېرۇر، تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر» (60) دېيىلگەن. مۇئەللىپ «تۆت ئېلېمېنت» ئارىسىدىكى تەرتىپنى «يېتىشلىك ئىلاھىم سېلىپ ئىزغا ئۇز، ياراتتى ئۇلارنى ياراشتۇردى تۈز» (146) دەپ يازغان. بۇ يەردىكىسى تۆت ئېلېمېنت (تۆت زات)نىڭ بىرى بىرىنى تۇغدۇرۇش، بىرى بىرىنى يېڭىش مۇناسىۋىتىدىكى مۇقىم تەرتىپلىك ئايلىنىش ھەرىكىتىدۇر. «قۇتادغۇبىلىك»تە «جېدەل باستى يارىشىق تادۇ ئىچىنى، يېڭىپ بىرى باستى كېلىپ ئۆچىنى» (1053)، «مىزاجى ئۆزگەردى، تاماق بى تېتىق، كۆڭۈل بولدى غەش، تۇتۇپ بەك ئاغرىق» (1054) دېيىش ئارقىلىق ھاياتلىق بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت يېشىپ بېرىلگەن. «يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆت تادۇنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەنبەسى دەپ قاراش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭمۇ مەنبەسى دەپ قارىغان»[10].

غەربىي رايون قۇرغاق، سوغۇق بەلباغ بولغانلىقتىن، قەدىمكىلەر قۇياشقا تېۋىنغان، «قۇتادغۇبىلىك»تە قۇياشقا مەدھىيە ئوقۇيدىغان مىسرالار ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن: «تۇغار كۈن، يورۇر بۇ جاھان» (827)، «ئىسسىدۇ يەر، تۇغقاندا كۈن» (829). مۇئەللىپ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايغىمۇ مەدھىيە ئوقۇغان، «ئاي ئاۋۋال تولامۇ كىچىك تۇغۇلار» (731)، «تولۇن بولسا تولۇپ، جاھان يورىتار، جاھان خەلقى ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالار» (732) قاتارلىقلار. ئۇ يەنە كۈنتۇغدى، ئايتولدىنى پادىشاھ ۋە ۋەزىرگە سىمۋول قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان چوقۇنۇشىنى ئىزھار قىلغان، مانا بۇ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ قەلبتىكى بېشارىتىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئىش قانۇنىيەت بىلەن ئىشلەنسە كىشى يۈزى نۇرلىنىدۇ، ئىشتا غەلىبە بولىدۇ» دېگەن. تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈشتە چوقۇم قانۇنىيەت بىلەن ئىش قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا «قوڭۇر يەر، يېشىل سۇ ياراشماق بىلە، ئارا مىڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۆلە» (3212)، «قايۇ باققا كىرسە سۇ گەر ئۆكسمەي، تۈمەن خىل خۇشپۇراق چېچەك گۈللىگەي» (1808) دېگەندەك مۇھىت يارىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش باياشات، ئېكولوگىيە ياخشى بولۇش تەلىپىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئىپتىدائىي مەدەنىيلىك، يېزا ئىگىلىك مەدەنىيلىكى ۋە سانائەت مەدەنىيلىكىنى بېسىپ ئۆتتى. ھازىر سانائەت مەدەنىيلىكىدىن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ. ئېكولوگىيە، مۇھىت دېگەن گەپلەرمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئالىملىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققىشقا باشلىغان. يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيلىكىگىمۇ تولۇق يېتىپ كەلمىگەن بىر قوۋم كىشىسىنىڭ زامانىمىز ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مۇھىتى گۈزەل بولۇشنى تەكىتلىشى تولىمۇ ئىلغارلىق. شۇڭا،

كېيىن ئېيتالايمىزكى، ئۆزبېك ئالىمى قەييۇم كېرىموف ئېيتقانىدەك: «قۇتادغۇبىلىك دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى، سىياسىتى، قانۇن-قائىدىلىرى، شۇنىڭدەك رەسىم-يوسۇنلىرىنى، ئەخلاق-پىرىنسىپلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن نىزامنامە»[11]. بۇ نىزامنامىدە ھازىر بىز تەكىتلەۋاتقان «ئىناق جەمئىيەت» ئىدىيىسى نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىدىيەنى تەتقىق قىلىپ، شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، ئۇنى ھازىر ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىناق جەمئىيەت ئىدىيەسىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى

**1) ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە**

پارتىيە17-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا ئېنىق قىلىپ: «ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەتراپلىق تونۇپ، ئۇنىڭ شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، ئېسىل جۇڭخۇا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋاستىسى ئارقىلىق مول مىللىي مەدەنىيەت بايلىقنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش لازىم. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئېچىش ۋە قوغداشنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش، مەدەنىيەتكە ئائىت قەدىمىي كىتابلارنى رەتلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك»[12] دەپ كۆرسىتىلدى. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، شۇنداقلا ئازسانلىق مىللەتلەر ئاساس قىلىنغان رايون، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 60% تىدىن كۆپرەكى ئاز سانلىق مىللەت، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تەبىئىي شارائىت، تارىخىي تەرەققىيات قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىتىكى دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن بولغان پەرقى چوڭ بولماقتا. ھازىر دۇنيا ۋەزىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات بەلگىلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت چوڭقۇر قاتلاملىق بولىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مۇجەسسەملەيدىغان تۈپ ئامىل. شۇڭا، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولىدىكەنمىز مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئامىلنى نەزەرگە ئېلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئورتاق تەرەققىيات، ئورتاق گۈللىنىشتەك ئىناق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر ئىناقلىقىغا پۇختا ئاساس سېلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىناق شىنجاڭ قۇرۇشتا تۆرتكىلىك رول ئوينىشىمىز لازىم. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئابىدىسى، بۇ ئەسەرنىڭ شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ چوڭقۇر تەسىرى بار، بۇنىڭدىكى ئىناقلىق ئىدىيەسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى كىشىلەر ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئەسەردىكى ئىناقلىق ئىدىيەسىنى قېزىش، رەتلەش، ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش شىنجاڭدا ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، جۇڭگودا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىمۇ مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2) دۆلەتنى تىنچ ئىدارە قىلىش، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە**

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، خەلقنى بېيىتىش پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ خۇسۇستا «قۇتادغۇبىلىك دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ قىبلىنامىسى» دەپ ئاتىغان. داستاندا دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش، ئالايلۇق، تالانتلىقلارنى قانداق ئىشقا قويۇش، ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلارنى قانداق ئۆستۈرۈش، قانداق ۋەزىپىگە تەيىنلەش، سىياسىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنى قانداق بىر ياقلىق قىلىش قاتارلىقلارنى؛ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، قانۇن، ئېتىكا، ئائىلە-نىكاھ، پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش مەسىلىلىرىنى ئەتراپلىق شەرھلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش

www.uyghurkitap.com

قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ئىدىيەلەر ئۆز ۋاقتىدا جەمئىيەت تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىغان.

داستان پۈتكەندىن كېيىن، «مۇئەللىپ ئۇنى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان، ھەسەن بۇغراخان مۇئەللىپكە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن».[13] «شىنجاڭدىكى ئىسلام خانلىقلىرى تارىخى»نىڭ مۇئەللىپى لىن جىنشىن باھا بېرىپ، «بۇغراخان مەشھۇر قاغان، خېلى ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (1074 ـ 1102يىللار) بۇ خانلىق بىر قەدەر مۇقىم بولغان، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللەنگەن ئىدى»[14] دېگەن. شۈبھىسىزكى، بۇنى بۇغراخاننىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەردىكى ئىناقلىق ئىدىيەسىنى تەتقىق قىلىش ھازىرقى پەيتتىمۇ دۆلەتنى تىنىچ، ئىتتىپاق قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**3) ئادەم بىلەن مۇھىتنىڭ ماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە**

ماتېرىيالىستىك تارىخ قارىشى جۇغراپىيەلىك مۇھىت جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىنىڭ بىرى، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىدىن (جۇغراپىيەلىك مۇھىتتىن) ئايرىلالمايدۇ، تەبىئەت ئىنسانىيەتنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى تەبىئەت بىلەن ماس ئۆتۈش، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلىشتەك تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ ئىناقلىقى ئىدىيەسى ئادەم بىلەن مۇھىتنىڭ ئىناق ئۆتۈش مەسىلىسى ئۈستىدىكى ساددا بايان بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى ئەسەبىيلەرچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن، تەبىئەتنىڭ ئىنسانلاردىن «ئۆچ ئېلىشى»غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۈبھىسىزكى مۇھىم بېشارەت. بۇنى ئالدىنقى بۆلەكتە بايان قىلىنغان ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ تەبىئەتتىكى ئورنى ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى، تەبىئەتكە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئاساس ۋە ئانا ماكان ئىكەنلىكىنى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىكىنى، ئادەمنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. بۇلار ئادەم بىلەن مۇھىتنىڭ ماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

قىسقىسى، ئىناق، گۈزەل جەمئىيەت قۇرۇش باشتىن ـ ئاخىر ئىنسانىيەت ئىنتىلىدىغان ئۇلۇغۋار غايە بولۇپ كەلدى. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ساددا، غايىۋى ئىناق جەمئىيەت ئىدىيەسى ئىنسانىيەتنىڭ 21 ـ ئەسىرگە يۈزلىنىشى، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىنى قايتا ئويلىنىشقا دائىر پىكىرلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ پىكىرلەرنى دېدەبىلىك سۆزلەر بىلەن ئىزاھلىغاندىن كۆرە، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «قەيەردە يېقىنلىق، ئىناقلىق بولۇر، نەزەر سال، شۇ ئىشتىن كۆپ پايدا كېلۇر» (3210) دېگەن مىسرالار بىلەن ئىپادىلىسەك كۇپايە. دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىناقلىق ئوزۇقى ئېلىپ، زامانىۋى ئىناقلىق ئىدىيەمىزنى قۇۋۋەتلەپ، شىنجاڭدا «يېقىنلىق»، «ئىناقلىق»نى ئىشقا ئاشۇرالىساق، «بۇ ئىشتىن كۆپ پايدا كېلىپ»، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى، ھالقىما تەرەققىياتى ئىشقا ئېشىپ، ئىستىقبالىمىز پارلاق بولىدۇ. بۇ پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشىغا تۆھپە بولىدۇ، دۇنيا مىقياسىدا ئىناق دۇنيا قۇرۇشقىمۇ تۆھپە قوشىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىغا دائىر مۇھىم بايانلاردىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.
3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (نەسرىي يەشمىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

4. تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ماكياۋىللىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2010-يىل 1-سان.

## ئىزاھلار


[1]خۇ جىنتاۋ:«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مەخسۇس مۇھاكىمە كۇرسىدىكى سۆز»، «ئىدىيە-سىياسىي(4)»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ، 2008-يىلى نەشرى(ئۇيغۇرچە)، 147-بەت.

[2] يۈسۈپ خاس ھاجىپ:«قۇتادغۇبىلىك»، خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 16-بەت.

[3]لاۋ شى: «جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 2-قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات» [Z]، 1956-يىلى نەشرى (خەنزۇچە).

[4]«ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىغا دائىر مۇھىم بايانلاردىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى(ئۇيغۇرچە)، 91-، 92-بەتلەر.

[5] رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىلى (ئۇيغۇرچە) نەشرى.

[6] سەمەت خېۋىر:«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى، 113-بەت.

[7] ليۇ يۈەن: ««قۇتادغۇبىلىك›تىكى بىلىم، ئەقىل بايانى ئۈستىدە ئانالىز» [J]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(خەنزۇچە)، 2007-يىللىق، 3-سان، 105-بەت.

[8] رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 133-بەت.

[9] تۆت تادۇ ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زات ياكى تۆت ماددا، تۆت ئېلېمېنت، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىزاھلارنىڭ 24-چىسى.

[10] سەمەت خېۋىر: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى، 22-بەت.

[11] يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى: «قۇتادغۇبىلىك ۋە قانۇن»دېگەن ئەسىردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 5-بەت.

[12] خۇ جىنتاۋ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلايلى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 53-بەت.

[13]«قۇتادغۇبىلىكنىڭ‹مۇقەددىمە››سى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 4-بەت.

[14] لى جىنشىن: «شىنجاڭدىكى ئىسلام خانلىقلىرى تارىخى»، بېيجىڭ، دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى 1999-يىلى نەشرى(ئۇيغۇرچە).


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

33 ـ يىللىق 3 ـ سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 33 卷第 3 期
2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2012 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 6ـ036ـ03 (2012) 1005ـ5878

# ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۇنۇملۇك تەمىنلەشنىڭ رولى توغرىسىدا*

خەلپىدىن مۇساھىب

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە جامائەت باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ يېزىلارغا مەبلەغ سېلىش دەرىجىسى يىلمۇ ـ يىل ئېشىپ بارغانلىقتىن، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، يېزىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن، دۆلىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ئاساسى ئەسلىدىنلا ئاجىز بولغانلىقتىن، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشى ئاستا بولدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىر مۇھىم نۇقتا يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى قانداق ئۈنۈملۈك تەمىنلەش، تەمىنلەش دائىرىسىنى قانداق كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. بۇ ماقالىدە، يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۈرى ۋە يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئەندىزىلىرى تەھلىل قىلىنىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئامىللار ھەمدە يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى تەدبىرلەر كۆرسىتىپ بېرىلدى.

**摘要：** 自提出新农村建设以来，我国逐年加大对农村的投资力度，使得农村生产条件和农民生活水平得到了极大的改善，农业综合生产能力得到了提高，但是由于我国农业、农村本身发展基础薄弱，导致农村经济整体发展缓慢。解决这一问题的关键之一在于如何有效提供农村公共产品，扩大供给的覆盖范围。本文，对农村公共产品的性质，种类及其供给模式进行分析，阐述我区农村公共产品供给不足的制约因素以及有效供给农村公共产品，构建和谐社会的对策建议。

**Abstract:** Since the proposing of new rural reconstruction in China, the investment to rural areas has been increased year by year. This brought better production condition and higher living standard. However, caused by instability of agricultural development, the developing speed of rural economy has been slowed. The solution relies on how to supply the public supplement more effectively and widely. This thesis analyzes proprieties, types and supplying patterns of public supplements for rural areas, finds out the reason that causes insufficient public supplements in our region, and gives some solutions to solve the problem.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C913.7　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

يېزا جامائەت مەھسۇلاتى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان خۇسۇسىي مەھسۇلاتلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان، ئىستېمالى رىقابەتسىز ۋە يەكلەشسىز بولىدىغان، يېزا ئاھالىلىرى ئورتاق بەھرىمان بولىدىغان ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى جامائەت مەھسۇلاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېردە بولمىغان جامائەت مەھسۇلاتى دەپ ئايرىلىدۇ. ئالدىنقىسى، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك سۇ قۇرۇلۇشى ئۇل ئەسلىھەلىرى، يېزا، كەنت يوللىرى ۋە جامائەت قاتناش ۋاستىلىرى، بىر قىسىم ئوتتۇرا ۋە چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى، يېزا ئىگىلىكى

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 6- ئاينىڭ 20-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: خەلپىدىن مۇساھىب( 1960-يىلى 1-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، سىياسىي- ئىقتىساد ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش ۋە پىششىقلاش ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىنكىسى، يېزىلاردىكى پوچتا-تېلېگراف ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى، داۋالاش، سەھىيە ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەسلىھەلىرى، ئوقۇتۇش-تەتقىقات ئەسلىھەلىرى، توك، تەبىئىي گاز ۋە تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئۈسكىنىلىرى، پاراۋانلىق قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى شۇنداقلا تەنتەربىيە ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى سورۇنلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش يېزا ئاھالىلىرىنىڭ جامائەت مەھسۇلاتىغا بولغان ئورۇنلۇق ۋە كۈچلۈك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەت جەريانى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى جامائەت مەھسۇلاتى يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن بىۋاسىتە ئىشلىتىلىپ، يېزا-ئىگىلىكى مەھسۇلات مىقدارى ۋە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، كىرىم تەقسىمات ئۈنۈمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان جامائەت مەھسۇلاتى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىپ، ئاھالىلارنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ ۋە ئەلالاشتۇرۇپ، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىستېمال ئۈنۈمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

جامائەت مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەش سۇبيېكتىدىن قارىغاندا، يېزا جامائەت مەھسۇلاتى يۇتۇنلەي ھۆكۈمەت تەمىنلەيدىغان جامائەت مەھسۇلاتى ۋە ئارىلاشما سۇبيېكتلار تەمىنلەيدىغان جامائەت مەھسۇلاتىغا بۆلۈنىدۇ. پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەمىنلەيدىغان جامائەت مەھسۇلاتى تولۇق رىقابەتسىز ۋە يەكلەشسىز بولىدىغان، يېزا ئاھالىلىرى ئورتاق ئىستېمال قىلغاندا «قىسىلىش» يۈز بەرمەيدىغان مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېزىلاردىكى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەمىنلەشكە تېگىشلىك جامائەت مەھسۇلاتى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، يېزا ئاساسىي قۇرۇلۇشى. بۇ ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ بەرپا قىلىدىغان يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدار بولغان دەريا ئېقىنلارنى تىزگىنلەش، باشقۇرۇش قۇرۇلۇشى، زىمىكەش، سۇ باشلاش ۋە سۇغىرىش قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ئوتلاق، ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتلىرىنى ئۇبۇروت قىلىشقا كېرەكلىك مۇئەسسەسە ۋە تاۋار ئاشلىق بازا قۇرۇلۇشى ھەمدە مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، يېزا جامائەت مائارىپى. بۇ ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالىدىغان يېزىلاردىكى توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ۋە باشقا تەربىيەلەش ئورۇنلىرىنىڭ راسخودى، تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ مائارىپىغا ياردەم بېرىش راسخودى ھەمدە يېزىلاردىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە ۋە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشقا كېرەكلىك راسخود قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، يېزا ئىجتىمائىي كاپالىتى. بۇ ئاساسلىقى نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى، تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش، يېزا پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلىش، شۇنىڭدەك ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى، يېزا داۋالاش كاپالىتى. بۇ ئاساسلىقى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش، ساغلاملىق تەشۋىقات تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، پىلانلىق تۇغۇت، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، ئاساسىي داۋالاش ۋە مۇلازىمەت قىلىش تۈرى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەشىنچى، يېزىلارنىڭ مەمۇرىي ۋە كەسپىي خىراجىتى. بۇ ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالىدىغان ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇش خىراجىتى ھەمدە يېزىلاردىكى ئورمانچىلىق، مال دوختۇرلۇق، سۇچىلىق، مەدەنىيەت، پوچتا-تېلېگراف ۋە مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالتىنچى، يېزىلارنى قانۇن ئارقىلىق تۈزەش ۋە باشقۇرۇش خىراجىتى. بۇ يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى قۇرۇلۇشى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى،

www.uyghurkitap.com



ئەدلىيە ۋە سوت قاتارلىق ئورگانلارنىڭ خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئارىلاشما سۇبيېكتلار تەمىنلەيدىغان جامائەت مەھسۇلاتى ئادەتتە پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەمىنلەيدىغان جامائەت مەھسۇلاتى بىلەن يېزا ئاھالىلىرىنىڭ خۇسۇسىي مەھسۇلاتى ئارىلىقىدا تۇرىدىغان، ئىستېمالى مەلۇم دەرىجىدە رىقابەتلىك ياكى يەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدىغان، ئىستېمال قىلىدىغان يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بەلگىلىك «قىستىلىش» يۈز بېرىدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يول، كۆۋرۈك قاتارلىق يېزا ئۇل ئەسلىھەلىرى، يېزا تېخنىكا مائارىپى، دوختۇرخانا، كىنوخانا، ياشانغانلار ساناتورىيەسى ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرى قاتارلىقلار.

روشەنكى، پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەمىنلەيدىغان يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرى ھۆكۈمەت ھەرىكىتى كاتېگورىيەسىدىكى ئىش بولۇپ، جامائەت مالىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا كېرەكلىك مەبلەغنى پۈتۈنلەي دۆلەت ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەمما، ئارىلاشما سۇبيېكتلار تەمىنلەيدىغان يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى ھاسىل قىلىش ۋە ئىستېمال قىلىش مەسىلىسىدە، ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ رولىنى بىرلەشتۈرۈشكىمۇ، ئايرىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە، ئۇزۇندىن بۇيان، داۋاملىشىپ كەلگەن «يېزىلاردىن ئېلىپ، شەھەرلەرگە بېرىش» تىن ئىبارەت تەكشى بولمىغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ تەسىرىدە، شەھەرلەر ئەتىۋارلىنىپ، يېزىلار تولۇق نەزەرگە ئېلىنمىغاچقا، بىر تەرەپتىن، دۆلەتنىڭ يېزىلارنى جامائەت مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ئۈنۈملۈك مېخانىزمى ئۆز ۋاقتىدا شەكىللەنمىدى، دۆلەتنىڭ يېزىلارنى جامائەت مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەشكە ئاجراتقان مالىيە مەبلىغى يېتەرلىك بولمىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يېزىلار جامائەت مەھسۇلاتىنىڭ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى يەنىلا ئەسلىدىكىدەك يېزا ئاھالىلىرىدىن تۈرلۈك شەكىلدە «ھەق ئېلىش» ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە ئەسلىدە دۆلەت ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك يېزا ئىجتىمائىي كاپالىتى يېزا ئاھالىلىرىغا يۈكلىنىپ، ئۇلارنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، يېزىلارنى جامائەت مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەش ئادەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ تەدبىر بەلگىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ «ھەق ئېلىش» قا ئالاقىدار ئىشلارغا قاتنىشىش ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولمىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسىي قاتلاملاردىكى بەزى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى «ھوقۇق-پۇل سودىسى» قىلىپ، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملارنى كۆپەيتىپ، ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتتى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى ۋە كۆتۈرۈش كۈچىگە قارىماي، ھەدەپ «يۈز-ئابرۇي قۇرۇلۇشى» قىلدى ۋە باشقىلار.

ئەلۋەتتە، كىشىلەر خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلغاندا، ئۇلاردىن «ھەق ئېلىش» تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە، پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەمىنلەيدىغان جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىدىغان ئاھالىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ. بۇنداق بولۇشىنى بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. يەنى ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە شەكلىدە تەمىنلەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى تېخنىكا جەھەتتە بىر نەچچە قىسىمغا ئايرىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن تەمىنلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇنداق مەھسۇلاتلارنىڭ مارگىنال تەننەرخى ئىستېمالچىنىڭ كۆپەيگەنلىكى ياكى ئازايغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا مەھسۇلاتنىڭ مۇلازىمەت قىلىش سۈپىتىگىمۇ تەسىر يەتمەيدۇ. دۆلەت مۇداپىيەسى، جامائەت سىياسىتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى، جەمئىيەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ۋە تۈزەش قاتارلىقلار مۇشۇنداق مەھسۇلاتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئارىلاشما سۇبيېكتلار تەمىنلەيدىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى جامائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىستېمالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىستېمالچىلار سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بەلگىلىك «قىستىلىش» شەكىللىنىدىغان بولغاچقا، زىيادە قىستىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن

ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىستېمالچىلاردىن مۇۋاپىق تۈردە ھەق ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئۇنۇم بىلەن ئادىللىقنىڭ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى زۆرۈر. چۈنكى، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈنلەي مەلۇم بىر شەخس ياكى مەلۇم بىر تەشكىلاتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن تەمىنلىنىدۇ (خۇسۇسىيلارنىڭ جامائەت مەھسۇلاتنى تەمىنلەشكە قاتنىشىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ۋە زۆرۈرلۈكى خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ تولۇق ئېتىراپ قىلىشغا ئېرىشتى)؛ بەزىلىرى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەمىنلىنىدۇ. شۇڭا، بۇنداق جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلغۇچىلاردىن تېگىشلىك «ھەق ئېلىش» ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەلۋەتتە. ئەمما، دۆلەت مەبلىغىنى ئاساس، يېزا ئاھالىلىرىدىن مەبلەغ توپلاشنى قوشۇمچە قىلىپ تەمىنلىنىدىغان، دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي مالىيەگە كىرگۈزۈلمەيدىغان كىرىم مەبلىغىنى بىرلەشتۈرۈپ تەمىنلىنىدىغان ھەمدە ساخاۋەتچىلەرنىڭ خەيرىي-ئېھسانلىرى ئارقىلىق تەمىنلىنىدىغان جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىدىغان يېزا ئاھالىلىرىدىن ھەق ئېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ مەھسۇلاتلارنى ئاسراش، رېمونت قىلىش ياكى كېڭەيتىشكە كېرەكلىك مەبلەغ مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى يەرلىك ھۆكۈمەت پۈتۈنلەي ئۆز جۇغلانمىسىغا تايىنىپ ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا، يېزا ئاھالىلىرى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئەگەر يېزىلارنى جامائەت مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇش يېتەرلىك ۋە توغرا بولمىسا، بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئاھالىلىرىغا شەرتسىز، ھەقسىز تۈردە مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى بۇرمىلىنىپ كەتسە ياكى ئوخشىمىغان سۇبيېكتلارنىڭ يېزىلارنى جامائەت مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەشتىكى ئەۋزەللىكى ۋە ئاكتىپلىقى ياخشى جارىي قىلدۇرۇلمىسا، ئىقتىسادىي بايلىق بىلەن ئىجتىمائىي بايلىق زور دەرىجىدە ئىسراپ بولۇپ، يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا، يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟

بىرىنچى، يېزىلاردا ئۈنۈملۈك ئىستېمالنىڭ شەكىللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال ئېڭى كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خۇسۇسىي مەھسۇلات بىلەن جامائەت مەھسۇلاتى ئىستېمال جەھەتتە بارغانسېرى ئۆز-ئارا تولۇقلاش رولىنى ئوينايدىغان بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر يېزىلارغا توك، تۇرۇبا سۈيى، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە تورى، ئۈچۈر، ئالاقە كەڭ بەلبېغى، تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى قاتارلىق جامائەت مەھسۇلاتلىرى يېتەرلىك تەمىنلەپ بېرىلمىسە يېزا ئىستېمال بازارلىرىنىڭ جانلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بىلىم يېزا ئىگىلىكى بىلىم بايلىقلىرىنى ھاسىل قىلىش، ئىگىلەش، تەقسىم قىلىش ۋە ئىستېمال قىلىشنى يېتەكچى قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بولۇپ، ئۇ بىلىم، ئۇچۇر ۋە پەن-تېخنىكىنى ئاساس قىلىپ، بازارغا يۈزلەنگەن، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە بىلىم ياراتقان ماددىي قىممەت زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان يېزا ئىگىلىكىدۇر.

ئاپتونوم رايونىمىزدا گەرچە ئاساسىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش دىسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كەسپىي مائارىپنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى بىر قەدەر تۆۋەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىم يېزا ئىگىلىكى تەلەپ قىلىدىغان يۇقىرىساپالىق يېزا ئىگىلىكى ئەمگەكچىلىرىنى بولۇپمۇ، يېزا ئىگىلىكى ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تېز سۈرئەتتە يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئاسان ئەمەس. بۇ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى ۋە تېخنىكىلىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلىشىگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىشىغا، دۆلەتنىڭ يېزا، يېزائىگىلىكى ۋە دېھقانلار مەسىلىسىگە ئالاقىدار سىياسەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇشىغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىلاردىكى خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كېرەكلىك بازار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇچۇرلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە تۇرمۇشىنى ئۈنۈملۈك تەڭشىشكە، بازارغا يۈزلىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، يېزىلار بىلەن شەھەرلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى جەھەتتىكى پەرقىنى تېخىمۇ چوڭايتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، رادىيو، تېلېۋىزىيە سىگنالىنى ھەمرادىن قوبۇل قىلىش، تەبىئىي گاز، پار ۋە تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلار زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، بۇ تۈردىكى جامائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

تۆتىنچى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئەتراپلىق ۋە ئۈنۈملۈك بەھرىمان بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. نۆۋەتتە، دۆلەت يولغا قويغان يېڭى تىپتىكى يېزا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى يېزا ئاھالىلىرىنى قېرىلىق كېسەللىك ۋە نامراتلىق ئازابىدىن زور دەرىجىدە خالاس قىلىپ، ئۇلارغا بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ سانلىق رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ تۈزۈمنى يۈرگۈزۈشكە كېرەكلىك مېخانىزم ۋە ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەيدۇ. ئالايلۇق، بەزى يېزا دوختۇرخانىلىرىنىڭ شارائىتى ناچار، ئۈسكۈنىلىرى قالاق، كېسەل كارۋاتلىرى كەمچىل، كلىنىكىلىق داۋالاشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان دوختۇر، سېستىرالار كەمچىل؛ كەنت دەرىجىلىك سەھىيە پونكىتلىرىنىڭ پەقەت بىمارلارغا ئوكۇل ئېسىش ياكى رېتسېپقا ئاساسەن دورا بېرىش، ئادەتتىكى يارا-شىراقلارنى دورىلاپ تېڭىپ قويۇشتىن باشقا ئىشلارغا چامى يېتىدىغانلىرى ئاز. ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ رايون ئاتلاپ كېسەل كۆرستىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇسى يەرلىكتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگان ۋە خادىملار ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تۈزۈۋالغان نامۇۋاپىق بەلگىلىمە ۋە تەرتىپلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن ئىشقا ئاشمايۋاتىدۇ ۋە باشقىلار. بۇ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ۋە ئاساسىي دورا تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بەھرىمان بولۇشىنى چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ.

بەشىنچى، يېزا ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە ئوينايدىغان مۇھىم رولى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم يېزىلاردا يول، كۆۋرۈك، ئېرىق - ئۆستەڭ، توسما-توغان، سۇ ئامبىرى، ئىچىملىك سۇ ساقلاش كۆلچىكى، ئاشلىق ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئەسلىدە بارلىرى كونىراپ كاردىن چىققان، يېڭىدىن ياسىلىۋاتقانلىرى ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغاچقا، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنى كۆلەملەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكى يېڭى تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بەزى رايونلارنىڭ جامائەت سەھىيە ئىشلىرى ناھايىتى قالاق بولۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئىقتىدارى ئاجىز؛ بەزى رايونلاردا قۇم ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە زىيانىنى تۆۋەنلىتىشكە كېرەكلىك يۈرۈشلەشكەن مېخانىزم ۋە ئەسلىھەلەر يېتىشمەيدۇ ۋە باشقىلار. شۇنىمۇ كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى يېزىلارنىڭ ئەخلەت، پاسكىنا سۇ ھەممىدە ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا ئېغىر تەھدىت بولۇۋاتقان باشقا كېرەكسىز بۇلغىمىلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەسلىھەلەر ۋە باشقا جامائەت مۇلازىمەت سىستېمىسى تېخى شەكىللەنمىدى. شۇڭا، بىر قىسىم يېزا رايونلىرىنىڭ تەبىئىيلىكى ئېغىر دەرىجىدە بوزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مۇھىتى بۇلغانغان رايونلاردىن بولۇپ قالدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلارنى ھەرخىل جامائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلمىسا، يېزا، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، يېزىلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ بىزدىن يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ.

يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، جامائەت مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەشنىڭ دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى تەجرىبە ۋە ئەندىزىلىرى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېزىلارنى جامائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەش ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە تۈرلۈك ئۇسۇلنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلارنى جامائەت مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى لازىم. بۇ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئىزچىل تۈردە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇلدۇر. دۆلىتىمىز گەرچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن 2011-يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئامېرىكىدىن قالسىلا 2-ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت بولۇپ قالدى. دۆلىتىمىز يەنە دۇنيادىكى مالىيە كىرىمى ئەڭ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلارغا ئاجراتقان مالىيە مەبلىغىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا-كەنت يوللىرى، سۇ قۇرۇلۇشى ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، دېھقانلارنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە ئىشلىتىش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتى، شۇنداقلا يېزىلاردا تۇرۇبا سۈيى، تەبىئىي گاز، توك ۋە باشقا جامائەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە جامائەت سورۇنلىرىنى بەرپا قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ياردەم ۋە تولۇقلىمىلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ دۆلىتىمىز مالىيەسىنىڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇش خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك تەلىپى.

ئىككىنچى، يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشتە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى كۆپەيتىشكە ۋە تاللىشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، بەزىلىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەمىنلىشى مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى بەزى يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىش ياكى پۈتۈنلەي رىقابەتسىز خاراكتېردە بولسىمۇ، قىسمەن يەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ؛ ياكى پۈتۈنلەي يەكلەشسىز بولسىمۇ، قىسمەن رىقابەتلىشىش خاراكتېرىدە بولىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەمىنلەيدىغان يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەتسىز ۋە يەكلەشسىز بولىدىغانلىقىغا كەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ خىل يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت تەمىنلىشى كېرەك.

ئۇنداقتا، يەرلىك ھۆكۈمەت بۇنىڭغا كېرەكلىك مەبلەغ مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟ خەلقئارا ۋە دۆلىتىمىزدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭ مۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك ئۇسۇلى بار. (1) يەرلىكنىڭ يەر ئېچىش، سېتىش ياكى يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى مۇددەتلىك ئۆتۈنۈپ بېرىش ئارقىلىق قىلغان كىرىم چوغلانمىسىنى جامائەت مەھسۇلاتى بەرپا قىلىش ۋە تەمىنلەشكە ئىشلىتىش كېرەك. (2) يەرلىك ھۆكۈمەت كوللېكتىپ ئىلكىدىكى كارخانا ۋە شۇ رايونغا جايلاشقان دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىن قىلغان كىرىمنى يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى بەرپا قىلىش ۋە تەمىنلەشكە ئىشلىتىشى كېرەك. (3) پۇقراۋى كاپىتالنىڭ يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى بەرپا قىلىش ۋە تەمىنلەشكە قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش كېرەك. يېزىلاردا دوختۇرخانا، ياشانغانلار ساناتورىيەسى، يەسلى، باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش قاتارلىق جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى بەرپا قىلىش ۋە تەمىنلەشتە ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىش، پۇقراۋى كاپىتالنى جەلپ قىلىپ، ئاكتىپ رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

## پايدىلانمىلار

1. 石玉梅等. 《新疆农村公共产品供给问题研究》—以马纳斯县为例山西农经[J]，2008 年第 3 期。
2. 杨志勇. 《公共经济学》[M]，清华大学出版社，2008年5月第二版。
3. 《以科学发展观统领经济社会发展大局》[M]，中央党校出版社，2005年10月。

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005 _ 5878 (2012) 03 _ 042 _ 6

# ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا*

بۆۋەجەر مىجىت

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەشكىلات - كادىرلار باشقارمىسى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم رولى، ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 本文通过深入介绍社会适应能力的内涵，阐述其在提升大学生就业能力中的重要作用，结合培养大学生良好社会适应能力在提升其就业能力中的必要性，并提出培养大学生社会适应能力的有效途径。

**Abstract:** This paper introduces connotation of social adaptability and its important role on promoting college students' employment ability. By confirming the necessity of training college students' social adaptability ability, this paper also provides some effective ways to train students' social adaptability to help them promote their employment ability.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تارىختىن بۇيان، مۇھىتقا ماسلىشالىغانلار ياشاپ، مۇھىتقا ماسلىشالمىغانلار ياشاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان. كونىلاردا «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېيىدىغان تەمسىل بار. بۇ، ھەركىم قەيەرگە بارسا، قانداق ئىش قىلسا، شۇ يەرنىڭ مۇھىت-شارائىتىغا ماسلىشىشى، ئىش قىلغاندا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىقى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت بىلەن مەكتەپ ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرق ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا، ئىستۇدېنتلار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش مەزگىلىدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە جەمئىيەتنى چۈشىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ ئاددىي، بىرتەرەپلىمە ۋە رومانتىك بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئادەم ئىشلەتكۈچى بەزى ئورۇنلار ۋە كارخانىلار يېڭىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب دەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تەجرىبىسى، تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىدىن ئىبارەت. ئەمەلىي كۈچى چوڭراق كارخانىلار ئادەم ئالىدىغان ۋاقىتتا ئىجتىمائىي پائالىيەتكە كۆپرەك قاتناشقان، جەمئىيەتنى كۆپرەك چۈشىنىدىغان، تەشكىللەش ئىقتىدارى بىرقەدەر يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنى تاللايدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ئىستۇدېنتلار ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن ئىلگىرى جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى، جەمئىيەتنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 1. ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى

ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى بىر خىل ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار. چۈنكى جەمئىيەت ئادەم بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 6-ئاينىڭ 21-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: بۆۋەجەر مىجىت (1965-يىلى 6-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئىدىيەۋى - سىياسىي ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

پائالىيىتى ئاساسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى. ئادەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىكى رەڭدارلىقنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ياخشى-يامان تەرەپلەرنى، جۈملىدىن تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىللەندۈرگۈچىدۇر. ئىستۇدېنتلارغا بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ھەم مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قانداق ماسلىشىشنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئىستۇدېنتلارنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتنى چۈشىنىش، جەمئىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگە قويغان تەلەپلىرىنى چۈشىنىش ۋە بۇ تەلەپلەرنى قانداق ئورۇنداشنى بىلىش قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە بولىدۇ، ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلىرى بىر قەدەر كۆپ، ئۇنى تۆۋەندىكى تۆت تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتە ماسلىشىش ئىقتىدارى. ئەخلاق-پەزىلەت ئىستۇدېنتلار ۋە يۇقىرى ساپالىق كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئىدىيە ئاساسى. ئىدىيە-ئەخلاق ئادەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ياخشى پىشخىك ھالەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن بىر قەدەر يۇقىرى ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىشى، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان روھقا ئىگە بولۇشى، جەمئىيەت يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنىشنى، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى توغرا مۆلچەرلەشنى، ئۆزىگە ئىشىنىشنى، كوللېكتىۋىزملىق روھنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشنى، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى، ئائىلىگە، جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇشنى ئۆگىنىشنى، شۇنداقلا يەنە ئالىيجاناب ئەخلاق- پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆگىنىشكە ماسلىشىش ئىقتىدارى. ئىستۇدېنتلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆگىنىش مەڭگۈلۈك تېما. شۇڭا، ئۇلار قانداق ئۆگىنىشنى، مەسىلىلەرنى قانداق تەپەككۇر قىلىشنى، ئۈزلۈكسىز يىغىلىنىۋاتقان بىلىملەرنى قانداق ئىگىلەشنى بىلىشى كېرەك. پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىستۇدېنتلارغا ئۆز كەسپى دائىرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇلار چوقۇم كۆپ تەرەپلىمە ئىجتىمائىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئىختىساس ئىگىلىرىدىن ئۆگىنىپ، ئەڭ ياخشى بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇڭا، ئۇلار ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ، ئاڭلىق ھالدا ئۆز كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى، ئوقۇتۇش جەريانى، تەرەققىيات يۈزلىنىشى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئالىي مەكتەپتە ئۆگىنىشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئۆگىنىش مۇھىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدىغان، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىشى كېرەك. ئىستۇدېنتلار ئالىي مەكتەپتىكى ئۆگىنىش مۇھىتىغا ماسلىشىشنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئۆزگىرىۋاتقان مۇھىتقا ماسلىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ماسلىشىش ئىقتىدارى ئاساسلىقى ئۆگىنىش مەقسىتى، ئۆگىنىش مەزمۇنى، ئۆگىنىش تەلىپى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئۆگىنىش ۋاقتى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنى كونترول قىلىش، ئۆزىنى مۇۋاپىق تەڭشەش ۋە بۇ جەھەتتىكى توغرا ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي خىزمەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىكى مەقسىتى جەمئىيەتتە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان خىزمەت تېپىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇلار ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، كىشىلىك ھاياتنىڭ بۇرۇلۇشى، خىزمەت مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدەك ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ. خىزمەت مۇھىتىغا ماسلىشىش خىزمەت مۇھىتى (خىزمەت ئورنى، خىزمەتنىڭ خاراكتېرى، خىزمەت شارائىتى) دا ئۆزگىرىش بولغان ئەھۋالدا، ئۆزىنى تەڭشەش ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. خىزمەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ ئاساسلىق تەرىپى.

www.uyghurkitap.com



تۆتىنچى، كىشىلىك ئالاقىگە ماسلىشىش ئىقتىدارى. كىشىلىك ئالاقىگە ماسلىشىش ئىقتىدارى — كىشىلەر ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن ئېلىپ بارىدىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۇچرىشىش جەريانىدىكى ئۆزىنى تەڭشەش، ئۆزىنى كونترول قىلىشتىكى ياخشى ئىنكاس ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. كىشىلىك ئالاقە ئىنسانلارنىڭ بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيىتى، بولۇپمۇ ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۆز-ئارا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، كىشىلىك ئالاقىنى ماسلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. ئىستۇدېنتلار جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى دەپ قاراپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتلەرگە ماھىر بولۇشى كېرەك. كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىنى ئېلىپ بارغاندا ئەخلاق، ئادەت-يوسۇنلارغا قەتئىي ئەمەل قىلىشى، ئىناق كىشىلىك مۇناسىۋەت ئالاقىلىرىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

## 2. ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

1) ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئاساسلىقى ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارى، باشقۇرۇش ئىقتىدارى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى، جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمىلىي كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، 21-ئەسىردىكى ئاساسلىق رىقابەت دەل دۆلەتلەرئارا پەن-تېخنىكا ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى رىقابىتىدۇر. ھازىرقى زامان ئىختىساس ئىگىلىرى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا ئاكتىپ ماسلاشقان، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىيالايدىغان، يۇقىرى ساپاغا ئىگە ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زامان ئىستۇدېنتلىرىنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

2) ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى. ھازىرقى زامان ئىستۇدېنتلىرى دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ پەخرى، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىگۈچىلەر ۋە دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى. ئۇلار جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشتەك تارىخىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. بۇنداق مەسئۇلىيەت بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بىلەن زىچ بىرلەشكەن. ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىز بولۇشى، ئۆز ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ھەم ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار پەقەت تىرىشىپ پەن -تېخنىكا بىلىملىرىنى ۋە ماھارىتىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. شۇڭا، ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھازىرقى زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئايلانغان.

3) ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ مۇھىم مەقسىتى. ھەرقانداق بىر ئۈمىد جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، جەمئىيەتنىڭ مەجبۇرىيەت-مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئالالىسا ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. ئىستۇدېنتلار ياشلىرىمىزنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر بىر قىسمى، ئۇلار دەۋر ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى

ئېچىشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىجتىمائىيلىششى كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ بىلىم، ماھارەت، ھەرىكەت، ئۇسۇل، تۇرمۇش ئادىتى، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل ئىدىيە-قاراش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتىكى ماسلىشىش ئىقتىدارى، ئىجتىمائىي خىزمەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى، كىشىلىك ئالاقىگە ماسلىشىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىيلىششىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

4) ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى. ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۇنىڭ ئېھتىياج دەرىجىسمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ بارىدۇ. ئىستۇدېنتلارنىڭ تەربىيەلىنىش دەرىجىسى باشقا قاتلامدىكى ياشلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش تەرەققىيات نىشانىمۇ نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ، ئىستۇدېنتلار پەقەت ئۆزىنىڭ كەسپ نىشانى بىلەن ئېھتىياجىنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاكتىپ بويسۇنۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتكە كېرەكلىك ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئايلىنالايدۇ. شۇڭا، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى نىشان قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتەرگىلى بولىدۇ.

## 3. ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرى

1) ئىستۇدېنتلارغا ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى بىلدۈرۈشنى مەزمۇن قىلغان پائالىيەتلەرنى كۆپرەك تەشكىللەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سەھنىسى ھازىرلاش لازىم. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدا جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇرلىششىغا ماس ھالدا يېڭىلىق يارىتىلىشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار تولۇق ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان كەسىپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، كەسىپ قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي ئاساسىنى پۇختىلىشى، ئۇلارنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنىڭ مۇھىم نىشانى قىلىشى، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى مەزگىلدىلا «كۆرۈش پراكتىكىسى» ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن جەمئىيەتكە ئوڭۇشلۇق يۆتكىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

ئوقۇغۇچىلارغا ئىشقا ئورۇنلىشىش بىلىملىرى تەربىيەسى ئېلىپ بارغاندا، ئۆگىنىش بىلەن كەسپىي خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا تونۇتۇپ، مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا قانداق ئىشلىتىش، ماھارەتنىڭ نېمىلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھازىر ئۆگىنىۋاتقان بىلىمى بىلەن كەلگۈسىدىكى كەسىپ ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆگىنىش مەقسىتى ۋە مۇددىئاسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. پائالىيەت جەريانىدا ئۇلارغا بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرى دۇچ كېلىدىغان جاپا-مۇشەققەت ۋە بەخت تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا جەمئىيەتكە ماسلىشىشنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، بىرگە ئىشلەيدىغان ئوخشاش بولمىغان ياشتىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا، ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىنى قانداق يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ۋە دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغان ئىجتىمائىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل پائالىيەتكە قاتنىشىش جەريانىدا، يەنە مەكتەپ بىلەن جەمئىيەت، كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئالىي مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ

www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋىتىنى ئىگىلەيدۇ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان ئىختىساسلىقلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىمۇ ئىگىلىيەلەيدۇ. مەكتەپلەر يۇقىرىقىدەك ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى تەشكىللەشتىن باشقا، يەنە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھە كىشىلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

2) مۇلازىمەت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەش پىلان سىستېمىسىنى كۆپ قاتلاملىق لايىھەلەش كېرەك. ئىستۇدېنتلارغا كەسىپ نىشانىنى لايىھەلەش تەربىيەسىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەكتەپ مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك كەسپىي نىشان لايىھەسى تۈزۈپ، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي نىشان لايىھەسىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۆمۈرلۈك كەسىپ نىشانىنى لايىھەلەش خىزمىتى كەڭ دائىرىدىكى ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشنى، بەلگىلىك تۈردە ستراتېگىيەلىك لايىھە ئېڭىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كەسپىي خىزمەت بولۇپ، ئۇ بىر قەدەر كۈچلۈك مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۆمۈرلۈك كەسىپ نىشانىنى لايىھەلەش ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ لايىھەنى چۈشەنمەسلىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قېلىشىدەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسىپ لايىھەسى تۈزۈشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسىپ تەربىيەسى لايىھەسى تۈزۈش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى ئالىي مەكتەپكە كىرگەن بىرىنچى ئوقۇش يىلىدىن تارتىپ تۆتىنچى يىلىغىچە بولغان پۈتۈن ئوقۇش يىلىغا سىڭدۈرۈپ، كەسپىي ئۆگىنىش بىلەن ئۆمۈرلۈك كەسىپ لايىھەسىنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشقا ياردەم بېرىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا ئۆمۈرلۈك كەسىپ لايىھەسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەسىپ ئاساسىنى ياخشى چۈشىنىش، يېتەرسىزلىكىنى بايقاش، ئۆزىنىڭ كەسىپ تەرەققىيات نىشانىنى ئىگىلەش، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە ياردەم بېرىش كېرەك.

3) ھەرخىل شەكىلدىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئۇلاردا بىر قەدەر كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار ۋە ئۇنىۋېرسال ساپا يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دەرسخانا پائالىيىتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇسابىقە ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئوقۇغۇچىلار پائالىيەتنىڭ سۇبيېكتى. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارى، ھەمكارلىق ئېڭى ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى تونۇشى ۋە بىلىمى زور دەرىجىدە چوڭقۇرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى جارى قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىۋېرسال ساپاسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ئەڭ مۇھىم پائالىيىتىگە ئايلىنىشى كېرەك. چۈنكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشكىللەش، باشقۇرۇش، بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى، كىشىلىك ئالاقە ۋە ماسلىشىش

ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتى، سىياسىتى قاتارلىقلارنى چۈشىنىشنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىستۇدېنتلاردا جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى بولغاندىلا، جەمئىيەتكە سىڭىپ، مۇھىتقا تېز ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا، جەمئىيەتكە دادىل يۈزلىنىپ، جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ماس قەدەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت ئورنىغا ئىگە بولۇشىنىڭ دەسلەپكى ئۇلىنى سېلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

## پايدىلانمىلار


1. 周济：《全力以赴做好2007年高校毕业生就业工作》，《中国大学生就业》[J], 2007年第10期.

2.黄琳：《培养大学生社会适应能力是提升其就业能力的关键》，《中外教育研究》[J]，2008年第11期.

3. 郑伟芹：《提高大学生心理素质是提升其就业能力的关键》，《大众科技》[J]，2010年第7期.

4. 李玉龙：《2007年大学生就业形势分析及应对策略》，《科技创新导报》，2007年第33期.

5. 唐士奇, 张立保：《2007届大学毕业生就业意向分析》，《中国大学生就业》[J]，2006年第19期.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 4 ـ 048 ـ 03 (2012) 5878 ـ 1005

# ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇشى توغرىسىدا*

ئابدۇكېرىم توختاسۇن

(شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

قىسقىچە مەزمۇنى : ماقالىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى توقۇنۇشلار ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى تەھلىل قىلىنىدۇ ھەم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：** 本文通过论述大学生人际冲突及其原因，提出解决大学生人际冲突的一些对策。

**Abstract:** This paper mainly discusses the main reasons that would cause interpersonal conflicts among college students, and provides some solutions for prevention.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: B849　ماتېرىيال بەلگىسى: A

نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدە خاسلىق ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى پەرقلىق قاتارلىق ئامىللارنىڭ سەۋەبىدىن تۈرلۈك توقۇنۇشلار پەيدا بولۇپ، ئىچكى ئىتتىپاقلىقلىرىنى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنىڭ نورمال ئۆگىنىشى ۋە تىنىچلىقلىرىنى كەمسىتىش، بۇرۇختۇرمىلىقتەك بىر يۈرۈش پاسسىپ ھەرىكەت ئىپادىلىرى شەكىللەنمەكتە. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەگەر بۇ جەھەتتە ئىلمىي ۋە ئۈنۈملۈك ياردەم بەرمىگەندە ئۇلاردا پىسخىكىلىق توسالغۇ، ھەتتا پىسخىكىلىق كېسەل پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ نورمال ئۆگىنىشى ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر يېتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

## 1. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى توقۇنۇشلار ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى

كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇش — مەنپەئەت مۇناسىۋىتى، قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقى، خاسلىق پەرقى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي ئالاقە ئوبيېكتلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان جىددىي ھالەت ۋە قارشىلىشىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇش ئادەتتە ئالاقە ئەڭ كۆپلۈك بولىدىغان ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى توقۇنۇش ئائىلىسىدىكىلەر، تۇغقانلىرى، دوستلىرى بىلەن بولغان ئالاقىدە؛ ئوقۇتقۇچى ۋە ياتاق باشقۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا؛ ناتونۇش كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە يۈز بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە نىسبەتەن گەۋدىلىك بولىدىغىنى قۇرداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە كۆرۈلىدىغان توقۇنۇش بولۇپ، ئاساسلىقى تىل ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان توقۇنۇشلاردا ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى ئوقۇغۇچىلار ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن توقۇنۇشنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. مەسىلەن، ئاسان ھاياجانلىنىش تىپىدىكىلەر كۆپرەك بىۋاستە ھەل قىلىشنى تاللاپ، ئۆز مەنپەئەتى ياكى ئۆز مەۋقەسىنى ياقلاپ، ئۆزىنىڭ قارىشى ياكى مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئۇرۇنىدۇ ھەمدە ئاجىز ئورۇندا بولسىمۇ، قارشى تەرەپكە

*بۇ ماقالە 2012-يىلى 3- ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان.

ئاپتور: ئابدۇكېرىم توختاسۇن (1965 -يىلى 2- ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدىيەۋى تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

زەربە بېرىشكە كۆچەيدۇ؛ ئاقىللار تېپىدىكىلەر، مۇلايىم ۋە ئاجىز خاراكتېردىكىلەر توقۇنۇشنى ھەل قىلىشتا «ئىناقلىق ئەلا» دېگەن ئالاقە پرىنسىپى بويىچە ۋاستىلىك ئۇسۇلنى، يول قويۇشنى، چەتلەپ تۇرۇشنى تاللايدۇ.

## 2. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ سەۋەبى

### 1) ئىچكى ئامىللار

(1) كەيپىياتىنىڭ تۇراقسىزلىقى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياشلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، جىنسىي ھورمۇنىنىڭ ئاجرىتىلىشى كۈچلۈك بولغاچقا، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ غىدىقلىنىشى يۇقىرى بولىدۇ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۇرغۇتۇپ، كەيپىياتىنىڭ جانلىق ھەم ئۆزگىرىشچان بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇلار بەزىدە شادلىنىپ ئۆزىنى باسالماي قالسا، بەزىدە ئۈمىدسىزلىنىپ مەيۇسلىنىدىغان قوش قۇتۇپلۇق مىجەزدە بولىدۇ. كەيپىياتى ئاسان ئۆزگىرىدۇ، ئادەم ۋە ئىشلارغا ئوڭاي چېچىلىدۇ. كەيپىياتىدىكى بۇ خىل تۇراقسىزلىق ھەمراھلىرى بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدا تۈرلۈك روھىي ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ، كەيپىياتنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى تۆۋەنلەر مۇقەررەر ھالدا توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ.

(2) قاراش جەھەتتىكى خاتالىق. ئۆزىگە بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى. ئۆزلۈك ئېڭى كۈچلۈكلەر مەسىلىلەرگە شەخسىيىتىنى مەركەز قىلىپ قارايدۇ، ئۆزىنى ئوبيېكتىپ، ئەتراپلىق تونۇشى ۋە باھالىشى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئۆزىنى باھالىشىنىڭ بەك يۇقىرى ياكى بەك تۆۋەن بولۇشى غايىسىدىكى «مەن» بىلەن رېئاللىقتىكى «مەن» ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، كىشىلىك ئالاقىدە ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ياكى ئۆزىنى كەمسىتىشنى، بەك ئاكتىپ بولۇش ياكى سوغۇق، جاھىللىقنى، ھەتتا شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ئالاقە ئوبيېكتىغا بولغان تونۇشنىڭ بىرتەرەپلىمە بولۇشى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ئۆزگىچە دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قارىشى بولسىمۇ، لېكىن كەچۈرمىشى چەكلىك بولۇپ، پىسخىكىسى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن بولغاچقا، ئادەم ۋە ئىشلارغا بولغان قارىشىدا بىرتەرەپلىمىلىك، سۇبيېكتىپ ئۆز مەيلىچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ خىل ھالەت ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئۇلارنى خاتا ھۆكۈمگە باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇقۇشماسلىق ۋە زىددىيەت پەيدا بولۇپ، توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ.

ئالاقىگە بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى. ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانى ئالاقىدىكى تەرەپلەرنىڭ ھېسسىياتنى تۆكۈن، پىكىرلىشىشنى ۋاستە قىلغان ئۆزئارا ئېھتىياجنى قاندۇرۇش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ئالاقىدىكى تەرەپلەر باراۋەر، سەمىمي ئالاقىلەشكەندىلا، ئاندىن كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىناق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ھالبۇكى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈشنىلا ئويلاپ، قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەنپەئەتىگە سەل قارالسا ھەقىقىي ئالاقە بولمايدۇ ھەم كىشىلىك مۇناسىۋەتمۇ ساغلام تەرەققىي قىلمايدۇ، ئەكسىچە تۈرلۈك توسالغۇ پەيدا بولۇپ، توقۇنۇش كۆپىيىدۇ.

(3) ئالاقە قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى. ئالاقە قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇشنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، بەزى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىل دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئوقۇغۇچىلار باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئويلىسىمۇ، قانداق قىلىشنى بىلمەيدۇ؛ باشقىلار بىلەن پىكىرلەشكۈسى بولسىمۇ، سىرداش تاپالمايدۇ؛ ھەمراھلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى ئىپادىلەشنى ئويلايدۇ-يۇ، ئەمما پۇرسەتنى ياخشى تۇتالمايدۇ، بەزىدە ھەتتا كۈلكىگىمۇ قالىدۇ، باشقىلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلسىمۇ ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالاقە قابىلىيىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com



تۆۋەنلىكىنىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇشنىڭ «قوشىنلىرى» ھېسابلىنىدۇ.

(4) نىزا تىپىدىكى خاراكتېر. بۇ خىل خاراكتېردىكى ئوقۇغۇچىلار مەسىلىلەرگە سۇبيېكتىپ، بىرتەرەپلىمە قارايدۇ، ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدۇ، خاتالاشسا باشقىلاردىن كۆرۈپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ. غۇرۇرى كۈچلۈك بولۇپ، تەنقىدنى كۆتۈرەلمەيدۇ، جاھىل، ھاياجان كېلىدۇ. ئۆز مەنپەئەتى مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قارىشى، ھوقۇقىنى ياقلايدۇ ھەمدە ۋاستە تاللىماي قارشى تەرەپنى قىيىن ئەھۋالدا قويىدۇ ۋە زەربە بېرىدۇ.

**2) تاشقى ئامىللار**

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ياشلار بولۇپ، روھىي دۇنياسى ۋە ھەرىكىتى جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئائىلە تەربىيەسى ۋە ئائىلە مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى؛ مەكتەپ مۇھىتى ۋە ئوخشاشمىغان ئوقۇتقۇچىلاردىكى تۈرلۈك قاراشلار؛ جەمئىيەتتىكى پۇلغا چوقۇنۇش، مەنپەئەتپەرەسلىك؛ ساختىلىق، ياسالمىلىق قىلمىشلىرى؛ يات ئەللەرنىڭ چاكىنا مەدەنىيەتلىرى؛ جەمئىيەتتىكى پاسسىپ، چىرىك ئىش ـ ھەرىكەت قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنتېرنېت تورىدىكى مەۋھۇم دۇنيا، ساختا مۇناسىۋەت، ساغلام بولمىغان ئۇچۇر ۋەھاكازالار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ باشقىلارغا بولغان قارىشى، قىممەت قارىشى، ئىجتىمائىي ئالاقىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى، ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ئەمەلىي ئىپادىسى قاتارلىقلارغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 3. ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

1) كەيپىياتنى تەڭشەش ۋە كونترول قىلىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. تۇراقسىزلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەيپىياتىدىكى باسقۇچلۇق ئالاھىدىلىك بولسىمۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەش ۋە تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار تۈرلۈك ئالاقە مۇھىتىدا ئاقىلانە بولۇشى، پاسسىپ كەيپىياتنى خۇشال كەيپىياتقا يۈزلەندۈرۈشى، كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئۇچرىغاندا دەردىنى چىقىرىشنى مەسىلەن، سىرتلارنى ئايلىنىش، توپ ئويناش، سىرداش دوستى بىلەن مۇڭدىشىش قاتارلىقلارنى بىلىۋېلىشى لازىم.

2) خاتا قاراشنى ئۆزگەرتىپ، سەۋەبنى ئېنىقلاشنى بىلىش. بىرىنچى، ئۆزىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنى توغرا تونۇش، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۆزىنى تەنقىدلەشكە ماھىر بولۇش؛ ئۆزىنى كەمسىتىشتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش؛ غايىسىدىكى «مەن» بىلەن رېئاللىقتىكى «مەن» ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە غايىسىدىكى «مەن» نىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىش ياكى مۇۋاپىق بولمىغان غايىنى ئۆزگەرتىش؛ ئىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى تەكشۈرۈش، باشقا نۇقتىدىن ئويلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. ئىككىنچى، جەمئىيەتكە بولغان تونۇشنى توغرىلاپ ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، باشقىلار بىلەن ئۈمىدۋار پوزىتسىيەدە ئالاقىلىشىشنى، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا باشقىلارنى توغرا چۈشىنىپ، توقۇنۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئالاقە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ. باشقىلار بىلەن پىكىرلىشىش پۇرسىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، باشقىلارغا مۇۋاپىق ئۇسۇلدا يېقىنلىشىپ، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان تۇنجى تەسىرىگە ئەھمىيەت بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. مۇئامىلىدە سەممىي، قىزغىن بولۇش، ئۆزىنى تەنقىدلەش ۋە باشقىلاردىن كەچۈرۈم سوراشتا دادىل بولۇش، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قارىشىنى قانداق ئىپادىلەشكە دىققەت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ياخشى چارىلىرىدۇر.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبنى

بىلگەندە كېسەلگە قاراپ دورا بەرگىلى، توقۇنۇشتىن ساقلانغىلى ياكى توقۇنۇشنى سىلىق يول بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە توقۇنۇش زىيانلىق ئامىل بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشى ناھايىتى مۇھىم. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بۇ دەرسخانىدا ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ئىنتايىن كۆپ، پەقەت توغرا قىممەت قاراشى ۋە دۇنيا قاراشنى تۇرغۇزۇپ، ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى قائىدە-يوسۇنلارنى كەڭ دائىرىدە ئۆگەنگەندە ھەمدە ئالاقە ئۇسۇللىرىدىن جانلىق پايدىلانغاندا ئىجتىمائىي ئالاقىدە قىلچە تەمتىرىمەي ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلماي، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. ۋاڭ جىڭچۈن، شى شيۇچياۋ:« ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە پسىخىكىلىق ساغلاملىق » [J ]، پسىخىكا گىگىيېنىسى، 2005- يىلى 5- سان.
2. جۇ جياخۇا، ۋاڭ جىنفېڭ: « ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى » [ J]، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىكىلىق ساغلاملىق تەربىيەسى »، 2004- يىلى 9- سان.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 22 ـ 052 ـ 03(2012) 5878 ـ 1005

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات *

مۇھەببەت قاسىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پېنسىيونېرى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ دىيالېكت-شېۋىلىرىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ئىزدىنىش مەقسىتىدە، بۇ ماقالىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت-شېۋىلىرىدە ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان بەزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى ئۈستىدە نۇرغۇن مىساللار ئارقىلىق سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى.

**摘要**：本文用大量事例对《突厥语大词典》和现代维语及其方言土语中的一些语音现象进行了比较研究，以求从来源方面证实现代维语及其方言土语中的一些语音变化现象。

**Abstract**: This thesis refers numbers of examples from “Compendium of the Turkic Dialects”, and compares to modern Uyghur language and its particular dialects to prove the existence of phonetic changes in modern Uyghur language.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F127 ماتېرىيال بەلگىسى: A

بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىينىڭ بىزگە يېزىپ قالدۇرغان يىرىك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دەپلا ئېلىندى) سۆزلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، ئالدى بىلەن ھېس قىلغىنىمىز شۇ بولدىكى، تىلىمىزدىكى خېلى بىر قىسىم سۆزلەر مەيلى مەنە جەھەتتە بولسۇن، ياكى فونېتىكىلىق شەكىل جەھەتتە بولسۇن شۇ زاماندىن ھازىرغىچە ئەينەن ساقلانغان. بۇنداق سۆزلەر پېئىلدىن بىرەر يۈزچە كۆرۈلدى، مەسىلەن: كۆرۈش(1-479)، سىنالدى(2-176)، سۆكۈش(1-478)، ئۇناتتى(1-288)، ئۇلاندى(1-274)، ئۈپراتتى(1-345)، ئۇقۇلدى(1-266)، يىرتىلدى(3-144) دېگەندەك؛ تۇرغۇن سۆزلەردىن تۆت، بەش يۈزچە بارلىقى بىلىندى. مەسىلەن: ئوت (1-48)، ئۈزۈم (1-103)، ئۆژمە (1-175)، قىش (1-433)، قار (3-203)، تۇمان (1-540)، ئاتا (1-117)، ئانا (1-125)، تۈز (1-426)، ياخشى (3-41)، يامان (3-37)، قىمىز (1-474)، ئوك (1-57)، سول (3-184)، ئون (1-68)، مىڭ (3-492)، ئەمدى (1-169)، بۇرۇن (1-518)، پىچىم (1-513)، ئورۇم (1-102)، ئۈچۈن (1-104) دېگەندەك.

يۇقىرىقىدەك سۆزلەردىن باشقا، لۇغەتتىكى 7 مىڭ ئەتراپىدىكى سۆزلەردىن مەنىسى ھازىرقىغا ئاساسەن ئوخشاش، بىراق فونېتىكىلىق شەكلى ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلىنىدىغان سۆزلەردىن بىرەر مىڭچە چىقتى.

مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر تىلدا، تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى ھەممە تىلدا، شۇنىڭدەك مەلۇم بىر تىلنىڭ ھەممە تەرەققىيات دەۋرلىرىدە ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا بولغان بەزى تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى باشقا تىللاردا بولۇشى ناتايىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە مەۋجۇت

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: مۇھەببەت قاسىم (1947-يىلى تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار قاتارلىق ئۈستىدە خەنزۇ-ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىلدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان.

بولغان بەزى تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى ھازىرقى دەۋردە بولۇشىمۇ ناتايىن، دېگەندەك. بىز ئۆزىمىز قۇرغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئېلېكترونلۇق لۇغىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەينى زاماندا تىلىمىزدا مەۋجۇت بولغان نۇرغۇن تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنى ھېس قىلالىۋالايمىز، شۇنىڭدەك شۇ زامانلاردىكى نۇرغۇن سۆزلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خېلى دەرىجىدە ئۆزگەرگەنلىكىنىمۇ ھېس قىلالىۋالايمىز.

بىز ئۇشبۇ ماقالىمىزدە، دىۋاندىكى تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ بەزى دىيالېكت-شېۋىلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچى.

دىۋاندىكى مەنىسى ئاساسەن ھازىرقىغا ئوخشاش، فونېتىكىلىق شەكلىدە ئازدۇر-كۆپتۇر پەرق بولغان سۆزلەرنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ چىقىپ شۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇقكى، ھازىرقى زامانغىچە تەرەققىي قىلىپ كېلىش جەريانىدا دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركتىكى نۇرغۇن سۆزلەردە تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى، قوشۇلۇپ قېلىشى، چۈشۈپ قېلىشى، نۆۋەتلىشىشى ۋە ئورۇن ئالمىشىشى دېگەندەك تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى كۆرۈلگەن، شۇنىڭدەك بۇ ھادىسىلەر ھەم سوزۇق تاۋۇش، ھەم ئۈزۈك تاۋۇشلاردا ئۇچرايدۇ. تۆۋەندە بىز دىۋاندىكى مىساللار ئارقىلىق مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. سوزۇق تاۋۇشلاردىكى ئۆزگىرىشلەر

سوزۇق تاۋۇشلاردىكى ئۆزگىرىشلەر ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى، ئاجىزلىشىشى، قوشۇلۇپ قېلىشى، چۈشۈپ قېلىشى ۋە نۆۋەتلىشىشى قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

**1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى**

(1) دىۋاندا تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ سىنگارمونىزم قائىدىسىگە بويسۇنمايدىغان بىر قىسىم سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمىزدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشى تۈپەيلىدىن تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ھازىرقى شەكلى | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| ئۇقىتتى | ئوقۇتتى | 1/13 |
| بوغاز | بوغۇز(كېكىردەك) | 1/472 |
| بوغىم | بوغۇم(بارماق بوغۇمى) | 1/513 |
| بويىن | بويۇن | 3/231 |
| بۇلىت | بۇلۇت | 1/459 |
| بۇلىتلاندى | بۇلۇتلاندى | 2/383 |
| توپىق | توپۇق | 1/492 |
| سۆچىك | چۈچۈك(تاتلىق | 1/531/6 |
| قورقىتتى | قورقۇتتى | 2/497 |
| قولتىق | قولتۇق | 1/620 |
| قۇسىغ | قۇسۇق | 1/487 |
| يورىتتى | يورۇتتى | 2/462 |

(2) دىۋاندا بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش لەۋلەشمىگەن، ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش لەۋلەشكەن بەزى سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشى تۈپەيلىدىن، سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ جەھەتتە ماسلاشقان ھالەتتە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com



| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| يىلغۇن | يۇلغۇن | 3/48 |
| تەشۈك | تۆشۈك(يېرىق) | 1/503 |
| بەدۈك | بۈيۈك(چوڭ) | 1/500 |
| تارۇس | تورۇس | 1/474 |
| تاشۇدى | توشۇدى | 1/536 |
| تامۇر | تومۇر | 1/469 |
| تەگۈل | تۆگۈل | 1/510 |
| تەمۈر | تۆمۈر | 1/468 |
| سەۋتۈردى | سۆيدۈردى | 2/264 |
| قاتۇن | خوتۇن | 1/187 |
| قاشۇق | قوشۇق | 1/497 |
| قاغۇن | قوغۇن | 1/533 |
| يارۇق | يورۇق | 3/17 |
| ئازۇق | ئوزۇق | 1/90 |

(3) يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، دىۋاندا ئەسلىي تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ جەھەتتە ماسلاشقان بەزى سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمىزدا لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغان ھالەتتە كۆرۈلىدۇ. لېكىن لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا يەنىلا ئاھاڭداشلىقنى ساقلىغان ھالەتتە كۆرۈلگەن. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى | لوپنۇردا |
|---|---|---|---|
| يوغۇن | يوغان | 3/37 | يوغون |
| مونچۇق | مونچاق | 1/621 | مونچوق |
| قوشۇغ | قوشاق(شېئىر) | 1/487 | قوشوغ |
| سۆگۈل | سۆگەل | 3/412 | سۆگۆل |
| بوتۇ | بوتا(بوتىلاق) | 1/163 | بوتو |
| ئۆتنۈ | ئۆتنە | 1/176 | ئۆتنۆ |
| ئۆشنۈ | ئۆشنە | 1/106 | ئۆشنۆ |
| تۆپۈ | تۆپە | 3/298 | تۆپۆ |
| سۆكۈك | سۆكەك | 3/502 | سۆكۆك |
| ئوردۇ | ئوردا | 1/168 | ئوردو |

(4) دىۋاندا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ھازىر لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا تولۇق ياكى قىسمەن ئۆزگەرتىلىپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| بەلەك | بۆلەك(سوۋغات) | 1/531 |
| تاۋىش | تاۋۇش | 3/226 |
| يانچىق | يانچۇق | 2/365 |
| قاچغىن | قاچقۇن | 2/4 |
| تاشتىتى | توشۇتتى | 1/577 |
| قامىش | قومۇش | 1/479 |

**2) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى**

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش مەسىلىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. مەيلى قېرىنداش تىللارغا

سىلىشتۇرايلى ياكى دىۋاندىكى سۆزلەرگە سىلىشتۇرايلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى ئەڭ كۆپ ھەم قانۇنىيەتلىك كۆرۈلىدىغان مەسىلە. بىراق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىيالېكت-شېۋىلىرىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى ئەدەبىي تىلدىكىدەك ئىزچىل ئەمەس، بەلكى قەدىمكى ئاجىزلاشمىغان شەكلىنى ساقلاپ قالغان.

(1) دىۋاندىكى بىرىنچى بوغۇمى «ئا/ئە» تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن نۇرغۇن سۆزلەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ئا/ئە» ئاجىزلىشىپ «ئې» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ، لېكىن لوپنۇر ۋە باشقا بەزى جايلاردا «ئا/ئە» ئاجىزلاشتۇرۇلماي دىۋاندىكىگە ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق سۆزلەردىن پېئىللارمۇ بار، تۇرغۇن سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ھازىرقى شەكلى | دىۋاندىكى ئورنى | شېۋىلەردە |
|---|---|---|---|
| ئاتىز | ئېتىز | 1/76 | ئاتىز(لوپنۇر) |
| ئەشگەك~ئەشيەك | ئېشەك | 1/150, 1/154 | ئەشەك(كۇچا) |
| بالىق | بېلىق | 1/491 | بالىق(لوپنۇر) |
| تەرى | تېرە | 3/305 | تارى(لوپنۇر) |
| ياڭى | يېڭى | 3/503 | ياڭگى(لوپنۇر) |
| سارىغ | سېرىق | 1/485 | سارىغ(لوپنۇر) |
| قارى | قېرى | 3/307 | قارى (لوپنۇر) |
| كەچە | كېچە | 3/302 | كەچە(لوپنۇر) |
| تەزەك | تېزەك | 1/502 | تەزەك(كۇچا، (قەشقەر) |
| تەزەكلەدى | تېزەكلىدى | 3/465 | تەزەكلىدى(كۇچا، (قەشقەر) |
| تەكە | تېكە | 3/316 | تاكا(مەكىت) |
| چەچەك | چېچەك | 2/170 | چەچەك(كۇچا) |
| چەچەكلىك | چېچەكلىك | 1/660 | چەچەكلىك(كۇچا) |
| كەپەز | كېۋەز | 1/386 | كەپەز(قەشقەر) |
| كەپەك | كېپەك | 1/507 | كەپەك(كۇچا) |
| كەرەك | كېرەك | 1/508 | كەرەك(قەشقەر) |
| كەرەكلىگ | كېرەكلىك | 1/661 | كەرەكلىك(قەشقەر) |
| يارىم | يېرىم | 3/23 | يارتا(تۇرپان) |

(2) دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى «ئا/ئە» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئى»غا ئاجىزلاشقان، بىراق بۇ خىل سۆزلەردىمۇ لوپنۇردا دىۋاندىكى ئەسلىنى ساقلىغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى | لوپنۇردا |
|---|---|---|---|
| قانادى | قانىدى | 3/373 | قانادى |
| باشلادى | باشلىدى | 3/398 | باشلادى |
| باغلادى | باغلىدى | 3/398 | باغلادى |
| تاشلادى | تاشلىدى | 2/502 | تاشلادى |
| سۆزلەدى | سۆزلىدى | 3/406 | سۆزلەدى |
| ياشادى | ياشىدى | 3/119 | ياشادى |

(3) دىۋاندا بىرىنچى بوغۇمى «ئە/ئا» كېيىنكى بوغۇمى «ئى» بولغان سۆزلەردە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئە/ئا» تاۋۇشى «ئې» غا ئاجىزلاشماي «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى ئورنى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى شەكلى |
|---|---|---|
| 1/662 | پىلىكلىك | بەلىكلىك |
| 1/447 | چىۋىش | چەبىش |
| 1/501 | پىلىك(چىراغ پىلىكى) | بەلىك |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| 1/244 | كىرپىچ(خش) | كەرپىچ |
| 3/104 | يىرىلدى | يەرىلدى |
| 1/638 | تىيىن | تەگىك |
| 3/18 | يىرىق | يارىق |
| 1/98 | ئىلىك | ئەلىك |
| 3/232 | قىيا | قايا |

(4) لېكىن دىۋاندا يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئى» تاۋۇشلىرى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەكسىچە كېڭەيتىلىپ «ئا/ئە» ئوقۇلماقتا، ئەندى ئاتۇش قاتارلىق بەزى جايلاردا بولسا دىۋاندىكىگە يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى | ئاتۇشتا |
|---|---|---|---|
| يېر | يەر | 3/194 | يېر |
| بېز | بەز | 3/169 | بېز |
| كېك | كەك | 3/489 | كېك |
| بېش | بەش | 3/172 | بېش |
| سېن | سەن | 3/190 | سېن |
| بېل | بەل | 3/182 | بېل |
| يېتتى | يەتتە | 3/33 | يېتتى |

(5) دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ئى» تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئا/ئە» گە نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ، لېكىن لوپنۇر قاتارلىق بەزى جايلاردا دىۋاندىكىدەك ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى | شېۋىلەردە |
|---|---|---|---|
| قوزى | قوزا | 3/309 | قوزى(قاغىلىق پاخپۇ) |
| قوشنى | قوشنا | 1/566 | قوشنى(خوتەن) |
| قامچى | قامچا | 1/544 | قامچى (لوپنۇر) |
| قىچى | قىچا | 3/327 | قىچى (لوپنۇر، كەلپىن) |
| چوۋلى | چويلا | 3/599 | چۆلۈ/چولۇ(لوپنۇر) |
| يالىڭ | يالاڭ(يالىڭاچ) | 3/509 | يېلىڭ (تۇرپان) |
| كەركى | كەكە | 1/560 | كەكى (خوتەن، لوپنۇر، قاغىلىق) |
| كىرپى | كىرپە | 1/542 | كىرۋى (كەلپىن) |
| تەرى | تېرە | 3/305 | تارى(لوپنۇر) |
| چۇمەلى | چۈمۈلە | 1/584 | چىمەلى(لوپنۇر) |

خۇددى دىۋاندىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى جايلىرىدا، بولۇپمۇ لوپنۇردا سۆز كەينىدە «ئى» تاۋۇشى كۆرۈلىدىغان هادىسە خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | شېۋە نامى |
|---|---|---|
| ئىجارە | ئىجارى | خوتەن، لوپنۇر |
| دۆشە | دۆشى | كەلپىن |
| يۆگەي | يۆگىي | قومۇل |
| ئۆگەي | ئۆگىي | قومۇل |
| سۈپۈرگە | سۈپىگى | كەلپىن |
| تۇلكە | تۇلكى | قاغىلىق پاخپۇ |
| تەخسە | تاخسى | لوپنۇر |

| | | |
|---|---|---|
| تارازا | تورۇزى | ئاتۇش |
| پالتا | پالدى | كەلپىن، خوتەن |
| ئارام | ئارىم | قاغىلىق پاخپۇ |
| مانتا | مانتى | كەلپىن |
| بوسۇغا | بوسىغى | كەلپىن |
| ئارغامچا | ئاغامچى | ئاتۇش، لوپنۇر |

(6) دىۋاندا بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشقا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| سىلىك | سىلىق | 1/506 |
| تىزىك | تىزىق(قاتار، سەپ) | 1/502 |
| چىبىك | چىۋىق(ھۆل چىۋىق) | 1/ 494 |
| تەزىك | تاجىك | 1/503 |
| چۆزۈلدى | سوزۇلدى | 2/186 |
| پىچەكلەدى | پىچاقلىدى | 3/ 464 |
| پىچەك | پىچاق | 1/ 499 |
| يىرەق | يىراق | 3/36 |
| بەيرەم | بايرام | 3/242 |

بۇ خىل سۆز تەركىبىدىكى ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار ئارقا سوزۇق تاۋۇشقا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلىدىغان ھادىسە لوپنۇر، خوتەن، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | شېۋە نامى |
|---|---|---|
| ئۆمۈر | خومۇر | لوپنۇر |
| قەرز | قارز | لوپنۇر |
| دەرەخ | داراخ | لوپنۇر، تۇرپان، قومۇل |
| ئەخمەق | ئاخماق | تۇرپان |
| تەخەي | تاخار | تۇرپان |
| تەخسە | تاخسا | تۇرپان، قومۇل |
| دۆۋە | دۇگا | تۇرپان، لوپنۇر |
| سۆك | سوك | خوتەن |
| مۈشۈك | مۇشۇك | خوتەن |
| جۈپ | جۇپ | خوتەن |
| چۆجە | چوجا | كەلپىن |
| چۆچۈ- | چوچۇ- | قەشقەر |
| دۆك | دوك | قەشقەر |
| كۆمتە | كۇمۇتا | قەشقەر |
| قەغەز | قاغاز | قومۇل، تۇرپان |
| قەلەي | قالاي | قومۇل ئەللىك |
| ھەيدە- | ھايدا- | قومۇل، تۇرپان |

**3) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

دىۋاندىكى بەزى سۆزلەردە بەزى سوزۇق تاۋۇشلار، ھەتتا بوغۇملار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | چۈشۈپ قالغان تاۋۇش | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| قازىدى | قازدى(كولىدى) | ئى | 3/360 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| قامىچاق | قومچاق | ئى | 1/635 |
| يالىڭۇس | يالغۇز | ئى | 3/183 |
| توقىماق | توقماق | ئى | 3/244 |
| يورىغا | يورغا | ئى | 3/240 |
| تورىغا | تورغاي | ئى، ي | 3/239 |
| تۆرە | تۆر(ئۆينىڭ تۆرى) | ئە | 3/305 |
| چىپىقان | چىقان | پى | 1/585 |
| قازىنتى | قايىتتى(ياندى) | ئى | 2/439 |

ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى يەرلىك شېۋىلىرىدىمۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | چۈشۈپ قالغان تاۋۇش | شېۋە نامى |
|---|---|---|---|
| تاماكا | تەمكە | ئا | قومۇل |
| سەھەر | سە | ئا | خوتەن، قەشقەر |
| سانچى- | سانش- | ئى | تۇرپان |
| يانچى- | يانش- | ئى | تۇرپان |
| شالداما | شالدام | ئا | لوپنۇر |
| بوسۇغا | بوسۇق | ئا | خوتەن |
| پاسكىنا | پاسكىن | ئا | قومۇل |
| زۇۋۇلا | زۇگۇل | ئا | قومۇل، تۇرپان |
| پارا | پار | ئا | قومۇل |
| توخۇ | توخ | ئۇ | گۇما |
| ئوقۇ- | ئوق- | ئۇ | گۇما |
| چىنە | چىن | ئە | قومۇل، يوپۇرغا |
| نەشە | نەش | ئە | يوپۇرغا |
| سوغۇق | سوق | غا | تۇرپان، قومۇل |

**4) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى**

دىۋاندىكى بەزى سۆزلەردە ئەسلىي يوق سوزۇق تاۋۇشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوشۇلۇپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | قوشۇلغان تاۋۇش | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| يۈگرۈك | يۈگۈرۈك | ئۈ | 3/60 |
| قاچرۇشدى | قاچۇرۇشتى | ئۇ | 2/314 |
| قاتلىش | قېتىلىش | ئى | 1/601 |
| يالدرۇق | يالتىراق | ئى | 3/587 |
| يالدرادى | يالتىرىدى | ئى | 3/593 |
| ئونۇنچ | ئونىنچى | ئى | 1/180 |
| ئىككىنچ | ئىككىنچى | ئى | 1/178 |
| ئۈچۈنچ | ئۈچىنچى | ئى | 1/178 |
| ئالۇچ | ئالۇچا | ئا | 1/194 |

يىغىنچاقلىغاندا، دىۋاندىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ھازىرقى ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا، مۇنداق گەۋدىلىك ئىككى ئوخشىماسلىقنى ھېس قىلىۋالالايمىز:

(1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دىۋاندا

ئاز كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى يەرلىك شېۋىلىرى (لوپنۇر دىيالېكتى، كۇچا شېۋىسى قاتارلىقلار) دىمۇ ئاجىزلاشماسلىق خۇسۇسىيىتى ساقلانغان ياكى قىسمەن ساقلانغان. لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ كۆپ ساندىكى يەرلىك شېۋىلىرىدە سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلىدۇ، بەزى جايلاردا (تۇرپان) بۇ ھادىسىنىڭ كۆرۈلۈش دەرىجىسى تېخىمۇ ئېغىر.

(2) دىۋاندىكى ئەسلىي لەۋ ئاھاڭداشلىقىغا بويسۇندىغان بەزى سۆزلەرنىڭ ھازىر بويسۇنمايدىغان بولۇپ قېلىشى؛ دىۋاندىكى سۆزلەردە ئەسلىي بار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھازىر باشقا سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىپ كېتىشى قاتارلىق ھادىسىلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىۋاندىن گەۋدىلىك پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى.

(3) سۆزلەردە بەزى سوزۇق تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياكى قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىلىرى ھەر ئىككى دەۋردە ۋە يەرلىك شېۋىلەردە مەۋجۇت ھادىسىلەردۇر.

## 2. ئۈزۈك تاۋۇشلاردىكى ئۆزگىرىشلەر

ھازىرقىغا سېلىشتۇرغاندا، دىۋاندىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى، ئورۇن ئالماشتۇرۇشى قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

### 1)ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

(1) دىۋاندىكى بىر قىسىم سۆزلەردە ئەسلىدە بار «ر» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| مۇرچ | مۇچ(قارىمۇچ) | 1/447 |
| ئارمۇت | ئامۇت | 1/128 |
| بۆرك | بۆك | /4551 |
| بۇقۇرسى | بۇقۇسا | /3333 |
| بەرك | بەك(چىڭ) | 1/454 |
| تەگىرمەن | تۈگمەن | 1/478 |
| چىلەر | چىلە(ھۆل تېزەكلەر) | 3/320 |
| سارمۇساق | سامساق | 1/683 |
| سامۇرساق | سامساق | 1/683 |

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ر» چۈشۈپ قالىدىغان بەزى سۆزلەر، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدە دىۋاندىكىدەك «ر» ساقلانغان ھالەتتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى | شېۋىلەردە |
|---|---|---|---|
| تارغاق | تاغاق | 1 /611 | تاراق(تۇرپان، قومۇل) |
| تۆرت | تۆت | 1/445 | تۆرت(لوپنۇر) |
| تەرس | تەس(قىيىن) | 1/453 | تەرس(قومۇل) |
| قارلىغاچ | قارلىغاچ(ئېغىزدا: قالىغاچ) | 1/682 | قارلىغاچ(تۇرپان، قومۇل، لوپنۇر) |
| كەركى | كەكە | 1/560 | كەركە(قومۇل) |
| ئورغاق | ئوغاق(ئېغىزدا) | 1/161 | ئوراق(تۇرپان) |

(2) دىۋاندىكى بىر قىسىم سۆزلەردە ئەسلىدە بار «س» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ

www.uyghurkitap.com



قالغان، لېكىن تۇرپان شېۋىسىدە ئەينەن ساقلانغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | تۇرپاندا | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| سۇسدى | سۇزدى | ئۇستى | 2/427 |
| سۇسۇشدى | سۇزۇشتى | ئۇسۇشتى | 2/136 |
| سۇسغاق | سۇزغاق | ئۇسقاق | 1/615 |
| باسسىقتى | بېسىقتى | بېسىقتى، بېسىلدى | 2/330 |

(3) دىۋاندىكى بىر قىسىم سۆزلەردە ئەسلىدە بار «غ» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| يالغادى | يالىدى | 3/419 |
| قايغۇق | قايغىق　قىيىق | 1/250، 3/242 |
| تامغاق | تاماق | 1/613 |
| ياغاق | ياڭاق | 3/36 |

لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدە دىۋاندىكىگە ئوخشاش سۆز تەركىبىدە «غ» تاۋۇشى ساقلانغان. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | شېۋە نامى |
|---|---|---|
| ياڭاق | ياڭغاق | قومۇل، تۇرپان |
| ماڭا | ماڭغا | تۇرپان |
| ساڭا | ساڭغا | تۇرپان |
| يالىڭاچ | يالاڭغاچ | تۇرپان |
| قىپ يالىڭاچ | قىپ يالاڭغاچ | تۇرپان |
| يالاڭئاياغ | يالاڭغىداق | تۇرپان |
| قىڭراق | قىڭغىراق | قومۇل، تۇرپان |
| تاماق | تامغاق | خوتەن |

(4) دىۋاندىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كەلگەن «ي» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| يىنچكە | ئىنچىكە | 3/518 |
| تاغاي | تاغا | 3/328 |
| ياز- | ئاز-(ئازدى، يېڭىلىشتى) | 3/80 |
| يىپار | ئىپار | 3/35 |
| يىتىگ | ئىتتىك | 3/21 |
| يىلىغ | ئىللىق | 3/16 |
| يىملەدى | ئىملىدى(ئىما قىلدى) | 3/424 |
| يىنچۇ[1] | ئۈنچە | 3/38 |
| يۈزۈك | ئۈزۈك | 3/22 |

بۇ خىل سۆز بېشىدىكى «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال شېۋىلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى | شېۋىلەردە |
|---|---|---|---|
| يىلان | يىلان | 3/35 | ئىلان(تۇرپان) |
| يىتتۇردى | يىتتۇردى | 3/90 | ئۈتتۇردى(تۇرپان) |
| يىقلدى | يىقىلدى | 3/110 | ئىخىلدى(كەلپىن) |
| يىلىك | يىلىك | 1/98 | ئىلىك(تۇرپان) |
| يۈز | يۈز | 3/194 | ئۈز(تۇرپان) |
| يىك | يىك | 3/196 | ئىك(لوپنۇر) |
| يىل | يىل | 3/4 | ئىل(لوپنۇر) |
| يۈرەك | يۈرەك | 3/22 | ئۈرەك(لوپنۇر) |
| يىراق | يىراق | 3/36 | ئىراق(لوپنۇر) |
| يىغلادى | يىغلىدى | 3/422 | ئىلغادى(لوپنۇر) |
| يىلدىز | يىلتىز | 3/53 | ئىلتىز(لوپنۇر) |

(5) دىۋاندىكى بىر قىسىم سۆزلەردە ئەسلىدە بار «ۋ» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| كەۋشەدى | كۆشىدى(يۇمشىدى) | 3/392 |
| قاۋرۇلدى | قورۇلدى | 2/340 |
| سۇۋغاردى | سۇغاردى | 269/2 |
| تاۋۇشغان | توشقان | 3/457 |
| سۇۋ | سۇ | 3/178 |
| ئۇۋشاتتى | ئۇشتۇدى | 1/347 |
| ئەۋرۇلدى | ئۆرۈلدى | 1/330 |

(6) دىۋاندىكى بىر قىسىم سۆزلەردە ئەسلىدە بار «گ، چ، ڭ» تاۋۇشلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| بۆگ | دۆ(ئۆمۈچۈك، ئاقسۇدا: بۆ) | 3/180 |
| كۈرگەك | كۈرەك | 2/422 |
| چىنچۇ | ئۈنچە | 3/39 |
| قازگۇق | قوزۇق | 3/522 |

**2) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى**

(1) «ي» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى. دىۋاندا بىر قىسىم سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىغا ياكى سۆز تەركىبىگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ي» تاۋۇشى قوشۇلغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| ئىك | يىك | 1/115 |
| ئىن | يىن | 1/69 |

www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| ئېر | يەر | 1/63 |
| ئىغلاشتى | يىغلاشتى | 1/319 |
| ئىرىك | يىرىك | 1/182 |
| ئىغلادى | يىغلىدى | 1/377 |
| ئىرىك~ئىرىگ | يىرىك | 1/96، 1/138 |
| ئىگلەدى | يىگلىدى | 1/378 |
| تورىغا | تورغاي | 3/239 |
| سىدۇك | سۈيدۈك | 1/505 |
| بىرۇق | بۇيرۇق | 1/490 |

تۇرپان، قومۇل، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردىمۇ نۇرغۇن سۆزلەردە خۇددى دىۋاندىكىگە ئوخشاش سۆز بېشىدا «ي» تاۋۇشى كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | شېۋە نامى |
|---|---|---|
| يىن | ئىن | تۇرپان |
| يىلپىز | ئىلپىز | تۇرپان |
| يىلىمان | ئىلمان | تۇرپان |
| يۈسۈپ(ئادەم ئىسمى) | ئۈسۈپ | تۇرپان |
| يىپەك | ئىپەك | تۇرپان |
| يىپ | ئىپ | لوپنۇر |
| يىغلىدى | ئىلغادى | لوپنۇر |

(2) «ھ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى. دىۋاندىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بېشىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇك تاۋۇش «ھ» كۆپىيىپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| ئاردى | ھاردى | 1/232 |
| ئارغۇردى | ھارغۇزدى | 1/301 |
| ئۈلىتتى | ھۆۋۈلاتتى | 1/285 |
| ئۆل | ھۆل | 1/67 |
| ئۆپۈپ | ھۆپۈپ | 1/107 |
| ئىق | ھىق | 1/53 |
| ئىنگەن | ھىنگان (ھىنگان تۆگە) | 1/163 |
| ئوپ ـ ئوپ | ھوپ ـ ھوپ (ئىملىق) | 1/48 |

لېكىن سۆز بېشىدا «ھ» كۆرۈلمەيدىغان بەزى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئايرىم يەرلىك شېۋىلىرىدە دىۋاندىكىگە ئوخشاش كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى | شېۋىلەردە |
|---|---|---|---|
| ئۆل | ھۆل | 1/67 | ئۆل(خوتەن، كەلپىن) |
| ئال | ھال | 3/223 | ئال(لوپنۇر) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئارى | ھەرە | 1/118 | ئارە(لوپنۇر) |
| ئىنگەن | ھىڭگان | 1/163 | ئىنگەن(كەلپىن) |

ئەكسىچە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ بېشىدا «ھ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | شېۋە نامى |
|---|---|---|
| ئىلدام | ھالدام | قەشقەر، ئاتۇش |
| ئابدۇللا | ھابدۇللا | قەشقەر، ئاتۇش |
| ئەلەپ | ھەلەپ | قەشقەر، ئاتۇش |
| ئوسما | ھوسما | تۇرپان |
| ئەجەب | ھەجەب | تۇرپان |
| ئۆمۈر | ھومۇر | قەشقەر |

(3) «غ» ياكى «گ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى. دىۋاندىكى تەركىبىدە دىماغ تاۋۇشى بولغان بىر قىسىم سۆزلەردە ھازىر «غ» ياكى «گ» قوشۇلۇپ قالغان. لېكىن تۇرپان شېۋىسىدە بولسا دىۋاندىكى ئەسلىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | تۇرپاندا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| مۈڭۈز | مۈڭگۈز | مۈڭۈز | 3/497 |
| قىڭىر | قىڭغىر | قىڭىر | 3/496 |
| قوڭۇز | قوڭغۇز | قوڭۇز | 3/497 |
| تۇڭۇز يىلى | تۇڭگۇز | تۇڭۇز | 1/451 |

(4) قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشى. دىۋاندىكى سۆزلەردە قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. بىراق دىۋاندىكى ئەسلىي قوشما ئۈزۈك تاۋۇش كۆرۈلمەيدىغان نۇرغۇن سۆزلەردە ھازىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇش كۆرۈلگەن. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| ئاچىغ | ئاچچىق | 1/86 |
| ئىكى | ئىككى | 1/177 |
| ئۇشاق | ئۇششاق | 1/91 |
| پىشىق | پىششىق | 1/491 |
| توقۇز | توققۇز | 3/175 |
| سەكىز | سەككىز | 1/473 |
| قاتىغ | قاتتىق | 1/485 |
| كاكۇك | كاككۇك | 2/418 |
| نەچە | نەچچە | 3/303 |
| يىتىگ | ئىتتىك | 1/499 |

(5) دىۋاندىكى بەزى سۆزلەردە ئەسلىي يوق بولغان بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوشۇلۇپ قالغان. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com



| دىۋاندىكى شەكلى | هازىرقى ئوقۇلۇشى | قوشۇلغان تاۋۇش | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| تەمرەگۇ | تەمرەتكە | ت | 1/639 |
| تۇ | تۈك(بەدەندىكى تۈك) | ك | 3/287 |
| كەسلىنچۇ | كەسلەنچۈك | ك | 3/334 |
| چىڭلەك | چىڭگىلەك | گى | 3/ 523 |
| قىياق~قاياق | قايماق | م | 3/40، 3/228 |
| چىچالاق | چىمچىلاق | م | 1/ 634 |
| سۇدى | سۇندى | ن | 3/341 |
| ياشرۇ | يوشۇرۇن | ن | 3/39 |

### 3) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

(1) «ب» تاۋۇشىنىڭ باشقا تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى. (a) دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدا ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا كەلگەن «ب» تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «پ» غا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| ئابياڭ | ئاپپاڭ | 1/158 |
| باقا | پاقا | 3/312 |
| باقلان | پاقلان | 1/578 |
| بالدۇ | پالتا | 1/545 |
| بوق | پوق | 3/178 |
| بوقۇق | پوقاق | 2/416 |
| بۇرچاق | پۇرچاق | 1/609 |
| بۇردى | پۇرىدى (پۇرقۇرىدى) | 2/11 |
| بۇر- | پۇر- | 2/6 |
| بۇركۇردى | پۇركىدى | 2/241 |
| بەلىك | پىلىك | 1/501 |

بۇ خىل هادىسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدە هازىرغىچە مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | شېۋە نامى |
|---|---|---|
| پات- | بات- | قومۇل، قەشقەر |
| باتۇر- | پاتۇر- | قومۇل، قەشقەر |
| پۇرا | -بۇرا- | قەشقەر، خوتەن، مەكىت، ئاتۇش |
| پۇراق | بۇراق | قەشقەر، خوتەن، مەكىت، ئاتۇش |

(b) دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ب» تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئاجىزلىشىپ «ۋ» غا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| چەبىش | چۈشىش | 1/477 |
| تەبرەتتى | تەۋرەتتى(ئېتىلدى) | 2/292 |
| قۇبۇز | قوۋۇز | 1/473 |
| چىبىق | چىۋىق | 1/494 |

(c) دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن «ب» تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «م» غا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| بۆكدى | مۆكتى(يوشۇرۇندى) | 2/24/3 |
| بۇز | مۇز | 3/169 |
| بۇزلۇق | مۇزلۇق(مۇزخانا) | 1/609 |
| بەن | مەن | 1/441 |
| بۆك | مۆك(كالاكېپاي) | 3/484 |
| بۇزاغۇ | موزاي | 1/582 |

بۇ خىل هادىسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | شېۋە نامى |
|---|---|---|
| بوغماق | موغماق | لوپنۇر |
| بوي | موي | لوپنۇر |
| بويۇن | مويۇن | لوپنۇر |
| بىلەن | مىنىم/ مىنە | قومۇل |
| بۇرۇت | مۇرۇت | لوپنۇر |
| بۇرۇن | مۇرۇن | لوپنۇر |
| بۇلۇت | مۇلۇت | لوپنۇر |
| ئوبدان | ئامدان | تۇرپان، قومۇل |
| يۇبدان | يۇمدان | تۇرپان |
| شەبنەم | شەملەم | لوپنۇر |
| شەبنەم | شەمنەم | قومۇل |
| مەجبۇر | مەچمۇر | لوپنۇر |

(2) «پ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. دىۋاندىكى بەزى سۆزلەردىكى «پ» تاۋۇشى هازىر ئاجىزلىشىپ «ۋ» غا نۆۋەتلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| كۆپرۈك | كۆۋرۈك | 1/624 |
| كۆپۈك | كۆپۈك (ئېغىزدا: كۆۋۈك) | 1/507 |

| | | |
|---|---|---|
| قاپۇغ | قوۋۇق (ئىشىك) | 1/485 |
| كەپەز | كېۋەز | 1/386 |

بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | شېۋە نامى |
|---|---|---|
| تاپا-تەنە | تاۋا-تەنە | لوپنۇر |
| تاپان | تاۋان | لوپنۇر، تۇرپان |
| چۇپۇر | چۇۋۇر | لوپنۇر |
| سوپۇن | ساۋۇن | لوپنۇر |
| توپا | تووۋا | كەلپىن |
| توپاق | تووۋاق | كەلپىن |
| تۆپە | تۆۋە | كەلپىن |
| كەلپىن | كەلۋىن | كەلپىن |
| قۇلۇپ | قۇلۇي | كەلپىن |
| كىرپە | كىرۋى-كىۋە | كەلپىن |
| كۆرپە | كۆ:ۋە | كەلپىن |
| چاپاق | چاۋاق | تۇرپان |
| تاپىلا- | تاۋىلا- | قومۇل، كەلپىن |
| قاپارتقۇ | قاۋارتقۇ | قومۇل، لوپنۇر |
| قاپاق | قاۋاق | لوپنۇر، قومۇل، تۇرپان |
| كۆپۈك | كۆۋۈك، كۆيۈك | قومۇل، لوپنۇر، تۇرپان |
| كېپەك | كېۋەك | قومۇل، تۇرپان |
| يىلپىز | يىلۋىز، ئىلۋىز | قومۇل |

(3) «د» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى (a) دىۋاندىكى بەزى سۆزلەردىكى «د» تاۋۇشى ھازىر «ت» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشتۇرۇلگەن. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| دۆۋە | تۆگە | 3/311 |
| يىلدىز | يىلتىز | 3/53 |
| ياندىق | يانتاق | 3/59 |
| يالدرادى | يالتىرىدى | 3/593 |
| قىلدىرۇق | قىلتىرىق | 3/569 |
| دىك | تىك | 1/436 |
| ئاند | ئانت | 1/60 |
| كەند | كەنت | 1/447 |

(b) دىۋاندا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئاساسەن نەزەرگە ئېلىنمىغان. مەسىلەن، پېئىل تومۇرى مەيلى جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بولسۇن ياكى جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان

بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان شەخس، مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ ھەممىسى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكىدەك «جاراڭلىققا جاراڭلىق، جاراڭسىزغا جاراڭسىز» دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلىنمىغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| قورقدى | قورقتى | 3/573 |
| ئۆچدى | ئۆچتى | 1/222 |
| ئۇچدى | ئۇچتى | 1/221 |
| پىشدى | پىشتى(پىشىلدۇردى) | 2/15 |
| تاپدى | تاپتى | 2/10 |
| يۇمتۇردى | يۇمدۇردى | 3/132 |
| بىلتۇردى | بىلدۇردى(ئۆگەتتى) | 2/249 |
| كۆمتۇردى | كۆمدۇردى | 2/281 |

(c) دىۋاندا بەزى سۆزلەردىكى «د» تاۋۇشى ھازىر «ي»غا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| بەدۈك | بۈيۈك، چوڭ | 1/500 |
| كېدىن | كېيىن | 1/269 |
| ياداغ | يالىاق(پىيادە) | 3/35 |
| قاداش | قاياش(قېرىنداش) | 1/524 |
| قۇدرۇق | قۇيرۇق | 1/616 |
| قادغۇ | قايغۇ | 3/403 |
| ئۇد | ئۇي | 1/62 |

(4) «ر» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. دىۋاندا بەزى سۆزلەردىكى «ر» تاۋۇشى ھازىر «ت» ياكى «ل/ي»لارغا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | نۆۋەتلەشكەن | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| چەكۈرگە | چېكەتكە | ر>ت | 1/ 637 |
| يارپۇز | يالپۇز | ر>ل | 3/52 |
| كىرىت | كىلىت، ئاچقۇچ | ر>ل | 1/463 |
| قاراردى | قارايدى | ر>ي | 2/101 |
| قارارتتى | قارايتتى | ر>ي | 3/586 |

(5) «ڭ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. دىۋاندا بەزى سۆزلەردىكى «ڭ» تاۋۇشى ھازىر «ن» ياكى «غ»غا نۆۋەتلىشىپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئەدەبىي تىلدا | نۆۋەتلەشكەن | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| تەرىڭ | تېرەن، چوڭقۇر | ڭ>ن | 3/505 |
| تەڭىك | تېيىن | ڭ>ن | 1/638 |

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| تىرگاق | تىرناق | ڭ<ن | 3/522 |
| سىگۇق | سۇنۇق | ڭ<ن | 3/499 |
| يالىگۇس | يالغۇز | ڭ<غ | 3/183 |

(6) «ذ»[2] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. (a) دىۋاندا بەزى سۆزلەردىكى تىل ئۇچى چىش ئارىلىقى، جاراڭلىق، سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش «ذ» هازىر كۆپىنچە «ي» غا نۆۋەتلىشىپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| ئاذاق | ئاياق | 1/88 |
| ئاذرى- | ئايرى- | 1/310 |
| ئاذغىر | ئايغىر | 1/129 |
| ئاذىغ | ئېيىق | 1/86 |
| بوذ | بوي | 3/167 |
| بوذۇدى | بويىدى | 3/355 |
| بەذرەم | بايرام | 1/630 |
| بەذۈك | بۈيۈك | 1/126 |
| تو ذ | توي- | 3/596 |
| چاذان | چايان | 1/533 |
| قا ذغۇ | قايغۇ | 1/554 |
| قاذىتتى | قايتتى(ياندى) | 2/439 |
| قاذىردى | قايرىدى | 2/100 |
| قاذىق | قېيىق | 1/496 |
| قوذتى | قويدى(تاشلىدى) | 3/597 |
| قۇذرۇق~قۇدرۇق | قۇيرۇق | 1/617 ،1/667 |
| كې‌ذىن | كېيىن | 2/32 |
| كەذتى | كىيدى | 3/598 |
| ياذتى | يايدى | 3/589 |

(b) دىۋاندا يەنە بەزى سۆزلەردىكى «ذ» تاۋۇشى هازىر بەزىدە «گ»، بەزى سۆزلەردە «ز» ۋە بەزىدە «ت»غا، ۋە بەزىدە «د» غا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | نۆۋەتلەشكەن تاۋۇش | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| ئەذىز | ئېگىز | ذ <گ | 1/76 |
| كى‌ذىز | كىگىز | ذ <گ | 1/474 |
| ئى‌ذى | ئىگە | ذ <گ | 1/118 |
| قۇذۇغ | قۇدۇق | ذ <د | 1/485 |
| يى‌ذلادى | ھىدلىدى(پۇرىدى) | ذ<د | 3/421 |
| ئەذگۈ | ئەزگۈ(ياخشى) | ذ<ز | 1/154 |
| بەذىزلىگ | بېزەكلىك | ذ <ز | 1/569 |
| كۆذتى | كۆتتى | ذ <ت | 3/598 |

(7) «س» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «س» تاۋۇشى ھازىر «چ» ياكى «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن مەكىت، خوتەن قاتارلىق بەزى جايلاردا دىۋاندىكىدەك ئەينەن ئوقۇلىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى | شېۋىلەردە |
|---|---|---|---|
| ساچ | چاچ | 1/421 | ساچ |
| سىچدى | چىچتى | 2/4 | سىچتى |
| سىچغاق | چىچقاق | 1/615 | سىچقاق |
| سىچغان | چاشقان | 570/1 | ساچقان |
| سۆچىك | چۈچۈك، تاتلىق | 1/531 | سۈچۈك |
| سۆچۈشدى | چۈچۈكلەشتى، چۈچۈدى | 2/122 | سۈچۈدى |

(8) «ت» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. (a) دىۋاندا بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى ياكى سۆز تەركىبىدە بوغۇم بېشىدىكى «ت» تاۋۇشى ھازىر «د» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| تەنە | دانە | 3/58 |
| تات | دات | 2/410 |
| تەڭىز | دېڭىز | 3/497 |
| تەم | دەم(تىرەك) | 1/439 |
| تاغلادى | داغلىدى(تامغىلىدى) | 3/402 |
| تىرىك | دىرىك(ئىملىق سۆز) | 3/505 |
| تەگ | دەك/تەك | 2/25 |
| چاتىر | چېدىر | 1/528 |

(b) دىۋاندا يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ت» تاۋۇشى ھازىر «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن قومۇل، لوپنۇر، ئاقسۇ قارىتال ۋە مەكىت قاتارلىق جايلاردا يەنىلا دىۋاندىكىدەك ئەينەن ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى | شېۋىلەردە |
|---|---|---|---|
| تۈش | چۈش | 3/173 | تۈش |
| تىش | چىش | 3/173 | تىش |
| تۈشۈرگۈ | چۈشۈرگە | 1/637 | تۈشۈرگە |
| تىشى | چىشى(جىنس) | 3/310 | تىشى |
| تىشلەدى | چىشلىدى | 3/402 | تىشلىدى |
| تۈش- | چۈش- | 2/16 | تۈش |

بۇ جايلاردا تۆۋەندىكى سۆزلەردىمۇ «چ/ت» نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | شېۋە نامى |
|---|---|---|
| چۈشەك | تۈشاق | قومۇل |

www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| چۇشە ـ | تۇشە ـ | قومۇل |
| چۇشە ـ | تۇشا ـ | مەكىت |
| چۇشكۇر ـ | تۇشكۇر ـ | قومۇل |

(9) «چ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. دىۋانىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «چ» تاۋۇشى ھازىرمۇ ئەينەن ساقلانغان، بىراق بەزى سۆزلەردىكى «چ» تاۋۇشى ئەدەبىي تىلىمىزدا ياكى بەزى جايلاردا «ج» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشتۇرۇلۇپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن بەزى جايلاردا بۇ سۆزلەر دىۋاندىكىدەك ئەينەن ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى | شېۋىلەردە |
|---|---|---|---|
| ئۈنىنچ | ئۈنىنچى | 1/180 | ئۈنىنجى(قەشقەر، خوتەن) |
| ئىكىكنىچ | ئىككىنچى | 1/178 | ئىككىنجى(قەشقەر خوتەن)، |
| تىنچىدى | تىنچىدى | 3/376 | تىنجىدى(قەشقەر) |
| قورقۇنچ | قورقۇنچ | 3/527 | قوقۇنج(قەشقەر) |
| مونچۇق | مونچاق | 1/621 | مونجاق(قەشقەر) |
| يانچىق | يانچۇق | 2/365 | يانجۇق(قەشقەر) |
| يىنچۇ | ئۈنچە | 3/38 | ئىنجى(قەشقەر) |
| سانچىلدى | سانجىلدى | 2/334 | سانچىلدى(تۇرپان) |
| سانچدى | سانجىدى(يەكدى) | 3/572 | سانشتى(تۇرپان) |
| قانچىق | قانجۇق | 1/621 | قانچۇق(تۇرپان) |
| تۇنچۇقتى | تۇنجۇقتى | 2/329 | تۇنچۇقتى(تۇرپان) |

(10) «غ» ۋە «گ»تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. (a) دىۋاندا نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ كەينىدە «غ» ياكى «گ» تاۋۇشى كەلگەن، بۇ ھادىسە شۇ زاماننىڭ تىپىك ئالاھىدىكلىرىدىن بىرىدۇر. ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا بۇنداق سۆزلەرنىڭ كەينىدىكى «غ» ۋە «گ» تاۋۇشى خېلى كۆپ ئەھۋالدا «ق» ياكى «ك» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش، لوپنۇر، ھەتتا كەلپىن قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل ھادىسە دىۋاندىكىدەك ساقلانغان. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| ئۇرۇغ | ئۇرۇق | ئۇرۇغ (خوتەن، لوپنۇر، قەشقەر) | 1/87 |
| پىشىغ | پىشىشىق | پىشىشىغ (خوتەن، گۇما) | 1/482 |
| تاتلىغ | تاتلىق | تاتلىغ (ئاتۇش، خوتەن) | 1/63 |
| سارىسغ | سېسىق | سىسىغ (خوتەن) | 1/605 |
| سارىغ | سېرىق | سېيىغ (خوتەن، كەلپىن) | 1/485 |
| قاتىغ | قاتتىق | قاتتىغ (خوتەن) | 1/485 |
| قوشۇغ | قوشاق(شېئىر) | قوشاغ (ئاتۇش) | 1/487 |
| قويۇغ | قويۇق | قوياغ (كەلپىن) | 3/227 |
| قۇرۇغ | قۇرۇق(بوش) | قۇرۇغ (ئاتۇش) | 1/486 |
| ياتىغ | ياتاق (ياتىدىغان جاي) | ياتاغ(خوتەن) | 3/13 |
| ياماغ | ياماق | ياماغ (خوتەن) | 3/35 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| يايلاغ | يايلاق | يايلاغ (خوتەن، گۇما) | 3/63 |
| كىچۈگ | كىچىك | كىچىگ(خوتەن) | 1/125 |
| تىرىگ | تىرىك | تىيىگ(خوتەن) | 1/502 |
| سۈزۈگ | سۈزۈك | سۈزۈگ(قەشقەر) | 1/506 |
| تەگ | تەك/دەك | تەگ/تەگ(خوتەن) | 2/225 |
| يىتىگ | ئىتتىك | ئىتتىگ(خوتەن) | 1/499 |
| تىرەگۈ | تىرەك | دىيەگ(خوتەن) | 1/583 |

«غ» ياكى «گ» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەر يۇقىرىقى جايلاردىن باشقا يەنە گۇما، كەلپىن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىمۇ خېلى كۆپ تېپىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردىكى ئوقۇلۇشى | شېۋە نامى |
|---|---|---|
| ئاشىق | ئاشىغ | لوپنۇر |
| ئوچاق | ئوچوغ | لوپنۇر |
| ئورغاق | ئورغوغ | لوپنۇر |
| تۇماق | تۇماغ | ئاتۇش |
| ئاتاق | ئاتاغ | ئاتۇش |
| ئوگىلۇق | ئوگىلاغ | خوتەن |
| ئاچچىق | ئاچچىغ | ئاتۇش، خوتەن |
| چىراق | چىراغ | خوتەن، ئاتۇش |
| ئانداق | ئانداق | خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش |
| ئىسسىق | ئىسسىغ | خوتەن، گۇما، كەلپىن، ئاتۇش |
| شۇنداق | شۇنداغ | خوتەن، قەشقەر، كەلپىن، قاغىلىق |
| قانداق | قانداغ | خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش |
| ئەللىك | ئەللىگ | كەلپىن، لوپنۇر، خوتەن |
| يىرىك | يىيىگ | خوتەن، كەلپىن |
| ئۆلۈك | ئۆلەگ | خوتەن، قەشقەر، كەلپىن |
| يىپىك | يىنىگ | خوتەن، كەلپىن |

(b) دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە بوغۇم بېشىدا كەلگەن «غ» تاۋۇشى، ھازىر «ق» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| تۇتغۇن | تۇتقۇن(ئەسىر) | 1/570 |
| قاشغا | قاشقا(مالنىڭ قاشقىسى) | 1/555 |
| قىسغاچ | قىسقاچ | 1/594 |
| قۇشغاچ | قۇشقاچ | 1/594 |
| سىچغان | چاشقان | 570/1 |
| سىچغاق | چىچقاق | 1/615 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



(c) دىۋاندا يەنە بەزى سۆزلەردىكى «غ» تاۋۇشى ھازىر «ڭ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن تۇرپاندا سۆز تەركىبىگە «ڭ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | تۇرپاندا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| ياغاقلىغ | ياڭاقلىق | ياڭغاقلىق | 3/67 |
| ياغاق | ياڭاق | ياڭغاق | 3/36 |

(11) «ق» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. دىۋاندا بەزى سۆزلەرنىڭ كېيىندىكى ۋە بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ق» تاۋۇشى ھازىر «غ/خ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|
| قۇلاج | غۇلاچ | 1/465 |
| تۇرقۇن | تۇرغۇن | 1/573 |
| قىرقۇي | قۇرغۇي | 3/332 |
| قىرقىز | قىرغىز | 1/598 |
| قاراڭقۇ | قاراڭغۇ | 3/299 |
| قاز | غاز | 3/204 |
| قاتۇن | خوتۇن | 1/187 |

(12) دىۋانغا سېلىشتۇرغاندا، ئەدەبىي تىلىمىزدا يەنە تۆۋەندىكىدەك نۆۋەتلىشىشلەرمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | نۆۋەتلەشكەن | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| سەۋتۇردى | سۆيدۇردى | ۋ<ي | 2/264 |
| ئەۋ | ئۆي | ۋ<ي | 1/52 |
| سۇۋۇق | سۇيۇق | ۋ<ي | 3/225 |
| چوۋلى | چويلا | ۋ<ي | 3/599 |
| تەۋەي~دەۋەي | تۆگە | ۋ<گ | 3/467 |
| قاچاچ | قاقاچ(كىر) | چ<ق | 2/415 |
| چالاڭ | يالاڭ | چ<ي | 3/507 |
| سارغاردى | سارغايدى | ر<ي | 2/267 |
| ئالتىن | ئاستىن | س<ل | 1/147 |
| يافۇز | ياۋۇز(يامان) | ف<ۋ | 3/11 |
| چەكىك | چېكىت | ك<ت | 2/146 |
| يىگنە | يىڭنە | گ<ڭ | 3/45 |
| يىگدە | جىگدە | ي<ج | 3/39 |
| يالڭۇز | يالغۇز | ڭ<غ | 3/523 |

**4) تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى**

دىۋاندا بەزى سۆزلەر تەركىبىدىكى ئۇزۇك ياكى سوزۇق تاۋۇشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئورۇن ئالماشتۇرۇلۇپ ئۇقۇلۇۋاتىدۇ، بۇنداق سۆزلەر كۆپ بولمىسىمۇ، يەنىلا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئەدەبىي تىلدا | ئورۇن ئالماشقان | دىۋاندىكى ئورنى |
|---|---|---|---|
| قوڭراغۇ | قوڭغۇراق | را+غۇ<غۇ+را | 3/528 |
| قۇملاق | قۇلماق | م+ل<ل+م | 1/620 |
| بۈيۈردى | بۇيرۇدى | ئۇ+ر<ر+ئۇ | 3/257 |
| چۆمچە | چۆمۈچ | ئۈ+چ<چ+ئە | 1/544 |
| تەترۈ | تەتۈر | ر+ئۈ<ئۈ+ر | 1/548 |
| تەرى | تېرە | ئە+ئى<ئې+ئە | 3/305 |
| چاغمۇر | چامغۇر | غ+م<م+غ | 1/597 |
| ساغۇ | سوغا | ئا+ئۇ<ئو+ئا | 3/311 |
| ئاغۇ | ئوغا | ئا+ئۇ<ئو+ئا | 1/121 |
| ئەچكۈ | ئۆچكە | ئە+ئۈ<ئۆ+ئە | 1/170 |
| ياغمۇر | يامغۇر | غ+م<م+غ | 3/50 |
| قارغىلاچ | قارلىغاچ | غ+ل<ل+غ | 1/682 |
| تىلكۈ | تۈلكە | ئى+ئۈ<ئۈ+ئە | 1/559 |
| ئاۋيا | ئايۋا(بېھى) | ۋ+ي<ي+ۋ | 1/154 |

## ئىزاھلار

[1]بۇ سۆز دىۋاندا ئىككى خىل شەكىلدە، يەنى «يىنچۇ» ۋە «چىنچۇ» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.
[2]«ذ» تاۋۇشى چىش ئارىلىقى، جاراڭلىق سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش [Δ] قا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1، 2، 3- قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مەھمۇد قاشغەرىي، 1984-يىلى.
2. «〈突厥语词典〉语言研究» 赵明鸣著，中央民族大学出版社，2001年.
3. «〈突厥语词典〉研究论文集»，校仲彝主编，新疆人民出版社，2006年.
4. مىرسۇلتان ئوسمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989-يىلى نەشرى.
5. فۇ ماۋجى، ھاشىم قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1997-يىلى، خەنزۇچە نەشرى.
6. قومۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 1997-يىلى نەشرى.
7. مۇھەببەت قاسىم: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت-شېۋە سۆزلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى.
8. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىلى نەشرى.
9. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «مىللەتلەر تىل-يېزىقى» ژۇرنىلى، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» ۋە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

33 ـ يىللىق 3 ـ سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 33 卷第 3 期
2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2012 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 4 ـ 074 ـ 03(2012) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى توغرىسىدا*

مەۋلۇدە ئەكرەم

(شىنجاڭ سۇچىلىق ـ سۇ ئېلېكتىر مەكتىپى، ئۈرۈمچى. 830013)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ مەنىسى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق تەرەپلىرى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ، شۇنداقلا تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ بۇ ئىككى تىلدىكى مىقدار سۆزلەرنى توغرا ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ياخشى ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**摘要：** 本文根据汉语和维吾尔语中的量词的定义和分类，然后讲汉语量词的语法特点，在第三阶段讲维语量词的定义和分类；维语量词从不同的角度进行分类，如：从量词的构成来看，有单纯量词、派生量词和复合量词。从量词的来源看，有固有量词和外来词借词……等，然后讲维语量词的语法特点，在第三阶段讲汉维语量词的异同点。每一个相同点和差异用句子来说明。

**Abstract:** First of all, this thesis introduces definition and classification of Chinese measure words. Chinese measure words can be divided into: content quantifier, verbal measure words and compound measure words. Secondly, grammar features of Chinese measure words are also introduced. Thirdly, definition and classification of Uyghur measure words are presented. Differs from Chinese measure words, the Uyghur measure words classify in different way, such as: simple and derived quantifier, compound quantifier, inherent and borrowed quantifier…etc. Grammar features of Uyghur measure words are also followed. Finally, author compares Uyghur and Chinese measure words by analyzing their similarities and differences with examples.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H04　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تىل ئۆگەنگۈچىلەر ئۆگىنىۋاتقان تىلدا سۆزلىگەندە ھەمىشە ئانا تىلىدىكى ئادەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، سۆزلەرنى خاتا ئىشلىتىپ قويۇشتەك ھالەت مەۋجۇت. خەنزۇچە ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنى توغرا، دەل جايىغا ئىشلىتەلمەسلىكى، ئۇيغۇرچە ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىلا سۆزگە مىقدار سۆزلەرنى قوشۇۋېلىشى دەل بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

تۆۋەندە ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ مەنىسى، تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ مەنىسى، تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

### 1) مىقدار سۆزلەرنىڭ مەنىسى، تۈرلىرى

خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر چوڭ جەھەتتىن شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. شەيئى مىقدارلىرى ـ ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار بولۇپ، ئۇ يەنە خاس مىقدارلار ۋە كۆچمە مىقدارلار دەپ بۆلۈنىدۇ. خاس مىقدارلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ: ئۆلچەم بىرلىكلىرى. مەسىلەن: 两、亩、米 گەۋدە بىرلىكلىرى، مەسىلەن: 个、位、件. تۇپلام بىرلىكلىرى: مەسىلەن: 双、对、帮. ئېنىقسىز بىرلىكلەر،

*بۇ ماقالە 2012-يىلى 3- ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: مەۋلۇدە ئەكرەم (1968 -يىلى 2-ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: 点، 些.

كۆچمە مىقدارلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىسىمدىن كۆچكەن مىقدارلار، مەسىلەن: 头، 口، 杯، 桶. پېئىلدىن كۆچكەن مىقدارلار، مەسىلەن: 挑 - 一挑水، 捆- 一捆柴. ھەرىكەت مىقدارلىرى ـ ھەرىكەت بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدار سۆزلەر بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا خاس مىقدارلار ۋە كۆچمە مىقدارلار دەپ بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: 次、回、趟、下、遍 قاتارلىقلار خاس مىقدارلارغا كىرسە، 看一看、摸一摸、踢一踢 قاتارلىقلارنىڭ ئاخىرىدىكىسى كۆچمە مىقدارلارغا كىرىدۇ.

خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر مۇتلەق بىر خەتلىك بولىسمۇ، لېكىن 1950 ـ يىللاردىن بۇيان، بىر قىسىم قوشما مىقدار سۆزلەر شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇلار ھېلىھەم ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن: 人次、吨公里、架次

**2) خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى**

(1) مىقدار سۆزلەر سانلارنىڭ كەينىدە كېلىپ، سانلار بىلەن بىرگە سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، ھالەت ياكى تولۇقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: 一个人、看一次.

(2) خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم مىقدار سۆزلەرنى تەكرارلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: 个个 条条 朵朵 阵阵

(3) خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر ساناق سان (一) بىلەن بىرىكىپ، سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. ئىككى خىل تەكرارلىنىش شەكلى بار. مەسىلەن: 一道一道، 一桶一桶، 一排一排

(4) خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر تەكرارلانغاندىن كېيىن، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋە ئىگە بولۇپ كېلىپ، ئادەتتە ھەر بىر (每一)، نۇرغۇن (许多) دېگەن خەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: يوللارنىڭ ھەممىسى رىمغا تۇتاشقان. 条条大道通罗马 ھەممىسى ياراملىق 个个都是好样的. خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر تەكرارلانغاندىن كېيىن، جۈملىدە خەۋەر بولۇپ «كۆپ» (多) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: 代代相传، 道道伤痕.

## 2. ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ مەنىسى، تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

**1) مەنىسى ۋە تۈرلىرى**

ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مىقدار سۆزلەر كېلىش مەنبەسىگە قاراپ خاس مىقدار ۋە كۆچمە مىقدارلار؛ مەنىسى ۋە بىرىكىش ئىقتىدارىغا قاراپ شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى؛ شەيئى مىقدارلىرى مەنىسىگە قاراپ ساناق مىقدارلىرى ۋە ئۆلچەم مىقدارلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) خاس مىقدار ۋە كۆچمە مىقدارلار. خاس ياكى ئاساسەن مىقدار رولىدىلا كېلىدىغان سۆزلەر خاس مىقدارغا كىرىدۇ. مەسىلەن: سەر، جىڭ، تونна، پۇڭ، نەپەر، دانە، چىمدىم، يۇتۇم، قېتىم، نۆۋەت.

ئۇيغۇر تىلىدا بەلگىلىك سىغىمى بار شەيئىلەرنى ۋە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار مىقدار ۋەزىپىسىدە كېلىشى مۇمكىن. ئىسىملار مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئىسىمغا خاس خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، مىقدارغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىملارنى كۆچمە مىقدار دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن؛ بىر ئېغىز ئۆي، بىر چېلەك سۇ، بىر هارۋا بېدە، بىر چىنە ئاش.

(2) شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى. ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ، شەيئىنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار شەيئى مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. مەسىلەن: بىر قۇر كىيىم، بىر ماشىنا كۆمۈر.

پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ھەرىكەت مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. مەسىلەن: بىر يىل ئوقۇماق، ئىككى قېتىم بارماق.

(3)ساناق مىقدارلىرى ۋە ئۆلچەم مىقدارلىرى. ساناشقا بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ساناق مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ساناشقا بولىدىغان نۇرغۇن شەيئىلەرنىڭ سانىنى بىۋاسىتە سان بىلەنلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن: بىر تاغ، تۆت ماشىنا، سەككىز تۈگە. ساناشقا بولمايدىغان شەيئىلەرنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى ۋە ساناشقا بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىدىن باشقا ئۆلچەمدىكى ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ئۆلچەم مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. مەسىلەن: بىر چېلەك سۇ، بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قاپ سوپۇن پاراشوكى، بىر قوتا هاراق.

**2) گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى**

(1) ئۇيغۇر تىلىدىكى سان-مىقدار بىرىكمىلىرىگە سانلارنىڭ مۆلچەر سان قوشۇمچىسىنى قوشقاندا سانلارنىڭ ئاخىرىدىكى قوشۇمچە مىقدارنىڭ كەينىگە يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن: ئون مو يەر- ئون مودەك يەر؛ ئون كوي پۇل- ئون كويچە پۇل.

(2) بىر قىسىم مىقدارلار «-لاپ، -لەپ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەۋىشلىشىدۇ ۋە ھالەت سۈپىتىدە پېئىللارغا بېقىنىپ كېلىپ، پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ شۇ مىقدار بويىچە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: كېسەل پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقىدۇ.

(3)ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنىمۇ تەكرارلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: قاتار-قاتار (一排排)، رەت-رەت (一幢幢)، تال-تال (一根根).

(4) ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆز بىرىكمىلىرىنى تەكرارلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن (一口一口地)، بىر قۇر - بىر قۇردىن (一行一行地).

## 3. خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى

خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەردىن ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) تەكرارلىنىش شەكلى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ تەكرارلانغاندا ئىپادىلەيدىغان مەنىسى خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ تەكرارلانغاندا ۋە ساناق سان (一) بىلەن بىرىكىپ مىقدار سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلغاندىكى ئىپادىلەيدىغان مەنىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: يول-يول قورۇقلار (道道皱纹，一道道皱纹，一道一道的皱纹)

(2) ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر تەكرارلانغاندىن كېيىن ئىسمىنى سۈپەتلەپ، ئىسمىنى مۇرەككەپ سان مەنىسىگە ئىگە قىلىدۇ. تەكرارلانغاندىن كېيىن جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، لېكىن ئىگە بولالمايدۇ. ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئادەتتە ساننىڭ كۆپلۈكى ھەم «ھەر بىر» (一每) نىمۇ بىلدۈرىدۇ.

(3) ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر تەكرارلانغاندىن كېيىن، ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولمىغاندا، پەقەت ئاز ساندىكىسى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. ئادەتتە خەۋەر بولۇپ كېلەلمەيدۇ. مەسىلەن: 一笔一笔地写 (دانە-دانە يازماق)

(4) ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر تەكرارلانغاندىن كېيىن ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولغاندا، مىقدار سۆزنىڭ ئاخىرىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، جۈملىدە ئادەتتە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن يېيىش (一口一口地吃).

(5) خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆز بىرىكمىلىرى ئادەتتە جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، ھالەت، تولۇقلىغۇچى بولىدۇ. ئالاھىدە تىل شارائىتىدا جۈملىدە ئىگىمۇ بولالايدۇ. مەسىلەن: 10يۈەنگە 2جۈپ (十元两双)، ئىككى 10يۈەن (两件十元).

(6) ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىنىڭ ھەر خىل بۆلەكلىرى بولالايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ كېلىدىغانلىرى ئەڭ كۆپ. بۇ نۇقتا ئىككى تىلدا ئاساسەن ئوخشاش.

(7) خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆز بىرىكمىلىرى ئەگەر تولۇقلىغۇچى بولۇپ كەلسە، ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. مەسىلەن:

**有时，我们与其他街道的孩子们比试一番。**

بەزى ۋاقىتتا باشقا مەھەللىلىك باللار بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئوينايتتۇق.

**我在水里扑腾着沉浮了两次，才挣扎着出了。**

ئۆزۈمنى ئوكسۇشۇلغۇچە ئىككى-ئۈچ قېتىم سۇغا چۆكۈپ كېتىپ، ئاران چىقىۋالدىم.

**我休息了一会，就干起了活儿。**

مەن بىر ئاز ھاردۇقۇمنى ئېلىۋېلىپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم.

1- ۋە 3-مىسالدا، خەنزۇ تىلىدىكى تولۇقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن مىقدار سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىدە ماس كېلىدىغان شەكلى يوق. 2-مىسالدىكى

تولۇقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن مىقدار سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىگە ماس كېلىدىغان شەكلى بولسا ھالەتتۇر. 4-مىسالنىڭ 2-مىسالغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلگىنى مىقدار سۆز بىرىكمىسى بولماستىن، بەلكى ساندۇر.

(8) خەنزۇ تىلىدىكى سۈپەتلەش خاراكتېرلىك مىقدار سۆز بىرىكمىلىرى جۈملە بۆلەكلىرى بولۇپ كەلگەندە، ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: مىشىلداپ يىغلىماق (一把鼻子一把泪的哭)، پاتپاراقچىلىق ئىچىدە (乱成一团)، يېڭى ئاي (一轮新月).

دېمەك سۈپەتلەش خاراكتېرلىك مىقدار سۆزلەر ياكى مىقدار سۆز بىرىكمىلىرى مىقدار سۆزلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش ياكى ئىپادىلىمەكچى بولغان سۆزلەرنى تەسۋىرلەشتە سۈپەتلەش رولىغا ئىگە بولغان مىقدار سۆز ياكى مىقدار سۆز بىرىكمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنى سېلىشتۇرۇشتا سۈپەتلەش خاراكتېرلىك مىقدار سۆزلەر تېخىمۇ ئاز قوللىنىلىدۇ.

(9) خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم ۋاسىتىلىك (شەيئى ئىسىملىرى ئارىيەت ئېلىنغان)مىقدار سۆزلەرنىڭ ئالدىغا «一» دىن باشقا ساناق سانلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن: "一身泥" ، "一屋子烟" . بۇ مىقدار سۆز بىرىكمىلىرىدىكى «一» نىڭ "全" , "满" دېگەندەك مەنىلىرى بار، شۇڭلاشقا "满屋子烟" "满身泥" دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بۇ خىلدىكى مىقدار سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ماس كېلىدىغانلىرى ھەرگىزمۇ سۆز بىرىكمىسى ئەمەس. مەسىلەن: پۈتۈن ھاياتى بىلەن (一生一世) خاپىچىلىق (一肚子气)

(10) خەنزۇ تىلىدىكى ۋاسىتىلىك مىقدار سۆزلەر، مەسىلەن: "踢一踢" "摸一摸" ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە «پېئىل + ياردەمچى پېئىل» (动词+助动词) ياكى «مىقدار سۆز بىرىكمىسى + پېئىل» (量词短语+动词) شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. پۇراپ باقماق (闻一闻)، بىردەم ئولتۇرماق (坐一坐)

(11) ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆز بىرىكمىلىرى ياكى مىقدار سۆزلەر بىر پۈتۈنلۈكتىكى قىسمەنلىك ياكى يەككىلىكنى ئىپادىلىگەندە، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ. ئەمما، خەنزۇ تىلىدىكى ماس جۈملىلەردە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئالمىدىن بىر كىلو ئالدىم (我买了一公斤苹果). ئۈزۈمدىن ئۈچ ساپاق يېدىم (我吃了三串儿葡萄).

(12) ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم يەككە مىقدارلارنى جۈملىدە قىسقارتىشقا بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى مۇناسىپ جۈملىلەردە مىقدار سۆزلەرنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ئىككى كالا ئۈسۈشۈپ كەتتى (两头牛顶起来了). بۇ يەر ئەزەلدىن ئورمانلىق ئىدى (这里原来是一片树丛).

(13) ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆز بىرىكمىلىرى ياكى جۈملىلەردە ئەزەلدىنلا مىقدار سۆز ياكى مىقدار سۆز بىرىكمىسى يوق، خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن مىقدار سۆز ياكى مىقدار سۆز بىرىكمىسى قوشۇش كېرەك. مەسىلەن: بېشىغا بىرنى سالماق (头上打一巴掌) يۈز تۈپتەك كۆچەت (约一百棵树苗). مىقدار سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئاخىرىغا «دەك، تەك، چە» قاتارلىق قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، تەخمىنىي مىقدارنى ئىپادىلەيدۇ.

ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ئىككى تىلنىڭ مىقدار سۆزلەرنى قوللىنىش جەھەتتە يۇقىرىقىدەك پەرقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل ئۆگەنگۈچىلەر مىقدار سۆزلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مىقدار سۆزلەرنىڭ ئۆلچەملىك ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىشى لازىم.

## پايدىلانمىلار

1. 张玉萍：《维汉语法对比》，新疆人民出版社，1999 年.
2. 艾海提：《现代汉语语法》，民族出版社，2000 年.
3. 易坤锈，高士杰：《维吾尔语法》，新大出版社，1991 年.
4. 刘坤：《汉维共时对比语法》，新疆人民出版社，1991 年.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com

33 ـ يىللىق 3 ـ سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 33 卷第 3 期
2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2012 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 4 ـ 078 ـ 03 (2012) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالىرىغا دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە*

تۇرغۇنجان ئىسلام

( (قاراماي شەھەرلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قاراماي. 834000)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئادەم تېنى ۋە ئەزالىرىغا دائىر ئۆزىگە خاس تۇراقلىق ئىبارىلەر، فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر، ئىدىيوملار بولىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا ئادەم تېنى ۋە ئەزالىرىغا دائىر تۇراقلىق سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇنى مول، ئىخچام، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى باش، كۆز، قۇلاق، قول-پۇت، يۈرەك، ئېغىز ۋە بۇرۇن قاتارلىق ئادەم تېنىدىكى قىسمەن ئەزالارنى مەزمۇن قىلغان ئىدىيوملارنىڭ تىل پىسخىكىسى ۋە تىل تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا ئۇنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ۋە چوڭقۇر مەزمۇنىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：** 各民族都有独特的关于人体及器官的成语，固定词组，短语，谚语等习惯用语，维语里关于人体及器官的熟语，成语，短语，固定词组，谚语等的内容非常丰富，抽象，简便，动人，及其吸引他人的注意；本文通过维语中的关于人体及器官的熟语，成语，固定词组，短语，习惯用语等来解释它丰富的文化内涵及特征。

**Abstract:** It is well known that most of the languages contain specific idioms, expressions, phrases and proverbs that borrowed from proper nouns of human body or organs. This is also true in Uyghur language. By using those abstract and meaningful, handy and impressive expressions, one can easily attract some attentions. This paper analyzes and points out some characteristics of human body idioms, expressions, phrases and proverbs in Uyghur language.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئادەم تېنى ۋە ئەزالىرىغا دائىر ئۆزىگە خاس تۇراقلىق سۆز-ئىبارىلەر، فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر، ئىدىيوملار بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئادەم تېنى ۋە ئەزالىرىغا دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇنى مول، ئىخچام، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك بولۇپ، مەنىسى چوڭقۇر، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالىرىغا دائىر فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر باشقا فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەرگە ئوخشاش تۇراقلىق قۇرۇلمىلىق مۇناسىۋەتكە ۋە مۇكەممەل چوڭقۇر مەنىگە ئىگە جۈملىلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلما ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە شەكىللەنگەنلىكى ئۆچۈن كۈچلۈك مىللىي ئۆرپ - ئادەت تۈسىگە ئىگە. بۇ خىل مۇقىم قۇرۇلما شەكلى ھەرگىزمۇ بىرەر كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا بوي-سۇنماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تىل كوللېكتىپىنىڭ

*بۇ ماقالە 2012-يىلى 4- ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: تۇرغۇنجان ئىسلام (1970 -يىلى 4- ئايدا تۇغۇلغان)، كاندىدات ئالىي تەرجىمان، تەرجىمە ۋە مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تىل ئالاقىسى داۋامىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ، قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن مۇقىملىشىدۇ. ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر تەركىبىنى ۋە قۇرۇلمىسىنى ھەر كىم ئۆز ئالدىغا خالىغانچە ئۆزگەرتىدىغان بولسا ئۇ كىشىلەرگە ناتونۇش، چۈشىنىمەك تەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئالاقىدىكى رولىنى يوقىتىدۇ.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئادەم تېنىنىڭ ھەر قايسى ئەزالىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش سۆز-ئىبارىلىرى بولىدۇ ھەمدە بۇ سۆز-ئىبارىلەر يەنە بىر تەرەپتىن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئادەم تېنىنىڭ بىر قىسمى ۋە ئەزالىرىغا دائىر سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيوملار ئىنتايىن ئوبرازلىق، تەسىرلىك ھەم ئىخچام بولۇپ، ئۇنى قوللانغاندا تىل تەسىرلىك، جانلىق بولىدۇ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. بۇ ماقالىدە ئادەم تېنى ۋە ئەزالىرىنىڭ نامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيوملارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مول مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈپ بېرىلىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ تىلىدا ئىپادىلەنگەن سۆز-ئىبارىلەرنى يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىدا ئىپادىلەشتە شۇ مىللەتنىڭ تىل پسىخىكىسى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى چۈشىنىپ، شۇ تىلنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئەسلىي مەنىسىگە سادىق بولغان ھالدا جانلىق ۋە توغرا چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭلاشقا ئىدىيوملارنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئۇنىڭدىكى كۆچمە مەنىلەرنى توغرا ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش لازىم.

## 1. باشقا دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەر

ئۇيغۇر تىلىدا «باش»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئادەت سۆزلىرى (ئىدىيوملار) ئۆزگىچە مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە، شۇڭا تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: بېشىنى ئېلىپ كەتمەك (远走高飞)، باش كۆتۈرمەك (翻身)، باش تارتماق (拒绝)، باشتىن كەچۈرمەك (经历过)، بېشىغا كىيمەك (大声吵闹).

بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى ئىدىيوملارنى توغرا چۈشىنىش لازىم. باشقا ئىش كەلمەك (遭到不幸)، بېشىدا سۇيى بار (精神失常)، بېشىدا ئوت كۆيمەك (遭到难题). بۇنىڭدىن باشقا يەنە «مۇھىم، تايانچ، ئەڭ يۇقىرى» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: باش ۋەزىپە (首要任务)، باش كونسۇل (总领事)، باش مۇدىر (总经理)، باش جىنايەتچى (首犯)، باش باھار (立春).

## 2. كۆزگە دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەر

كۆز جانلىقلارنىڭ كۆرۈش ئەزاسى بولۇپ، ئۇ قەلبىنىڭ دېرىزىسىدۇر. كۆزگە دائىر سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيوملارنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك، ئوبرازلىق. ئۇيغۇر تىلىدىكى «كۆز» مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيوملارنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىخچام، ئاڭلاشقا يېقىملىق بولۇپ، خۇددى كىشىنى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تولغان قىياپىتىنى كۆرگەندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ.

كۆز ئەڭ ئالدى بىلەن «ھاياتلىق، تەن» قاتارلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئادەم تېنىدىكى ئەزالار ئىچىدە كۆزنىڭ مۇھىم ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. « كۆز»دىن قۇرۇلغان ئىدىيوملار، مەسىلەن: كۆز تىرىكلىكىدە (健在时)، كۆز تۇمار (护身符)، كۆز تەگمەك (中邪) ، كۆز يورۇماق (分娩)، كۆز تىكمەك (盯着)، ئوخشاشلا بۇنداق ئىدىيوملارنىڭ ئۆز مەنىسىنى ئىپادىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن :كۆزى ئېچىلماق، كۆزى ئوچۇق(有知识的) دېگەن ئىدىيوم بىلەن «كۆزى ئېچىلماق» (大开眼界) دېگەن ئىدىيومنىڭ مەنىسىدە پەرق بار.

«كۆزدىن يوقالماق»، «كۆزدىن يوقالدى»، «كۆزدىن يوقاتماق» دېگەن ئىدىيوملارنى 消失، 无影, 无踪 دەپ تەرجىمە قىلىش لازىم. كۆزى

www.uyghurkitap.com



ئوچۇق كەتمەك 白白浪费 دېگەننى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، 含怒而死 ياكى 含怒而去 دېسەك ئۇز مەنىسى چىقىدۇ. «كۆز ئويناتماق» دېگەننى 挤眉弄眼 ياكى 暗送秋波 دەپ ئېلىش لازىم. «كۆزىگە توپا چاچماق» دېگەننى 啃害 دەپ ئالساق جايىغا چۈشىدۇ.

## 3. قۇلاققا دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەر

قۇلاق ئادەملەرنىڭ ئۇچۇرغا ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم ۋاستىسىدۇر. قۇلاق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىل پسىخولوگىيەسىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مەسىلەن :قۇلاقتا تۇتماق (牢记)، قۇلاققا يەتمەك (获悉)، قۇلاق سالماق (听从)، ئۇزۇن قۇلاق (消息灵通者)، يەنە «قۇلاق موللىسى» دېگەن سۆزنى سەلبىي جەھەتتىن ئالغاندا 一知半解，不知其所 دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. 自学成才 دەپ تەرجىمە قىلىنسا «قۇلاق موللىسى» دېگەن ئىدىيومنىڭ ھەقىقىي مەنىسى چىقمايدۇ، شۇنداقلا «قۇلاقنى يېمەك»، «قۇلاقنى ئاغرىتماق» دېگەن ئىدىيوملارنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن 听得心烦 دېسەك كۇپايە.

## 4. قولغا دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەر

ئادەملەر قولى ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۇنىڭدىن تۇرمۇشىغا كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ. قولمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىل پسىخىكىسىدا مۇئەييەن ئورۇننى تۇتىدىغان، ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىدىيوملارنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن : قولى گۈل (手巧)، قولۇم كۆكسۇمدە (恭候听命)، قولى ئوچۇق (慷慨)، قولى قىسقا (不宽裕)، قول ئۇچىدا ئىش قىلىش (不认真)، يەنە « قولى ئېغىر»، «قولى يېنىك» دېگەندەك ئىدىيوملار، «قول بەرمەك» دېگەن ئىدىيوم" 许诺 " ، " 追随 " دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ، «قول بېرىشمەك» دېگەن ئىدىيوم " 结拜 " دېيىلىۋاتىدۇ.

## 5. پۇتقا دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەر

ئۇيغۇر مىللىتىدە پۇتنى مىسال قىلىدىغان ئادەتلەر بار ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئىدىيە ئوبرازلىق، چوڭقۇر مەنىلىك ۋە ئىخچام ئىپادىلەپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن : ئۆز ئايىغىدىن ئۈركۈمەك (自惊自诧)، ئايىغى چىقماق (会走路)، ئايىغى يېنىك (勤快)، ئايىغى ياراشماق (带来幸运)، ئېغىر ئاياغ (怀孕的).

## 6. يۈرەككە دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەر

رەئىس ئەزا ھېسابلىنىدىغان ئەزالارنىڭ بىرى يۈرەك ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. يۈرەك دېگەن ئاتالغۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىل پسىخىكىسىدىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا ئىگە. مەسىلەن : ئوت يۈرەك (勇敢的)، شىر يۈرەك (胆大)، توخۇ يۈرەك (胆小鬼)، تاش يۈرەك (心狠)، يۈرىكى سۇ بولماق (胆战心惊)، يەنە «قاپ يۈرەك» -" 大胆 "، «يۈرىكى ئويناپ كەتمەك» -" 心花怒放 " ، «يۈرىكى يېرىلغان» - " 心胆俱裂" قاتارلىقلار.

## 7. بۇرۇنغا دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەر

بۇرۇن ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋاناتنىڭ پۇراش سېزىمى ئەزاسى، شۇڭلاشقا سۆزلەردە كۆپرەك مىسالغا ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «بۇرۇن»دىن قۇرۇلغان ئىدىيوملار ئانچە كۆپ ئەمەس، ئەمما ئىنتايىن مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە.

مەسىلەن : بۇرنىدىن بۇلاق بولماق (吃不了兜着走)، بۇرنىدىن يېتىلمەك (摆布)، بۇرنىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزمەك (穿鼻栓)، بۇرنىغا سۇ

كىرمەك (吃了亏)، بۇرنىغا يېمەك (吃了苦).

## 8. ئېغىزغا دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەر

ئېغىز جانلىقلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئەزاسى بولۇپلا قالماستىن يەنە تاۋۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى ئىپادىلەيدىغان بىردىنبىر ئەزادۇر. ئۇيغۇر تىلىدا ئېغىزنى مىسال قىلغان ئىدىيوملارنىڭ قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ئىخچام ھەم ئوبرازلىق. مەسىلەن: ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك (眉开眼笑)، ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلمەك (盘涎三尺)، ئېغىز-بۇرۇن يالاشماق (狼狈为奸)، ئاغزى چىڭ (守口如瓶)، ئاغزى بوش (信口开河)، ئېغىز ئاچماق (开口 , 开斋)، ئاغزىغا بىلىم سالماق (传授知识).

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جۇغراپىيەلىك مۇھىت دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىككە باپ كەلگەنلىكتىن، ئۇزاق مۇددەتلىك تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك تارىخىغا ئىگە، ئۆزىگە خاس دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان. مەسىلەن : «بېشىدا ياڭاق چاقماق»، «قولى گۈل»، «توخۇ يۈرەك»، «بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈش» ۋە «ئاغزىدا شەھەر ئېلىش» قاتارلىق ئىدىيوملار دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەنە قورقۇنچاقلار ئۇيغۇر تىلىدا «توخۇ يۈرەك» دېيىلسە، قازاق تىلىدا «توشقان يۈرەك» دېيىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا «چاشقان يۈرەك» - " 鼠胆 " دېيىلىدۇ. شاش كالىنىڭ بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بويسۇندۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ، بۇنى باشقىلارنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچراشقا مىسال قىلساق ئىنتايىن جايىغا چۈشىدۇ. يەنە مەسىلەن: «قول»غا كەلسەك «قولۇم كۆكسۈمدە» دېگەن ئىدىيومنىڭ مەنىسى «خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن» دېگەن مەنىدە كەلسە، «ئاغزىغا بىلىم سېلىش» -- «بىلىم ئۆگىتىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قولاق موللىسى» دېگەن ئىدىيوم سەلبىي جەھەتتىن ئېيتقاندا سىستېمىلىق بىلىم ئالمىغان، باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان يېرىم-يارتا بىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن " 自学成才 " دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇ خەنزۇ تىلىدا "一知半解" دېيىلىدۇ. تىل مەدەنىيەتنىڭ يۈكلىمىسى بولۇپ، مەدەنىيەت تىلغا چوڭقۇر مەنا ئاتا قىلغان. ئىدىيوملارغا چوڭقۇر قاتلاملىق مىللىي مەدەنىيەت تەركىبلىرى يوشۇرۇنغان. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىش، تەرجىمە جەريانىدىكى ھەر ئىككى تىلنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى توغرا ئىگىلەپ، تەرجىمىنىڭ دەللىكى ۋە ئىخچاملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پايدىلانمىلار


1. ئۆمەر داۋۇت: «ئۇيغۇر تىلىدىكى رەڭ سۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1999- يىللىق 1- سانى.
2. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1992- يىللىق 1- سانى.
3. غەيۇر: «تەرجىمىدىكى مىللىي پۇراقنىڭ ئىپادىلىنىشى ھەققىدە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1998- يىللىق 3- سانى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىكىم ياسىن

www.uyghurkitap.com

33-يىللىق 3-سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 33 卷第 3 期
2012-يىلى 9-ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2012 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 1005-5878(2012)03-082-12

# قۇمۇل مۇقاملىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان*

ئىسمەت قاسىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** قۇمۇل مۇقاملىرى — ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى بولۇپ، ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتى غەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق. ھازىر ساقلىنىۋاتقان قۇمۇل مۇقاملىرى 12 مۇقام، 19 چۇشۇرگە، 271 ناخشىلىق مۇزىكا. ھەر بىر مۇقام چۇشۇرگە(شۆبە) ۋە ناخشىلىق مۇزىكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان، مۇقام خېلى ئۇزۇن مۇقەددىمىدىن باشلىنىپ، قۇمۇل غىجىكى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ، مۇقەددىمىنى بىرلا مۇقامچى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ داۋامى نۇرغۇن ناخشىلىق مۇزىكىلاردىن تەركىب تاپىدۇ، بۇ بىر يۈرۈشلەشكەن مىللىي ناخشا-مۇزىكا. بۇ ماقالىدە، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئىۋىرغول نەغمىلىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغانلىقى، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تارىخى، تارقىلىش، ئورۇنلىنىش ئالاھىدىلىكى، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ نامى ۋە تېكىست جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ۋارىيانتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要:** 哈密木卡姆是维吾尔木卡姆的古代的主体，哈密木卡姆是维吾尔木卡姆文化中的无价之宝。现存的哈密木卡姆唱词共 12 套、19 分章、271 支歌曲。每套木卡姆均由散板序曲和歌曲两部分组成，开始是一首较长的散板序曲，由哈密艾捷克伴奏，一人领唱，接着由若干首歌曲组成，这是一种民族套曲。本文简要论述哈密木卡姆由伊州乐作为基础而发展、哈密木卡姆的历史、分布与演奏特点、哈密木卡姆的名称特点与唱词特点以及各版本的基本特点。

**Abstract:** Kumul Muqam is the body part of Uyghur ancient Muqam series. It is well known as the "Pearl of Great Price" in Uyghur Muqam culture. The present Kumul Muqam can be divided into 12 albums, 19 sections and 271 songs. Each album contains overture section and song section. The overture begins at first, by one leader singer accompany with Kumul Ejiki (musical instrument), then, several sections of songs and music will be followed to complete the album. This paper briefly introduces the developing progress of Kumul Muqam as it is Eli-music based nature, the history of Kumul Muqam, its separation, performance features, naming features, singing features and common features of its various versions.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G45　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تارىخى

قۇمۇل — ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى فولكلور مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەڭ قەدىمكى مۇزىكا — ئۇسسۇل سەنئىتىنى بەرپا قىلغان جايلارنىڭ بىرى.

قۇمۇل مۇقاملىرىمۇ دولان مۇقاملىرىغا ئوخشاشلا ئۇزۇن تارىختا، تارقىلىش، ئورۇنلىنىش، تېكىست ھەم نام ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يەرلىك مۇقاملارنىڭ بىرى. قۇمۇل مۇقاملىرى 2006-يىلى 6-ئاينىڭ 13-كۈنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» دەپ ئېلان قىلىندى[1].

قۇمۇل ئۇزۇن تارىختا ئىگە قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تارىخىمۇ ئۆزىنى ئۆستۈرگەن قەدىمكى تۇپراق بىلەن تەقدىرداش. قۇمۇل تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى تاغ

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان.

ئاپتور: ئىسمەت قاسىم(1962-يىلى4-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئېتەكلىرى ۋە يايلاقلاردا، زور مىقداردا قەدىمكى ئۇسسۇل ۋە سەنئەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى، بۇ قومۇلنىڭ باشلانغۇچ مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ قەدىمكى ئالاھىدىلىكى. 1997-يىلى قومۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ شىمالىي يولى قەبرىستانلىقىدىن ئىككى تۆشۈكلۈك بىر چور (چالغۇ) تېپىلدى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە بۇ چور شاڭجۇ دەۋرىگە تەۋە چور ئىكەن. 2005-يىلى ئاراتۈرك بەلچىر قەبرىستانلىقىدىن يەنە بىر تۆت تۆشۈكلۈك ساپال چور تېپىلدى، مۇتەخەسسىسلەر بۇ چورنىڭ تارىخىنى 2500-3000 يىلغىچە دەپ بېكىتتى. بۇ ئىككى چالغۇ قومۇل مۇزىكا تارىخىنىڭ ئىنتايىن ئۇزۇنلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھازىرقى قومۇل مۇقاملىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ماھادۇر مۇقامى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر نەغمىسىنىڭ داۋامى ۋە بەلگىلىك تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجى. ماھادۇر مۇقامى «چوڭ نەغمە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھازىرمۇ قومۇل مۇقاملىرىدا «مۇقدۇر مۇقامى» دېگەن بىر مۇقام بار[2]. ئۇيغۇر نەغمىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلىنىڭ نامىدىن كېلىپ (قومۇلنىڭ قەدىمكى نامى) چىققان بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا ئەگىشىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كەڭ تارقىلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ چوڭ نەغمىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن، شۇنداقلا تاڭ، سۇڭ شېئىرلىرى ۋە يۈەن سۇلالىسى غەزەللىرى قاتارلىق ئەدەبىيات ــ سەنئەتكە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر نەغمىلىرىدە يەتتە خىل كۈي (ئاھاڭ) بولغانلىقى مەلۇم. بۇ كۈيلەر چوڭ كۈيلەردىن تەرەققىي قىلىپ كۆپ خىل يەككە كۈيلەرگە بۆلۈنگەن. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كۈي-ئاھاڭلار پۈتۈلگەن كىتابتا 49 كۈي پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ 48-كۈيى «لىڭ ئۇيغۇر كۈيى» ئىكەن. «ئۇيغۇر نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تىياتىر سەنئىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ئىككى سۇڭ دەۋرىدىكى 103 ئوردا كۈيىنىڭ 5ى ئۇيغۇر چوڭ كۈيى بولۇپ، بۇ كۈيلەر «لىڭ ئۇيغۇرغول»، «تۆمۈر نىقابلىق ئۇيغۇرغول»، «قىزىقارلىق بەش بوۋاي ئۇيغۇرغول ئويۇنى»، «شوۋپېي ئۇيغۇرغول ئويۇنى»، «ئاشپۇزۇل ئۇيغۇرغول ئويۇنى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇرغول نەغمىلىرى تاڭ سۇلالىسى، بەش دەۋر، شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈزۈلمىسىز راۋاجلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە جەنۇبىي جۇڭگو رايونىدا كەڭ تارقالغان[3].

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرغول نەغمىلىرى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ تىياتىرلىرىدىكى مۇھىم بىر كۈي بولۇپ قالغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇدىنىڭ «مەرۋايىت قولۋاق (珍珠船) دېگەن ئەسىرىدە «قەدىمدە تۆت كۈي(ئاھاڭ) بارىدى، لېكىن ھازىرقى ناخشىلاردا شىمال ۋە جەنۇپ كۈيلا ساقلىنىپ قالدى. مەسىلەن، ئۇلار ئۇيغۇرغول كۈيى، لياڭجۇ كۈيى، گەنجۇ كۈيى، ۋېيجۇ كۈيى قاتارلىقلار ئەسلىدە غەربىي دىيار كۈيلىرى ئىدى. شىمال كۈيلىرى چىن دەۋرىگە كەلگەندە ئاستا-ئاستا يوقاپ كەتتى، لېكىن شىمالنىڭ يەن بەگلىكى كۈيلىرىدىن غەربىي دىيار كۈيلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن[4].

1900-يىلى دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيىدىكى كىتابلار ئىچىدىن «دۇنخۇاڭ نوتىلىرى»نىڭ 25ى تېپىلدى. مۇشۇ 25 كۈي ئىچىدە ئۇيغۇرغول نەغمىسىنىڭ «گۈزەل ئۇيغۇرغول» ۋە «ئۇيغۇرغول» دېگەن ئىككى كۈيى بايقالدى[5].

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۇيغۇرغول نەغمىلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپلا قالماي، سەنئەت جەھەتتىمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قومۇلغا كىرىشى بىلەن، ئۇيغۇرغول نەغمىلىرى خۇددى غوزەك يېرىپ چىققان كېپىنەكتەك قومۇل مۇقاملىرى بولۇپ ئۆزگەردى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، قومۇل ئون ئىككى مۇقامى، ئۇيغۇرغول نەغمىلىرىنىڭ يۇرۇشلەشكەن ئاھاڭلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، مەزمۇن جەھەتتىن باشقىچە تۈس ئېلىپ

www.uyghurkitap.com



تولۇق ئەرەبچە تۈسكە كىردى. ئۇيغۇر نەغمىلىرى ئۆزىنىڭ قايغۇلۇق. مۇڭلۇق ھالىتىنى يوقىتىپ، بىردىنلا قىزغىن، ساددا، قايناق، جانلىق ئۇسلۇبقا كىردى، بۇ، ئۇيغۇر نەغمىلىرىنىڭ مۇھىم ئۆزگىرىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەدىمكى ئۇيغۇر نەغمىسىنى بۇددا دىنى ئۇيغاتتى ۋە بۇددا دىنىنىڭ سىڭىشىنى قوبۇل قىلدى دېسەك، بۇ قېتىم ئىسلام دىنى ئۇيغۇر نەغمىلىرىگە يېڭى ئۆزگىرىش ۋە جۇشقۇنلۇقلارنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا قومۇل مۇقاملىرى ئۇيغۇر نەغمىلىرىنىڭ داۋامى ۋە يېڭى يۈرۈشى ھېسابلىنىدۇ. قومۇل مۇقاملىرىنى شادىيانە داپ ۋە راۋاب ساداسى ئىچىدە بىر خىل يېپيېڭى مىللىي مۇزىكا قىياپىتى بىلەن تارىخ قوينىغا كىرىپ كەلدى دېيىشكە بولىدۇ.

### 1) خەن دەۋرىدىكى ماھادۇر كۈيى

ماھادۇر دېگەن نامدىكى«ماھا» سۆزى ئەسلى سانسكرىت تىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ سۆز سانسكرىتچىدا كۆپ ئۇچرايدىكەن، مەنىسى«چوڭ» دېگەننى بىلدۈرىدىكەن. «دۇر» كۈي (ئاھاڭ) دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىككى سۆز چوڭ كۈي يەنى يۈرۈشلەشكەن كۈيلەردىن تەركىب تاپقان دېگەن مەنىدە ئىكەن. مەملىكىتىمىزنىڭ 24 تارىخىدا ھازىرقى شىنجاڭ قومۇلدىكى ماھادۇر چوڭ كۈيىنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن[6].

غەربىي خەن دەۋرىدە خەن ۋۇدىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ماھادۇر كۈيىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەۋزەل شارائىتلارنى ئېلىپ كەلدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرى 138 ـ يىلى، جاڭ چيەن خەن ۋۇدىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە كېلىدۇ، جاڭ چيەن بىر «دۇر» دېگەن كىچىك بەگلىككە كەلگەندە كىشىلەرنىڭ ئىسقىرتىش ۋە ئىككى تال مۈڭگۈز ئارقىلىق مۇزىكا ئورۇنلىغانلىقىنى كۆرگەن ھەمدە غەربىي دىيارنىڭ داڭلىق كۈيى ماھادۇر كۈيىنى ئاڭلىغان، شۇنداقلا مۇشۇنداق چېلىش ئۇسۇلىنى ۋە غەربىي دىيارنىڭ داڭلىق ماھادۇر كۈيىنى قوبۇل قىلىپ چاڭئەنگە ئېلىپ كەتكەن. «جىننامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»دە : «كالا مۈڭگۈزى بىلەن ئورۇنلىنىدىغىنى غەربىي دىياردىكى قەبىلىلەرنىڭ كۈيى، جاڭ بوۋاڭ غەربىي دىيارغا بېرىپ، شىجىڭ دېگەن جايدا ئۆزىنىڭ كۈيلىرىنى يەرلىكلەرگە ئۆگەتكەن، يەرلىكلەردىن ماھادۇر كۈيىنى ئۆگەنگەن»، دەپ خاتىرىلەنگەن. خەن ۋۇدى زامانىسىدا كۈي ئۇستازى لى يەننيەن چوڭ قوشۇن بىلەن بىللە قومۇلغا كېلىپ، يەرلىك خەلق بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا، ماھادۇر مۇقامىنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ماھادۇر» كۈيى ئاساسىدا «قورۇلدىن چىقىش»، «قورۇلدىن كىرىش» قاتارلىق 28 ھەربىي كۈي ئۆزلەشتۈرۈپ، چاڭئەنگە قايتقان. تارىختا مۇشۇ جەريانغا نىسبەتەن مۇنداق بىر ھەقىقىي خاتىرە بار: «لى يەننيەن ماھادۇر كۈيىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولىدۇ، ئۇ ماھادۇر كۈيىگە ئاساسلىنىپ، 28 كۈي ئىشلەپ، ئۇنى ھەربىي ئوركىستىرغا سەپلىگەن»[7].

### 2) تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر نەغمىسى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىلياڭنىڭ باسقاق بېگى گەي جيايۈن ئۇيغۇر نەغمىسىنى تاڭ شۈەنزۇڭغا ھەدىيە قىلغان، بۇ چاغدا، قومۇلنىڭ دەسلەپكى«ئاراتۈرك» دېگەن نامى «ئۇيغۇر»غا ئۆزگەرتىلگەن، ئۇنىڭ نەغمىلىرىمۇ «ئۇيغۇر كۈيى» ياكى «ئۇيغۇر چوڭ كۈيى» دەپ ئاتالغان. «كۈينامە»نىڭ 79 ـ جىلدىدا «ئۇيغۇر نەغمىسىنى غەربىي يۇرت باسقاق بېگى گەي جايۈن ئوردىغا ھەدىيە قىلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ما رۈيلىنىنىڭ «كېشەنتۇڭكاۋ» دېگەن ئەسىرىدە «غەربىي يۇرت باسقاق بېگى گەي جايۈن ئوردىغا ھەدىيە قىلغان ئۇيغۇر نەغمىسى بېيتىڭ قورۇقچى بەگ مەھكىمە نەغمىسىنىڭ بىر تۈرى» دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ شۈەنزۇڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر نەغمىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مەخسۇس ئوردا سەنئەتكارلىرىنى تەشكىللىگەن، مەشھۇر ئوردا سەنئەت تەزكىرىسىدە: « ئوردا سەنئەتكارلىرى پەقەت ‹ ئۇيغۇر نەغمىسى›، ‹بەش كۈن› نەغمىسىنى تاڭ شۈەنزۇڭغا ھەر كۈنى قايتا ـ قايتا ئورۇنلاپ بېرىدۇ، ناۋادا خاننىڭ ئويۇننى كۆرۈشكە ۋاقتى يەتمىسە، ئاندىن باشقا ئوردا ئەھلىگە كۆرۈش پۇرسىتى بولىدۇ»، دەپ خاتىرىلەنگەن، قايتا

پىششىقلانغان ئۇيغۇر نەغمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ئوردا ئىچىگە كەڭ تارقالغاندىن باشقا پەيتەخت چاڭئەننىڭ ھەر بىر كوچىسى، ھەر بەزمىخانىسى، ھەر بىر چايخانا ۋە مەيخانىلىرىغا كەڭ تارقالغان.

كىلاسسىك ئەسەرلەردە: « ئۇيغۇر كۆيى تاڭ سۇلالىسى يەنىۋ (ھازىرقى بېيجىڭ) بۇيۇك كۆينىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، بۇ كۆي چالغۇ كۆيى، ناخشىلىق كۆي، ئۇسسۇللۇق كۆيدىن تەركىب تاپقان» دەپ خاتىرىلەنگەن. سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ جونىڭ «ياقا يۇرت خاتىرىسى» دە: «تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ يىللىرى (ئاخىرقى يىللىرى) دا مەلۇم بىر كۆي قايسى يۇرتقا تەۋە بولسا شۇ كۆينىڭ نامىغا شۇ يۇرتنىڭ نامىنى قوشۇپ ئېيتىش ئادەتكە ئايلانغان. ئالايلۇق، لياڭجۇ كۆيى، ئۇيغۇر كۆيى، گەنجۇ كۆيى قاتارلىقلار، بۇنىڭ بىلەن، يۇرت نامى كۆي نامى بىلەن ئەلگە كەڭ تارقالغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر كۆيى بەش مۇقەددىمە ۋە بەش تارماقتىن تەركىب تاپقان. «كۆينامە»دە : «ئۇيغۇر كۆينىڭ تېكىستى بىرىنچى غەزەلدىن بەشىنچى غەزەلگىچە بەش قېتىم تەكرار خاتىرىلەنگەن، بىرىنچى تارماقتىن بەشىنچى تارماققىچە بەش قېتىم تەكرار خاتىرىلەنگەن، بۇ تېكىستلەرنىڭ ھەر بىر مىسراسى بەش ياكى يەتتە سۆزدىن تەركىب تاپقان، بۇ تېكىستلەرنىڭ بىر قىسمىنى شۇ دەۋردىكى شائىرلار يازغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

گو موچيەن تۈزگەن «كۆينامە»دە «ئۇيغۇر كۆينىڭ بەش مۇقەددىمىسى ۋە بەش تارمىقى بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. ياڭ شېننىڭ «شېئىئەن غەزەللىرى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە، «تاڭ دەۋرىدىكى كۆي ـ نەغمىلەرنىڭ تېكىستىنى شۇ دەۋردىكى مەشھۇر شائىرلار يازغان، ھاپىزلار بۇ غەزەللەرنى كۆيگە سېلىپ ئېيتىۋەرگەن شۇڭا، غەزەللەرنىڭ تېكىستى بىلەن ئاھاڭىدا پەرق بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇر نەغمىسىنىڭ «بىرىنچى غەزەل»ىنىڭ تېكىستىنى تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر ۋاڭ ۋېي يازغان[8].

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى شائىر چېن تاۋ يازغان «غەربىي سىچۇەندە جىڭ ۋۇيۇەننىڭ غەزىلىنى ئاڭلىدىم» دېگەن شېئىرىدا « قەدەھ كۆتۈرۈپ ئېيتسام غەزەل، دېگەن ناخشا ‹ ئۇيغۇر كۆيى›نىڭ ئۈچىنچى چۈشۈرگىسى» دەپ يېزىلغان. جىڭ ۋۇيۈن ئېيتقان بۇ غەزەل شۈبھىسىزكى، «ئۇيغۇر كۆيىنىڭ بىرىنچى چۈشۈرگىسىدۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن.

شۇ دەۋردە ئۇيغۇر نەغمىسى يۈرۈشلەشكەن چوڭ تىپتىكى سىستېمىلىق مۇزىكا قامۇسى بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇ ئۇيغۇر چوڭ كۆيى دەپ ئاتالغان، ئۇ شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كۆيلىرىگە، غەربتە بولسا ئىدىقۇت كۆيلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر نەغمىلىرى دۆلىتىمىز مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. دۆلىتىمىز مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر يۈرۈشلۈك كۆيلىرىدەك بېشىدىن شۇنچە كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزسىمۇ يەنىلا داۋاملىق تەرەققىي قىلغان ھالەت ئاز ئۇچرايدۇ.

**3) قومۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى قومۇل مۇقاملىرى**

قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭى «قومۇل ۋاڭى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قومۇل ۋاڭلىرى قومۇل مۇقاملىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. ھەر قېتىمقى قۇربان ھېيت، روزا ھېيت، نورۇز بايراملىرىدا، ئوردا ئىچىدىكى توي-تۆكۈن، سۈننەت تويلاردا ۋە ھەرخىل يىغىلىشلاردا چوڭ تىپتىكى ئوردا مۇقام ئورۇنلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان، ئوردا مۇقام ئورۇنلاش پائالىيىتى ھەشەمەتلىك بولۇپلا قالماي، ئىنتايىن قائىدىلىك ۋە تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈلگەن. ئوردا مۇقام كۆرىكىگە ئوردىنىڭ كەسپىي مۇقامچىلىرى قاتناشقاندىن سىرت يەنە قومۇل بەش شەھەر ئون ئىككى تاغدىنمۇ[9] مۇقامچىلار قاتناشتۇرۇلغان. بۇ كۆرەككە قاتناشقانلارنىڭ سانى كۆپ بولغاندا 1000دىن ئېشىپ كېتىدىكەن. مۇقام ئورۇنلاشتا ئاساسلىق ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مۇقامچىلار ئۆزىنىڭ مۇقام ئورۇنلاشتىكى ماھارىتىنى كۆرسىتىدىكەن. مەسىلەن، بۇنداق پائالىيەتلەردە مۇقام ئېيتىش، بېيىت ئېيتىش، (چاي تۇتۇش بېيىتى، شاراب تۇتۇش بېيىتى، پوتا ئۇسسۇلى بېيىتى، كۆك بېيىتى،

www.uyghurkitap.com



ئېيتىشىش. . . ) ئۇسسۇل (ئەمگەك ئۇسسۇلى، نازىركوم، بەش قەدەم ئۇسسۇلى، سەنەم، چاققاچۇمبۇرچاق ئۇسسۇلى، جۇپ قەدەم ئۇسسۇلى، چىنە ئۇسسۇلى، چاق ئۇسسۇلى، پىرە ئۇسسۇلى، شىرە ئۇسسۇلى، پوتا ئۇسسۇلى، قارا چىراغ ئۇسسۇلى. . . ) ئويناش، ئاممىۋى ئويۇن (دوراش ئويۇنى، ھويلا مەشرىپى ئويۇنى، پوراپ تېپىش ئويۇنى، بوۋاي ئويۇنى، سەۋزە باش بىلەن چامغۇر پۇت ئويۇنى. . . )، ھايۋانلارنى دوراش ئويۇنلىرى (ئات ئۇسسۇلى، تۆگە ئۇسسۇلى، توخۇ ئۇسسۇلى، بۆركۈت ئۇسسۇلى، ئالۋاستى ئۇسسۇلى، بۇرگەم ئۇسسۇلى. . . ) قاتارلىقلار ئورۇنلانغان. مۇقامچىلار ئويۇن كۆرستىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆرسەتكەن ماھارىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە تارتۇقلانغان.

قومۇل ۋاڭلىرى تۇرمۇشتا ناخشا، قوشاق، بېيىتلەردىن ھوزۇرلىنىپ كەلگەن. ئۇلار قوشاقچى، بېيىتچىلارنى بولۇپمۇ مۇقامچىلارنى ئەتىۋارلاپ كەلگەن. قومۇل ۋاڭلىرى ھەر نۆۋەت بېيجىڭغا بارغاندا مۇقامچىلار ئۇلارغا ھەمراھ بولغان.

قومۇلدا ئۆتكەن ۋاڭلار قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، مۇقام تېكىستىنى تولۇقلاش ۋە رەتلەشكە، بولۇپمۇ خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىرقاتار تەدبىرلەرنى قوللانغان. مەسىلەن، 20- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرى قومۇلنىڭ 9-ئەۋلاد ۋاڭى شاھ مەخسۇت يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرېشىتخاننىڭ مۇقام رەتلەش ۋە تولۇقلاش توغرىسىدىكى ئىشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى تەشكىللەپ، قومۇل مۇقاملىرىنى رەتلىگەن. قومۇلنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەنى نوم، قوراي، شەھەر ئىچى، پالۋانتۇر، قارا دۆۋە، تۆۋەنتۇر قاتارلىق جايلاردىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر خەلق سەنئەتكارلىرى مۇشۇ قېتىمقى مۇقام رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلغان؛ نەچچە ئەۋلاد قومۇل ۋاڭلىرى خەلق سەنئەتكارلىرىغا مۇقامچىلار يېرى، سۇنايچى يېرى، داپچى يېرى دېگەندەك تېرىلغۇ يەرلەرنى مەخسۇس ئاجرىتىپ بېرىپ، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. شۇڭا، قومۇل مۇقاملىرى قومۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە كۆلەملەشكەن ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

## 2. قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئورۇنلىنىش ئالاھىدىلىكى

قومۇل مۇقاملىرى ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولغاچقا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ، ئاساسلىق ئاغزاكى شەكىلدە تارقالغان، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى، خەلقنىڭ ئىدىيىسى، ئارزۇ-ئىستەكلىرى ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قومۇل -- بوستانلىق مەدەنىيىتى بىلەن تاغلىق رايون مەدەنىيىتى ئۆزئارا بىرلەشكەن رايون. بۇ خىل تۇرمۇش شەكلى بولۇپمۇ قومۇل ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك شارائىت ۋە تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن تەمىن ئەتتى. دەل مۇشۇنداق مۇھىت قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا ئوخشاش بىر مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئېلېمېنتىنى يېتىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قومۇل مۇقاملىرىنى ئورۇنلاش جەھەتتە ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلىنىدىغان مۇقام يورۇشلىرى (ۋارىيانت) پەيدا بولدى.

قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قومۇل مۇقاملىرى ئاساسەن قومۇل شەھىرى ۋە ئاراتۈرك ناھىيىسىگە تارقالغان. تۆۋەندە قومۇل مۇقاملىرىنىڭ قومۇل شەھىرى ۋ ئاراتۈرك ناھىيىسىگە تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ۋە ئورۇنلىنىش ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرىمىز.

### 1) قومۇل مۇقاملىرىنىڭ قومۇل شەھىرىگە تارقىلىشى ۋە ئورۇنلىنىش ئالاھىدىلىكى

قومۇل مۇقاملىرى ئاساسەن قومۇل شەھىرى، شەھەر ئىچى يېزىسى، پالۋانتۇر، راھەتباغ، قارا دۆۋە، تاشبۇلاق، تەڭرىتاغ، غەربىي تاغ يېزىسى، ئاستانە

بازىرى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. قومۇل مۇقاملىرى تارقىلىشى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئورۇنلاش ئۇسلۇبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوردا يۈرۈشى، تاغ يۈرۈشى، قاراتال يۈرۈشى ۋە قەدىمكى بەش شەھەر يۈرۈشىدىن ئىبارەت تۆت يۈرۈشكە بۆلۈنىدۇ.

(1)قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئوردا يۈرۈشى. قومۇل شەھىرى دائىرىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان قومۇل مۇقامى قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئوردا يۈرۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ مۇقام ئاساسەن قومۇل شەھىرىنىڭ غەربىي ئۆستەڭ رايونى، شەھەر ئىچى يېزىسى، پالۋانتۇر يېزىسى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بۇ مۇقامنىڭ ئوردا يۈرۈشى دەپ ئاتىلىشىكى ئاساسلىق سەۋەب، بۇ مۇقام قومۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى قومۇل ئوردا مۇقامىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئورۇنلاش تەرتىپى ۋە تېكىست جەھەتتە خېلى ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى بۇ مۇقام خېلى تەرتىپلىك ئورۇنلىنىدۇ. مۇقام تېكىستىمۇ خېلى تولۇق. مۇقام قومۇل غېجەكى، غېجەك، قومۇل راۋابى، راۋاب، تەمبۇر، ساتار، قالۇن، دۇتار، داپ، سۇناي قاتارلىق چالغۇلار بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. بۇ مۇقام ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىسىنىڭ ئىگىلىگەن نىسپىتى يۇقىرى بولۇش، ئايال مۇقامچىلار ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا مۇقاملاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا قومۇل مۇقاملىرىنى بىرنەچچە قېتىم رەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئېلىش خىزمىتىدە ئوردا يۈرۈشى ئاساس قىلىندى.

(2) قومۇل مۇقاملىرىنىڭ قاراتال يۈرۈشى. قومۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسى، بوغاز يېزىسى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان قومۇل مۇقامى قومۇل مۇقاملىرىنىڭ قاراتال يۈرۈشى ھېسابلىنىدۇ. قومۇل مۇقامىنىڭ قاراتال يۈرۈشى قومۇل مۇقاملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. قومۇل مۇقاملىرىنىڭ بۇ يۈرۈشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوردا يۈرۈشىگە ئوخشاش تەرتىپلىك ھەم خېلى كۆپ چالغۇ بىلەن ئورۇنلىنىدۇ، لېكىن قاراتال يۈرۈشى ئۆزىنىڭ نەغمىسى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك قومۇل مۇقاملىرىنىڭ قاراتال يۈرۈشىنىڭ تېكىست مەزمۇنى، نەغمىسى، ئورۇنلاش ئۇسۇلى جەھەتتە قومۇل مۇقاملىرىنىڭ باشقا يۈرۈشلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «زېمىن»، «يۈسۈپ-ئەھمەت»، «سەنەم»، «خارابىگەمەن»، «يارىيار»، «سەنەۋەر» قاتارلىقلار يەرلىك ناخشىلار بار بولۇپ، قومۇلدا خېلى نامى بار ناخشىلاردۇر.

(3) قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تاغ يۈرۈشى. قومۇل شەھىرىدىكى ھەرقايسى تاغلىق رايونلارغا تارقالغان ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بىر يۈرۈشى قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تاغ يۈرۈشى بولۇپ، ئاساسلىق قومۇل شەھىرىنىڭ غەربىي تاغ يېزىسى، ئاقتاش يېزىسى، دەۋلەدۆڭ يېزىسى، تاشۋىلىق يېزىسى، باغداش، خوتۇنتام، ئېدىر، قوراي، تۆمۈرتى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. قومۇل مۇقاملىرىنىڭ بۇ يۈرۈشى نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ۋە تاغلىق رايوننىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك مۇھىتىدا تەدرىجى يۈرۈشلەشكەن. قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تاغ يۈرۈشىنىڭ ئوردا يۈرۈشىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، مۇقام ئورۇنلىغاندا 1-2 ئەر مۇقامچى قومۇل غېجىكى بىلەن مۇقام ئورۇنلايدۇ، باشقا مۇقامچىلار ئاساسەن ئايال مۇقامچىلار بولۇپ، ئۇلار داپ چېلىپ مۇقام ئورۇنلايدۇ. قومۇل تاغلىق رايون كەنتلىرى شەھەرگە يىراق، قاتناش قولايسىز بولغاچقا، بۇ مۇقام يۈرۈشىنىڭ كۈي، مۇقام تېكىستى، ئۇسسۇللىرى قەدىمكى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، پوتا ئۇسسۇلى، توخۇ ئۇسسۇلى، ئات ئۇسسۇلى، تۆگە ئۇسسۇلى ؛ قىقاس بېيىتلىرى، چاي تۇتۇش بېيىتلىرى، شاراب تۇتۇش بېيىتلىرى، پوتا بېيىتلىرىدە رىقابەت كەسكىن ۋە ئىنتايىن قىزىقارلىق بولىدۇ. يەنە بىر پەرقى شۇكى، بۇ يۈرۈشنىڭ كۈي رىتىمى سەل ئاستا بولىدۇ، مۇقام تېكىستىنىڭ ئاخىرى سەل سوزۇپ ئېيتىلىدۇ. قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تاغ يۈرۈشىنىڭ مۇقام تېكىستى، ئورۇنلاش ماھارىتى، ئۇسسۇل ئوينىغاندىكى بەدەن ھالىتى، سورۇندىكىلەرنىڭ جۆر بولۇشى جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئالاھىدە يۈرۈشى ۋە كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تاغ يۈرۈشىنىڭ مۇقام تېكىستى ئاساسەن قومۇلدىكى گۈزەل تاغ- دەريالار، بىپايان يايلاقلارنى مەدھىيەلەش، تۇرمۇش-ئۆرپ ئادەت ۋە تاغلىق رايوندا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بايان قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(4) قومۇل مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى بەش شەھەر يۇرۇشى. قومۇل شەھىرىنىڭ قارا دۆۋە ئەتراپىغا تارقالغان قومۇل مۇقاملىرىنىڭ بىر يۇرۇشى قومۇل مۇقاملىرىنىڭ بەش شەھەر يۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قومۇل ۋاڭلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلىرىدە، قارا دۆۋە ئەتراپىغا تۇرپان، توقسۇن، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن كۆچمەنلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرپانلىقلارنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۆز يۇرتىنىڭ مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن، ئۇزۇن يىللىق ئەمگەك ۋە تۇرمۇش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئەل نەغمىلىرى قومۇل ئەلنەغمە ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، قومۇل مۇقامىنىڭ بۈگۈنكى قومۇل بەش شەھەر يۇرۇشىنى شەكىللەندۈرگەن.

قومۇل مۇقامىنىڭ بەش شەھەر يۇرۇشىنى ئورۇنلاشتا نەغمە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان نەغمە، قومۇل مۇقامىنىڭ باشقا رايونلاردىكى كىلاسسىك مۇزىكا سەنئىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ شەكىللەنگەن خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يۇرۇشلەشكەن بىر خىل كۈيدۇر. بۇ مۇقامنى ئورۇنلاشتا باشقا مۇقاملاردىكىدەك كۆپ خىل چالغۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ پەقەت داپ بىلەنلا ئورۇنلىنىدۇ. ئۇسسۇلمۇ مۇقامنىڭ ئۇدارىغا قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. داپ توققۇز چېكىت ئۇدارى بويىچە چېلىنىپ، سەنئەتنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ. مۇزىكىنىڭ رىتىممۇ ئاستا ـ ئاستا تېزلىشىدۇ. بۇ چاغدا ئۇسسۇلچى خۇددى قۇيۇندەك پىرقىرايدۇ، ئۇنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە نازىركوم، جاققاجۇمبۇرچاق ئۇسسۇلى، توخۇ ئۇسسۇلى، شىرە ئۇسسۇلى قاتارلىق ئۇسسۇللارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، شۇنداقلا تاماشىبىنلارنىڭ دەممۇدەم كۈلكە سادالىرى ئىچىدە سەنئەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ.

قەدىمكى بەش شەھەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەزى ئوچۇق، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بولغاچقا، ئەركىن ۋە رەڭدار تۇرمۇشنى مەدھىيەلەيدىغان ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر يۈرۈش ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. قومۇل قەدىمكى بەش شەھەر يۇرۇشى ئون ئۈچ يۈرۈش كۈي 146 ناخشا ـ مۇزىكىدىن تەركىب تاپقان: بۇنىڭ ئىچىدە، «يار ساچىمەن» تۆت ناخشا، «ياريار» 14ناخشا، «ئەي ناۋا» 22 ناخشا، «نازىركوم» 19 ناخشا، «ھاي ـ ھاي ئۆلەن» 9 ناخشا، «خارابىگمەن» 7 ناخشا، «دەردىڭگە داگا» 19 ناخشا، «ئاللا يارەي» 12 ناخشا، «سايلاردا ھەمراھىڭ بولاي» 17 ناخشا، «يەللى» بىر ناخشا، «سەنەم» 1 ناخشا، «ئورما ناخشىسى» 10 ناخشا، «ئاللا يارىم» 11 ناخشا. بۇ 13 يۈرۈش كۈينىڭ ناخشا تېكىستى مۇھەببەت قوشاقلىرى، خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى، خۇشاللىقى، ئىناقلىق ۋە جۇدالىقنى مەزمۇن قىلغان قوشاقلاردۇر. قومۇل مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى بەش شەھەر يۇرۇشى ئەمەلىيەتتە قومۇل قەدىمكى بەش شەھەر خەلقىنىڭ توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايرام ۋە مەشرەپ قاتارلىق ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى، شۇنداقلا يەرلىك خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقادىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشى[10].

## 3. قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە نام ئالاھىدىلىكلىرى

### 1) قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى

قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ــ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغان قومۇل مۇقاملىرىنىڭ قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا ئوينىغان رولىنى كۆرسىتىدۇ.

قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىيەسى، تارىخى، پەزىلىتى، گۈزەللىك قارىشى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق ئىدېئولوگىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قومۇل مۇقاملىرى تارىخ ئەنئەنە تەربىيەسىدىكى مۇھىم ۋاسىتە. قومۇل مۇقاملىرى بىر خىل ئاساسلىق كۆڭۈل ئېچىش تىپىدىكى پائالىيەت شەكلى، قومۇل مۇقاملىرى كۆپ خىل ئىلىم تەتقىق قىلىنىدىغان ماتېرىيال

مەنبەسى. قومۇل مۇقاملىرى سەنئەتنىڭ، ھېسسىياتنىڭ، قەدىر- قىممەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى بولۇپلا قالماي، بەلكى تارىخنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە ئەنئەنىنىڭ مەنبەسى، ئۇ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تېكىستىدە 69 كىشى ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ بەزىلىرى قەھرىمانلارنىڭ ئىسمى، بەزىلىرى مەشھۇر زاتلارنىڭ ئىسمى، بەزىلىرى ئەمەل ناملىرى ئىكەن؛ ئۇنىدىن باشقا يەنە يەر-جاي نامىدىن61 ى، ھايۋان ۋە قۇش نامىدىن 60 ى، ۋەقە ۋە تەبىئىي ھادىسە نامىدىن 67 سى، ئۆسۈملۈك نامىدىن 79 ى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى نامىدىن 62 سى، قۇرۇلۇش نامىدىن 45 ى ، كىيىم -كېچەك نامىدىن 40 ى، ئەمەل نامىدىن 21 ى، زىبۇ- زىننەت نامىدىن 20 سى، غىزا نامىدىن 25 ى، ئېتىقادقا دائىر سۆزدىن 21 ى، ھەربىي قورال-ياراغقا دائىر سۆزدىن 9 ى بار. مۇقام تېكىستىدە يەنە تەۋەلىكى ئېنىق بولمىغان نۇرغۇن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا قومۇل مۇقاملىرى تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ[11].

## 2) قومۇل مۇقاملىرىنىڭ نام ئالاھىدىلىكى

قومۇل مۇقاملىرىنىڭ نامى ئون ئىككى مۇقامنىڭ نامى، قومۇل ئۇيغۇر شېۋىسى، قومۇلدىكى بەزى يەر ناملىرى، قومۇل ئۇيغۇر فولكلورىدىكى قىسمەن ناملار ۋە كۈي ناملىرى بىلەن ئاتالغان، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) چوڭدۇر مۇقامى. چوڭدۇر مۇقامىنىڭ يەنە بىر نامى «يۇردۇم ئالەمنى مۇقامى» بولۇپ، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ بىرىنچى مۇقامى، «چوڭ مۇقام»، «باش مۇقام» دېگەن مەنىدە.

(2) ئۇلۇغدۇر مۇقامى. ئۇلۇغدۇر مۇقامى «مۇقەددەس مۇقام» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «ھاي-ھاي ئۆلەن مۇقامى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىز-يىگىت تويىدا، قىز كۆچۈرگەندە ۋە يۈز ئاچقۇ قىلغاندا قىز -ئوغۇل تەرەپ قىز-يىگىتنى ماختاپ ئۆزئارا بېيىت ئېيتىشىدۇ ھەم مۇشۇ مۇقامنى ئېيتىدۇ.

(3) يالغۇز تۈيۈن مۇقامى. «يالغۇز تويۇن» دېگەن بۇ ئاتالغۇ يەر نامىدىن كەلگەن بولۇپ، قومۇل شەھىرىنىڭ شۆيتە يېزىسىدا «يالغۇز تويۇن» دېگەن بىر جاي (مەنىسى يالغۇز ئىبادەتخانا) بار، بۇرۇن بۇ يەردە بىر تويىن دىنى ئىبادەتخانا خارابىسى بار ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسلام دىنى تارقاتقۇچى ئابدۇللا خەيرۇللا ئەكبەر(نۇر ئاخۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن كىشى ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ يالغۇز تويۇن ئەتراپىغا كەلگەندە، شۇ يەرلىك بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان، ئابدۇللا بۇ توقۇنۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى يالغۇز تويۇن ئەتراپىدىكى بىر تاغقا دەپنە قىلغان. 17-ئەسىردە قومۇل بېگى مۇھەممەت جۇڭغارلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆمەر باتۇر باشچىلىقىدىكى 66 ئاتلىق لەشكەرنى يالغۇز تۈيۈندا جۇڭغارلارنى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىدۇ، ئۇلار بۇ يەردە بىر مەيدان قانلىق كۈرەش قىلىدۇ. ئۆمەر باتۇرنىڭ قوشۇنىدىكىلەر ئۇرۇشتا قازا قىلىدۇ. ئۆمەر باتۇر ئۆزى يالغۇز جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراستى ۋە غەيرىتى بىلەن ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرى جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى كۆنچەكنى ئۆلتۈرىدۇ. كىشىلەر ئۆمەر باتۇرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلەش ئۈچۈن شۇ ئەتراپتىكى تاغنى «ئۆمەر باتۇر تېغى» دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭغا ئاتاپ «ئۆمەر باتۇر» دېگەن داستاننى توقۇغان. ھازىر ئېيتىلىۋاتقان يالغۇز تۈيۈن مۇقامى «ئۆمەر باتۇر» داستانىنىڭ داۋامىدۇر.

(4) ھەزرەت مۇقامى. ھەزرەت «ئالىيلىرى، جانابلىرى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ مۇقام قومۇلدا ئۆتكەن ۋاڭلارغا مەدھىيە ئوقۇش ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان.

(5) خۇپتى مۇقامى. «خۇپتى» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «سەزمەك، ھېس قىلماق» دېگەن مەنىدە. خېلى كۆپ مۇقامچىلار بۇ مۇقامنى خەلپەتنىڭ پەندى-نەسىھىتى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان دەپ قارايدۇ.

(6) جانىكام مۇقامى. «جانىكام» ئەسلىدە «جانىكەم» بولۇپ، مەنىسى «جانىنىڭ ئىگىسى ئاللا» دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(7) دەردىنگە داگا (داۋا) مۇقامى. «دەردىنگە داگا» دېگەن سۆز «كۆڭۈل ئازابىنى يەڭگىللىتىش، تۈگىتىش» دېگەن مەنىدە.

(8) دەردىلىۋا مۇقامى. «دەردىلىۋا مۇقامى» ئىككى يېرىم باغ مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «دەردىلىۋا» دېگەن سۆز، «كۆڭۈل ئازابى بار» دېگەن مەنىدە.

(9) كىچىك دەردى يامان مۇقامى. «كىچىك دەردى يامان مۇقامى»، «خەلق قەھرىمانى ئىسلام بېگىمنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلەش ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان مۇقام»، «سەن مېنى تولىمۇ ئازابلىدىڭ» دېگەن مەنىدە.

(10) سەھەرلىك مۇقامى. سەھەرلىك مۇقامى، ئادەتتە مۇقام كەچتە ئېيتىلىشقا باشلىغان بولسا، كېچىچە ئېيتىلىپ ئەتىسى سەھەردە ۋاقتىدا 10 ـ مۇقامغا نۆۋەت كېلىدۇ، بۇ مۇقام سەھەر ۋاقتىدا ئېيتىلغاچقا، «سەھەرلىك مۇقام»ى دەپ نام قويۇلغان، «سەھەر ناخشىسى» دېگەن مەنىدە.

(11) چوڭ دەردى يامان مۇقامى. چوڭ دەردى يامان مۇقامىنىڭ مەزمۇنى قومۇل خەلقىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى جاپالىق تۇرمۇش-كەچمىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، «سەن مېنى بەك ئازابلىدىڭ» دېگەن مەنىدە.

(12) سايراڭ بۇلبۇلۇم مۇقامى. سايراڭ بۇلبۇلۇم مۇقامىنىڭ مۇزىكىسى خۇددى بۇلبۇل سايرىغاندەك كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ، قەدىمكى نامى «سايراڭ بۇلبۇل»، «سايرا، مېنىڭ بۇلبۇلۇم» دېگەن مەنىدە.

بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز قومۇل مۇقاملىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئۈچۈن قومۇل مۇقاملىرىنىڭ يەرلىك ناملىرىدىن ۋاز كېچىپ، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ يەرلىك ناملىرىنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتاشنى لايىق تاپتى، مېنىڭچە مۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، قومۇل مۇقاملىرى دولان مۇقاملىرىغا ئوخشاش يەرلىك مۇقام بولغاچقا، ئۇنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۇنى يەرلىك ئەسلىي نامى بىلەن ئاتىغىنىمىز تۈزۈك.

## 4. قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تېكىستى

ناخشا-ئۇسسۇلنىڭ بىر گەۋدىلىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۈپ ئەنئەنىۋى فولكلور ئالاھىدىلىكى بولۇپ، مۇزىكا-ناخشا، نەزم (شېئىر)نىڭ بىر پۈتۈنلۈكى مۇشۇ ئەنئەنىۋى فولكلور ئالاھىدىلىكىدىن كېلىپ چىققان. قومۇل مۇقاملىرىنىڭ مۇقام، چوشۇرگىلىرى ناخشا-مۇزىكا بىلەن ياكى ناخشا- مۇزىكا ـ ئۇسسۇل بىلەن داۋاملىشىدۇ. دېمەك، قومۇل مۇقاملىرى شېئىرىي تېكىستلىك، چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق مۇجەسسەم، تېكىستلىك خۇسۇسىيەت قومۇل مۇقاملىرىنىڭ بىر ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى.

قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلەشكەن، ناخشىلىق مۇزىكا مۇجەسسەمى بولۇشى ئۇنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكى بولۇپ، ئۇ مۇقامنىڭ خەلق بىلەن بىللە ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. مۇقام تېكىستلىرى ئۆزگىرىشچان تارىخنىڭ تاللاش تەسىرىگە، مۇھىتنىڭ تەقەززاسىغا، خەلقنىڭ قوبۇل قىلىش ئېھتىياجىغا قاراپ راۋاجلانغان. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تېكىستلەر ئالماشتۇرۇلغان، تولۇقلانغان، قىسقارغان، ئۆزگەرتۈلگەن، ئۆزگىچە خاس تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلغان.

قومۇل مۇقاملىرى تېكىست جەھەتتە تارىخنىڭ تاللىشى ۋە شاللىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا يورۇقلۇقنى، چىنلىقنى، گۈزەللىكنى، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى كۈيلەيدىغان قوشاقلار بىلەن ئۆزىنى بېزىگەن.

قومۇل مۇقاملىرى قەدىمكى ئىشرغول نەغمىسى ئاساسىدا، بىخ سۈرۈپ، يىلتىز تارتىپ ھەم باشقا مىللەت مۇزىكىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ بېيىغان ۋە مۇكەممەللەشكەن. قومۇل مۇقاملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مۇقاملىرى بىلەن مەيلى مۇزىكا قۇرۇلمىسى، مەيلى ئورۇنلىنىشى، مەيلى مۇقام تېكىستى قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن خېلى زور پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ھازىر ساقلىنىۋاتقان قومۇل مۇقاملىرى 12 مۇقام،

19 تارماق، 271 ناخشىلىق مۇزىكا. ھەر بىر مۇقام تارماق ۋە ناخشىلىق مۇزىكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپقان. مۇقام خېلى ئۇزۇن مۇقەددىمىدىن باشلىنىپ، قومۇل غىجەككى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ، مۇقەددىمىنى بىرلا مۇقامچى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ داۋامى نۇرغۇن ناخشىلىق مۇزىكىلاردىن تەركىب تاپىدۇ، چۇشۇرگە بىلەن ناخشىلىق مۇزىكىلارنىڭ مەرغۇلى ۋە مەخسۇس مۇزىكا بىلەن ئورۇنلىنىدىغان قىسمى بولمايدۇ. بۇ بىر يۇرۇشلەشكەن خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ باشتا ئېيتىلىدىغان بىر مۇقەددىمىسى بار بولۇپ، ئادەتتىكى ئۇلاپ ئېيتىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئورۇنلىنىشى ئەركىن بولىدۇ، ئورۇنلىغۇچىلارنىڭ سانى مۇقىم بولمايدۇ، ئورۇنلىغۇچى شارائىتقا قاراپ بېيىت ۋە قوشاقلارنى قوشۇپ ئېيتىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ھازىر قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ناخشا تېكىستى 1994-يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — قومۇل مۇقاملىرى» دىكى 12 مۇقام 19 تارماق، 258 ناخشىلىق مۇزىكا ئاساس قىلىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئاساستا قومۇل مۇقاملىرىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك مۇقام ۋارىسى ئەسەت مۇختار ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان 13 ناخشىمۇ مۇقام تېكىستىگە كىرگۈزۈلدى[12]. تۆۋەندە ھەر بىر مۇقام ئۆز ئىچىگە ئالغان چۇشۇرگە ۋە ناخشىلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى چوڭدۇر مۇقامى. چوڭدۇر مۇقامى ئىككى چۇشۇرگە، بىرىنچى چۇشۇرگىسى 18 ناخشىلىق مۇزىكىدىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئۈچى تارىخىي ناخشا، 12 مۇھەببەت ناخشىسى، ئۈچى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا. ئىككىنچى چۇشۇرگىسى 14 ناخشىدىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ بىرى تارىخىي ناخشا، توققۇزى مۇھەببەت ناخشىسى، بىرى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا، ئىككىسى ئەمگەك ناخشىسى.

ئىككىنچى ئۇلۇغدۇر مۇقامى (ھاي-ھاي ئۆلەن مۇقامى). ئۇلۇغدۇر مۇقامى 12 ناخشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىككىسى تارىخىي ناخشا، تۆتى مۇھەببەت ناخشىسى، ئىككىسى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا، ئىككىسى توي ناخشىسى، ئىككىسى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى.

ئۈچىنچى يالغۇز تۈيۈن مۇقامى. يالغۇز تۈيۈن مۇقامى ئىككى چۇشۇرگە بولۇپ، بىرىنچى چۇشۇرگىسى 14 ناخشا، ئۇنىڭ بەشى تارىخىي ناخشا، بەشى مۇھەببەت ناخشىسى، بىرى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى، بىرى داستان، ئىككىسى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا. ئىككىنچى چۇشۇرگىسى 18 ناخشىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئىككىسى تارىخىي ناخشا، ئون ئۈچى مۇھەببەت ناخشىسى، بىرى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا، ئىككىسى قايغۇ ھەسرەت ناخشىسى.

تۆتىنچى ھەزرەت مۇقامى. ھەزرەت مۇقامى ئىككى چۇشۇرگە بولۇپ، بىرىنچى چۇشۇرگىسى 12 ناخشا، ئۇنىڭ بىرى تارىخىي ناخشا، يەتتىسى مۇھەببەت ناخشىسى، ئىككىسى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى. ئىككىنچى چۇشۇرگىسى 14 ناخشىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئۈچى تارىخىي ناخشا، سەككىزى مۇھەببەت ناخشىسى، بىرى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا، بىرى تۇرمۇش ناخشىسى.

بەشىنچى خۇپتى مۇقامى. خۇپتى مۇقامى ئىككى چۇشۇرگە بولۇپ، بىرىنچى چۇشۇرگىسى 22 ناخشا، ئۇنىڭ ئىككىسى تارىخىي ناخشا، 11 ى مۇھەببەت ناخشىسى، تۆتى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى، ئۈچى تۇرمۇش ناخشىسى، بىرى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا. بىرى سودىغا دائىر ناخشا. ئىككىنچى چۇشۇرگىسى 15 ناخشىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ بىرى تارىخىي ناخشا، 9 ى مۇھەببەت ناخشىسى، بىرى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا، ئىككىسى قايغۇ -ھەسرەت ناخشىسى.

ئالتىنچى جانىكەم مۇقامى. جانىكەم مۇقامى ئىككى چۇشۇرگە بولۇپ، بىرىنچى چۇشۇرگىسى 11 ناخشا، ئۇنىڭ بىرى تارىخىي ناخشا، 4ى مۇھەببەت ناخشىسى، ئىككىسى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا، بىرى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى، بىرى ئارزۇ-ئىستەك ناخشىسى. ئىككىنچى چۇشۇرگىسى 15 ناخشىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئۈچى تارىخىي ناخشا، 5ى مۇھەببەت ناخشىسى، بىرى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا، بىرى لاپ ئۇرۇش ناخشىسى، بەشى ئەمگەك ناخشىسى.

يەتتىنچى دەردىڭگە داگا مۇقامى. دەردىڭگە داگا مۇقامى ئىككى چۇشۇرگە بولۇپ، بىرىنچى چۇشۇرگىسى 14 ناخشا، ئۇنىڭ بىرى تارىخىي داستان، ئالتىسى

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت ناخشىسى، ئىككىسى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا، ئىككىسى ئەمگەك ناخشىسى، ئىككىسى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى، ئۈچى مەدھىيە ناخشىسى. ئىككىنچى چۇشۇرگىسى 13 ناخشىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئۈچى مۇھەببەت ناخشىسى، بىرى دىنىي تۈس ئالغان ناخشا، بىرى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى، سەككىزى ئەمگەك ناخشىسى.

سەككىزىنچى دەردىلىۋا مۇقامى. دەردىلىۋا مۇقامى ئىككى چۇشۇرگە بولۇپ، بىرىنچى چۇشۇرگىسى 14ناخشا، ئۇنىڭ ئۈچى تارىخىي ناخشا، تۆتى مۇھەببەت ناخشىسى، ئىككىسى تۇرمۇش ناخشىسى، تۆتى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى، بىرى تارىخىي داستان. ئىككىنچى چۇشۇرگىسى 16ناخشا، ئۇنىڭ تۆتى تارىخىي ناخشا، يەتتىسى مۇھەببەت ناخشىسى، تۆتى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى، بىرى ئەمگەك ناخشىسى.

توققۇزىنچى كىچىك دەردى يامان مۇقامى. كىچىك دەردى يامان مۇقامى 11 ناخشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچى تارىخىي ناخشا، ئىككىسى مۇھەببەت ناخشىسى، بىرى تۇرمۇش ناخشىسى، بىرى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى، بىرى تارىخىي داستان، بىرى زارلىنىش ناخشىسى

ئونىنچى سەھەرلىك مۇقامى. سەھەرلىك مۇقامى 11 ناخشىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئۈچى تارىخىي ناخشا، ئۈچى مۇھەببەت ناخشىسى، ئۈچى تۇرمۇش ناخشىسى، ئىككىسى مەدھىيە ناخشىسى.

ئون بىرىنچى چوڭ دەردى يامان مۇقامى. چوڭ دەردى يامان مۇقامى 16 ناخشا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى تارىخىي ناخشا، ئالتىسى مۇھەببەت ناخشىسى، ئۈچى تۇرمۇش ناخشىسى، ئىككىسى ئازاب-ئوقۇبەت ناخشىسى، ئىككىسى داستان، بىرى تىجارەتكە دائىر ناخشا.

ئون ئىككىنچى سايراڭ بۇلبۇلۇم مۇقامى. سايراڭ بۇلبۇلۇم مۇقامى 12 ناخشا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى تارىخىي ناخشا، ئىككىسى مۇھەببەت ناخشىسى، ئۈچى تۇرمۇش ناخشىسى، ئىككىسى قايغۇ-ھەسرەت ناخشىسى، ئىككىسى تارىخىي داستان، بىرى تىجارەتكە دائىر ناخشا[13].

دېمەك، قومۇل مۇقاملىرى[14] ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە بېيىت-قوشاقلىرى، كۈيلىرى، كىلاسسىك شەكىللىرى، ئالاھىدىلىكلىرى، بەدىئىي قۇرۇلمىسى، تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى جەھەتتە ئاجايىپ قىممەتلىك بايلىق. قومۇل مۇقاملىرى ئۇزاق تارىخ جەريانىدا ئۇيغۇر خەلق ناخشا ئاساسىدا راۋاجلانغان، يۇرۇشلەشكەن مىللىي مۇزىكا. ئۇ ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل بىر گەۋدە قىلىنغان ئاغزاكى ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق يۇرۇشلەشكەن. ئۇنىڭغا قومۇل خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەنئەنىسى، پىسخىكىسى، خۇشاللىقى، قايغۇسى، مۇھەببىتى، نەپرىتى يۇغۇرۇلغان شۇڭا، قومۇل مۇقاملىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ تەربىيەۋى ئاھمىيىتىنى ۋە ئىجتىمائىي رولىنى تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭدىكى دۇردانىلەرنى قېزىپ چىقىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

يۇقىرىدا قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تارىخى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتى ۋە ئورۇنلىنىش ئالاھىدىلىكى، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ھەر قايسى يۇرۇشلىرى، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، نام جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە مۇقام تېكىستى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى قومۇل مۇقاملىرى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇماتقا ئىگە قىلدىم دەپ قارايمەن، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى، ئېستېتىك قىممىتى، مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت قاتلىمى قاتارلىق مەزمۇنلاردا داۋاملىق ئىزدىنىپ ئوقۇرمەنلەرنى قومۇل مۇقاملىرى توغرىسىدا مەلۇماتلارغا تەپسىلىي خەۋەردار قىلىش تېخىمۇ مۇھىم دەپ قارايمەن.

## ئىزاھلار

[1]قومۇل مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەركىزى «قومۇل مۇقاملىرى» (خەنزۇچە)، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 9-ئاي نەشرى، 155-بەت.

[2]بەگمەت يۈسۈپ : «قومۇل مۇقاملىرى ھەققىدە»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 -يىلى 12-ئاي نەشرى، 39-بەت.

[3] [4] [5]قومۇل مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەركىزى «قومۇل مۇقاملىرى» (خەنزۇچە)، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 -يىلى 9-ئاي نەشرى، 11-بەت.

[6] [7] [8]يۇقىرىقى ئەسەر 12-13-بەتلەر.

[9]بەش شەھەر- سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە. 12تاغ — تال ئېغى، باغداش، خوتۇنتام، تۆمۈرتى، ئېدىر، قوراي، ئاراتۈرك، باي، نوم، ئاداق، تۇركۆل، ئېرىنكىر.

[10] [11] [12][13]«قومۇل مۇقاملىرى» (خەنزۇچە)، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 -يىلى 9-ئاي نەشرى، 22-، 23-، 34-، 41-، 42-، 50 -بەتلەر.

[14]شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى — قومۇل مۇقاملىرى»، بېيجىڭ ؛ خەلق مۇزىكا نەشرىياتى، 1994 -يىلى نەشرى، مۇقام تېكىستى قىسمى.

## پايدىلانمىلار


1. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981-يىل 1-ئاي نەشرى.
2. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى — قومۇل مۇقاملىرى»، بېيجىڭ، خەلق مۇزىكا نەشرىياتى، 1994-يىل نەشرى.
3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەدەنىيەت نازارىتى، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»، ئۈرۈمچى؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىلى نەشرى.
4. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996-يىلى نەشرى.
5. جۇ جى «مۇقام»، خاڭجۇ، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل نەشرى.
6. جۇ جى «ئۇيغۇر مۇقاملىرى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى.
7. قومۇل شەرقىي تەڭرىتاغ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى، «شەرقىي تەڭرىتاغ مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل نەشرى.
8. ئېلى ئىسمايىل «قومۇل نەزمىلىرى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991-يىل نەشرى.
9. بەگمەت يۇسۇپ «قومۇل مۇقاملىرى ھەققىدە»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىل نەشرى.
10. «قومۇل مۇقاملىرى» (خەنزۇچە)، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 -يىلى 9-ئاي نەشرى.
11. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997-يىلى 4-ئاي نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 9ـ094ـ1005ـ5878 (2012)03

# ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىچىلىرى توغرىسىدا*

زۇمرەت غاپپار

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، تارىخىي مەنبەلەردىكى ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىلىرى ھەققىدىكى بايانلار، ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى، خەلقنىڭ ئەلنەغمىچىلەرگە قويۇدىغان تەلىپى قاتارلىق مەسىلىلەر نۇقتىلىق تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要**: 本文着重论述维吾尔族民间艺人在维吾尔族民间文化中所处的重要地位，阐述与分析历史上维吾尔民间艺人的演变形式，民间艺人的性格特点，民间艺人的创造特点以及广大维吾尔族人们对民间艺人的要求等内容。

**Abstract:** This thesis mainly introduces the important role of Uyghur folk artists in Uyghur folk culture. In the meantime, analyzes the variation pattern of Uyghur folk artists in history, analyzes their characters, features of their artistic creation and requirements for them from Uyghur society.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: J03 ماتېرىيال بەلگىسى: A

خەلق سەنئەتكارلىرى مەلۇم يۇرتتا ئۆزىگە خاس تۇرمۇشقا ئىگە بولۇپ، شۇ يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى، بولۇپمۇ سەنئىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، شۇ يۇرتنىڭ ھەرقانداق سەنئەت سورۇنلىرىدىن ئورۇن ئالغان، ئۆزىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكى بىلەن شۇ يۇرت كىشىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپقا ئېرىشكەن كىشىلەردۇر. خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆزلىرى ياشىغان يۇرت سەنئىتىنىڭ ۋارىسلىق قىلغۇچىسى ۋە ئورۇنلىغۇچىسى بولۇپ، ئۇلار مەلۇم سەنئەت شەكلى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا بۇخىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزى ۋارىسلىق قىلغان سەنئەت شەكلىنى تارقىتىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ جاينىڭ ئۆرپ ـ ئادەت شەكلىنى تونۇشتۇرىدىغان، ئۆز يۇرتىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوبېكتقا ئايلىنىدۇ[1].

ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىچىلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئۆزى تۇرۇۋاتقان يۇرتنىڭ سەنئىتىنى ئورۇندايدىغان ۋە تارقىتىدىغان سەنئەتكار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ يۇرتنىڭ ئەشۇ خىل ئالاھىدە ئۆرپ ـ ئادىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوبېكت ھېسابلىنىدۇ.

تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلاردىن خەلق ئارىسىدىكى ئەلنەغمىچىلەرنىڭ نامىنىڭ ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئاتالمىسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدۇق. خەلق ئارىسىدىكى يەرلىك مۇقام يەنى دولان، قومۇل، تۇرپان، توقسۇن، خوتەن مۇقاملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلق قوشاقلىرىنى تېكىست قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، خەلق بۇنى ئۆزىنىڭ يەرلىك ئادىتى بويىچە «ئۆلەڭ ئېيتىش»، «مەشرەپ ئويناش»، «ناخشا ئېيتىش»، «بىرەر پەدە ئېيتىش »، «نەغمە قىلىش»، «غەزەل ئېيتىش»، «غەزەل تووۋلاش»، «بېيىت ئېيتىش»دەپ ئاتىسا، ئورۇنلىغۇچىلارنى «بېيىتچى»، «غەزەلچى» «مۇقامچى»، «ھېپىز» (ھاپىز)، «قوشاقچى»، «ئېيتقاق» «سازەندە»، «نەغمىچى» قاتارلىق سۆزلەر ئارقىلىق

* بۇ ماقالە 2011ـيىلى 12ـ ئاينىڭ 8ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

本论文是国家教育部人文社会科学研究规划基金项目《维吾尔族民间说唱艺人调查研究》（项目批准号：10YJA751117）阶段性成果。

作者：祖木拉提.哈帕尔(1972--)，女，西北民族大学民族学与社会学学院 2012 级博士生，新疆师范大学历史与民族学学院副教授。

ئىپادىلىگەن.

قومۇلنىڭ باغداش، قالغايتى، ئاقتاش قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش جەريانىدا، خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ «ئۆلەڭ ئېيتىش»، «بېيىت ئېيتىش»، «ناخشا ئېيتىش»، «نەغمە قىلىش»، «بېيىتچى»، «ھېپىز» (ھاپىز)، «ئېيتقاق» سۆزلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلدۇق. بىز «ھېپىز» (ھاپىز) دىن قوشاق ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگىنىمىزدە، بىر ئىككى كۇپلېت قوشاق ئېيتىپلا «يەنىلا نەغمە قىلايلى، ئۆلەڭ ئېيتساق ئېسىمىزگە كېلىدۇ» دېيىشىپ، سازلىرىنى چېلىشىپ، شۇ ئېيتقانچە نەچچە سائەتلەپ، ھەتتا تاڭ ئاتقۇزىۋەتكەن ۋاقىتلارمۇ بولدى. بىز بۇنىڭدىن«ھېپىز» (ھاپىز) لارنىڭ مەخسۇس خەلق ئاھاڭلىرىنى ئېيتىدىغان، قوشاقلارنى توقۇيدىغان ھەم ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا يەتكۈزىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. قومۇلدا يەنە«ھېپىز» (ھاپىز) لاردىن باشقا «بېيىتچى»دېگەن ناممۇ بار بولۇپ(بۇكىشىلەر ئەر ياكى ئايال بولىشىمۇ بولىدۇ) «ھېپىز» (ھاپىز) لار قوشاقلارنى، بېيىتلارنى ئاھاڭسىز ھالدا مەرىكىلەردە يادقا ئوقۇپ بېرەلەيدىغان ياكى شۇ سورۇننىڭ كەيپىياتىغا ئاساسەن قوشاق توقىيالايدىغان ھازىر جاۋاب كىشىلەردۇر. قومۇلدا ئايال بېيىتچىلارنىڭ سانى كۆپرەك بولۇپ، بۇنداق بولۇشنى شۇجاينىڭ يەرلىك توي-تۆكۈن، ئۆرپ-ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە دولانلىقلاردا «غەزەلچى»، «قوشاقچى»، «سازەندە»، « نەغمىچى»، «غەزەل ئېيتىش»، «غەزەل تۇۋلاش»دېگەن سۆزلەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ قوشاقلار خەلقنىڭ يەرلىك مۇقاملىرىغا تېكىست بولغانلىقى سەۋەبلىك ياشانغانلار تاكى ھازىرغىچە «باياۋان تۇۋلاش»، ئورۇنلىغۇچىلارنى «باياۋانچىلار»دەپ ئاتاپ كەلمەكتە [2].

## 1. تارىخىي مەنبەلەردىكى ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىلىرى ھەققىدىكى بايانلار

ئەلنەغمىچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئېيتقان ناخشا-قوشاقلىرى توغرىسىدا«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بىرقانچە سۆز ئۇچرايدۇ: يىراغۇ yiragu چالغۇچى، سازەندە، ناخشىچى [3]، يىر yir ئىر - جىر، ناخشا كۈي [4]، يىرyir ئىر- جىر، ناخشا، كۈي. ال يىر يىرلادى، ئۇ ئىر ئىرلىدى، يەنى ناخشا ئېيتتى. بۇسۆز كۆپىنچە ناخشىغا نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ [5]، كۈك kugكۈي ئاھاڭ، اركوكلندى، er kuglendi ئادەم كۈيلىدى يەنى ناخشا ئېيتتى [6]، ككلادى kugledi كۈيلىدى، ناخشا ئېيتتى. ار ككلادى ئادەم كۈيلىدى يەنى مۇڭلۇق ئاھاڭ بىلەن ناخشا ئېيتتى [7]. يۇقىرىقى سۆزلەردىن بىز «يىر»نىڭ ناخشا، كۈينىڭ ئاھاڭ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ يىرلارنىڭ يەنىلا قوشاق ئىكەنلىكىنى، مەخسۇس يىر ئېيتىدىغان «يىراغۇ» يەنى ناخشىچىلارنىڭ قوشاقلارنى خىلمۇ خىل ئاھاڭلارغا سېلىپ ئېيتىدىغانلىقىنى ھەمدە قەدىمكى ۋاقىتلاردىلا ئەلنەغمىچىلەرنىڭ خەلق ئىچىدە تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە مەخسۇس نام بىلەن ئاتالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5-6-ئەسىرلەردە يارىتىلغان ناخشا پىرى پىرچەنگى ھەققىدىكى ئەپسانە ئۇچرايدۇ. « قەدىمكى زاماندا بىر ناخشىچىلارنىڭ پىرى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى پىرچەنگى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىنسانىيەتكە ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ، نەغمە قىلىپ بېرىشكە ئاتىغانىكەن. پىرچەنگى ئۆز ناخشىسى ئارقىلىق ئادەملەرنى ئىنتايىن خۇشال قىلغانلىقى ئۈچۈن، خۇدا ئۇنىڭغا چەكسىز ئۆمۈر بەخش ئېتىپتۇ. بىر كۈنى پىرچەنگى قەبرىستانلىقتا ئولتۇرسا، نەدىندۇر داد-پەرياد ئاڭلىنىپتۇ، بىر ھازا دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ، بۇ گۆردىكى ئۆلۈكلەرنىڭ ئازاپ پەرىشتىلىرىنىڭ دەھشەتلىك قىيناشلىرىغا چىدىيالماي چىقارغان داد-پەرياد ساداسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. ئۆلۈكلەرنىڭ بۇ خىلدىكى نالە - پەريادلىرى پىرچەنگىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپتۇ، بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ ئاستا-ئاستا ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ، ناخشا بىلەن تەڭ داد-پەريادلار بىردىنلا جىمىپ قاپتۇ، چۈنكى ئازاب پەرىشتىلىرى ناخشا ئېيتقان يەردە تۇرالمايدىكەن. شۇڭا، ئۇلار پىرچەنگىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان ھامان بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. گۆردىكى ئۆلۈكلەر پەرىشتىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئازابىدىن قۇتۇلۇپ يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتىپتۇ ھەمدە پېرچەنگىنىڭ ناخشىسىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ راھەتلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پېرچەنگى شاگىرتلىرىنى تىرىك ئادەملەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە قالدۇرۇپ ئۆزى قەبرىستانمۇ قەبرىستان ئارىلاپ يۈرۈپ ئۆلگەن ئادەملەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىش بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ پېرچەنگى لوقماندىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپتۇ (تېۋىپلارنىڭ پىرى لوقمان ھېكىم مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەن دېگەن رىۋايەت بار). لېكىن ئۆلگەنلەرنى ئازابلاش بىلەن كۆڭلى ئۆسىدىغان ئازاپ پەرىشتىلىرى ئۆزلىرىنى بۇ كەسىپتىن مەھرۇم قىلغان پېرچەنگىگە ئۆچلۈك قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن خۇداغا «ئەي خۇدا پېرچەنگىنىڭ جېنىنى ئالمىساڭ بىز سېنىڭ دەرگاھىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئىبلىسلار قوۋمىگە قوشۇلۇپ كېتىمىز»دەپ شىكايەت قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خۇدا پېرچەنگىنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ» [8].

بۇ ئەپسانىدە تەسۋىرلەنگەن ناخشا پىرى پېرچەنگى ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقىغا ئاتىغان ئەپسانىۋى قەھرىمان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا ئەلنەغمىچىلەرنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە قەدىمىيلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان جانلىق پاكىت بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپكى ئەلنەغمىچى بولۇشى مۇمكىن.

تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى، خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ مەنبەسىنى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئىپتىدائىي سەنئەت ساھەسىدىن ئىزدەش، بولۇپمۇ ئەلنەغمىچىلەرنى ئەڭ دەسلەپكى پېرىخونلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراش تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلىنغان.

قەدىمكى مەنبەلەردە شامانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىلاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى، نەزىر ـ چىراغ ئۆيۈشتۈرۈپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئىلاھلار ۋە روھلارنى خۇشال قىلىپ، داۋالاش مەقسىتىگە يەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. يېقىنقى يىللار مابەينىدە بەزى تەتقىقاتچىلار دۆلىتىمىزدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن«سەنئەت دىنىدىن كېلىپ چىققان»دېگەن قاراشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ تۈپرىقى» دەپ شەرھلىگەن[9]. شۇ سەۋەبتىن، خەلق ئەلنەغمىچىلىرى بىلەن شامانلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەڭ دەسلەپكى خەلق ئەلنەغمىچىلىرى شامان خەلق ئاغزاكى قەھرىمانلىق ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كەلتۈرگۈچىسى، ئۇلار شۇ قەبىلىنىڭ شەجەرىسىنى، رىۋايەتلىرىنى ۋە ئالەم قاراشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر. بۇ ئەلنەغمىچىلەر ئىلاھ ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ يەتكۈزگەن ئەمەلىيەتنى ناخشا قىلىپ ئېيتىدۇ[10]. ئۇلارنىڭ سۆز بايلىقى ناھايىتى مول، بولۇپمۇ تېپىشلىككە ئىگە ئوخشىتىش ۋە سىمۋوللارنى قوللىنالايدۇ. ئەلنەغمىچىلەر مەيلى ئېپوس ئېيتسۇن ۋە ياكى شامان قەسىدىلىرىنى ئېيتسۇن ئوخشاشلا ئىلاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئىلھامى بىلەن قىزغىن كەيپىياتتا ئۇسسۇل، ناخشىلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەلنەغمىچىلەر كۆپىنچە ئەھۋاللاردا شامان ھېسابلىنىدۇ[11].

تۈركىي خەلقلەردىمۇ شامانلىق، پېرىخونلۇق پائالىيىتى خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ توغرىلىق 11- ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »تە «قام» Kam سۆزىنى «كاھىن»شامان دەپ ئىزاھلايدۇ[12]. شامانىزىم شىمالىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا «پېرىخون، باخشى، سېھىرگەر»مەنىسىنى بېرىدىغان شامان ئاتالغۇسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ دەسلەپ ئۇرال، ئالتاي خەلقلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. «شامان سۆزى مانجۇ تونگۇس تىلى بولۇپ بەزى ئالىملار سانسكرىت تىلى دەپ قارايدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلى مەنبەلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك «قام» (گام)دەپ ئاتالغان[13]. مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىدا پېرىخونلار «قام» ياكى «كاھىن» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن «قام» سۆزىنىڭ مۇسۇلمان تۈركلەر ئارىسىدا بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ زامانداشى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ«قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرىدىمۇ قاملارنى تېۋىپلار بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويغان، شۇنداقلا قاملارنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن

پايدىلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەسەرنىڭ 1065-بېيىتىدە، مەيلى تېۋىپ چاقىر ياكى قام كەلتۈر ئۆلۈمگە يۈزلەنگۈچىگە ھەرگىز داۋا، پايدا بەرمەيدۇ. 2002-بېيىتىدە، ئاچكۆزلۈك شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنىڭغا ھېچ داۋا يوق، ئۇنى بۇدۇنيانىڭ قامانلىرىمۇ داۋالىيالمايدۇ، دېيىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا« قۇتادغۇ بىلىك»تىكى4361-بېيىتتە، يەنە تېۋىپلاردىن كېيىن ئەپسۇنچىلار (قاملار)تۇرىدۇ، شامال دارىغان، جىن تەگكەن كېسەللەرنى ئۇلار داۋالايدۇ. 4364-بېيىتتە، تېۋىپلار ئەپسۇنچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، ئەپسۇنچىلارمۇ تېۋىپلاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ. 4365-بېيىتتە، ئۇ(تېۋىپ) دەيدۇ، دورىنى يېسە كېسەل شىپا تاپىدۇ، بۇ (ئەپسۇنچى، قام)دەيدۇ، تۇمار ئاسسا جىنلار قاچىدۇ [14] دېيىلگەن.

بۇلاردىن شۇنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، «قام» سۆزى « ھېكىم»، «ئۇستا»، «داۋالىغۇچى»مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى قەدىمكى دەۋرلەردە شامانىنى «قام»، «قامان» دەپ ئاتىغان. ھازىرقى ئۇيغۇرلار «پېرىخون»، «جىنكەش »، «باخشى»، «داخان» سۆزلىرى بىلەن ئاتايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە باخشى سۆزى بىزنىڭ بايانىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا سۆزلەر ئۈستىدە بايان ئېلىپ بارمايمىز.

«باخشى»سۆزى ئۇيغۇرلار رايونىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. تۈركىيە ئالىمى ئابدۇلقادىر ئىنان قازاق تىلىدىكى «巴克舍»(«باخشى»)دېگەن سۆز بۇددا دىنى ئارقىلىق سىرتتىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان موڭغۇللار«师، 导师»(«ئۇستاز») مەنىسىدە قوللانغان. تۈركمەنلەردە بۇ سۆز «ساز چېلىپ ناخشا ئېيتقۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، «شامان» مانجۇ تۇڭگۇس تىلىدا «ئەسەبىيلەشكەن ئۇسسۇلچى»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ [15] دېگەن.

خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى تارىخىي مەنبەلىرىدە بۇ توغرىلىق مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ : تارىخىي ئەسەر «国语•楚语 » دە «ئەر پېرىخون ‹شى› دېيىلىدۇ، ئايال پېرىخون ‹ۋۇ›دېيىلىدۇ. (在男曰觋，在女曰巫)شى، ۋۇ ئىلاھ ئىرادىسىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، ئالاقە ئورنىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ ئۇ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئىلاھنى خۇشال قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ» [16] دەپ خاتىرىلەنگەن.

دېمەك، يۇقىرىقى مەنبەلەردىن شامانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىلاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى، نەزىر- چىراغ ئۇيۇشتۇرۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئىلاھلار ۋە روھلارنى خۇشال قىلىپ، داۋالاش مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئىپتىدائىي دىن ئىپتىدائىي سەنئەتنى ئىدىيە روھ بىلەن ھەمدە مەدەنىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۆلىما پېرىخوننى يەنى خەلق ناخشىچىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە تەربىيەلىگەن. بۇ پېرىخونلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر دىنىي داھى ھەمدە قەبىلە باشلىقى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر تالانتلىق قوشاقچى ۋە ئەلنەغمىچى بولۇپ، ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك زىيالىسى، مەنىۋى مەدەنىيەت تۈۋرۈكى، مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە تېبابەتنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، بەزىلىرى پېرى ئويناپ كېسەل داۋالىسا يەنە بەزىلىرى جىنلار بىلەن ئېلىشىپ كىشىلەرگە ئەمىنلىك ئېلىپ كەلگەن.

ئەينى دەۋردە كىشىلەر ئىلاھ بىلەن پېرىخوننىڭ يېقىنلىقىغا ئىشەنگەن. ئىنسان بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىق قىلىدىغان پېرىخوننىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىغا ۋە ئۇنىڭ رولى ئارقىلىق ئىلاھنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. قەبىلە ۋە توپ ئىچىدە ھەرقانداق ئىش مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن پالچىلىق، مۇنەججىملىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان. بۇنداق ئىشلاردا پېرىخوندىن مەسلىھەت ئېلىنغان، پېرىخونلار ئىلاھقا ۋاكالىتەن خەلققە مەسلىھەت بەرگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، پېرىخونلارنىڭ رولى بولۇپمۇ نەزىر- چىراغلاردا ئالاھىدە بولغان. نەزىر- چىراغ سورۇنى قوشاق-مۇزىكا-ئۇسسۇل بىرلەشكەن ئالاھىدە سورۇن بولغان، بۇنداق سورۇندا پېرىخون بىر تەرەپتىن نەزىر-چىراغقا رىياسەتچىلىك قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ناخشا ـ قوشاق ۋە ئۇسسۇلغا يېتەكچىلىك قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ بۇ خىل سورۇنلارنىڭ ئىزناسىنى ھېلى ھەم كۆرگىلى بولىدۇ. «دولان ئۇسسۇلى» دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇ دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى.

بۇ ئۇسسۇلنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنىۋى ئاساسىنى راخمان ئابدۇرېھىم ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم» ناملىق ئەسىرىدە «دولان ئۇسسۇلى»نىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرىدىكى ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ ئوت ئىلاھىغا ئۆز رەھمىتىنى، تېۋىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پۈتۈن ئۇرۇق بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان كوللېكتىپ ھالدىكى دىنىي پائالىيەتلەرگە باغلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، دولان ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەت ئوبرازىغىلا تايىنىپ ئۇنى«ئوۋچىلىق پائالىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن سەنئەت»دېگەن يەكۈننى چىقىرىشنىڭ ناھايىتى چولتا يەكۈن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن[17].

بۇ يەردە بىزمۇ بۇنىڭ يىراق ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئىزناسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بەلكىم ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇرۇن دولان ئۇسسۇلىنىڭ رىياسەتچىسى ۋە ئەلنەغمىچىسى پېرىخون بولۇشى مۇمكىن.

سىنىپ ۋە سىنىپىي جەمئىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا مۇقەررەر ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. جەمئىيەتنى ئىلاھ باشقۇرۇدىغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىن ئىنسان باشقۇرۇدىغان ئىدىيە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ پېرىخونلارنىڭ ئورنى بارغانچە تۆۋەنلەشكە، خەلق ئاممىسى بەگ ـ پادىشاھلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. پېرىخونلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئىلاھقا يېقىنلىق ھالىتىدىن بارغانچە خەلق بىلەن يېقىنلىشىپ، يېرىم ياكى پۈتۈنلەي خەلق ئەلنەغمىچىلىرىگە ئايلاندى. بەزىلىرى نەزىر ـ چىراغ رىياسەتچىسى ۋە كېسەل داۋالايدىغان پېرىخون بولدى، يەنە بەزىلىرى ھەم پېرىخون ھەم قوشاقچى بولدى.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا بىز يەكەن دىيارىدىكى بەزى ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ كۈندۈزى ئەلنەغمە سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانسا، كېچىسى پېرىخونلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېسەل داۋالايدىغانلىقىنى ھەمدە ئەلنەغمە سەنئىتى بىلەن پېرىخونلۇقنى جىپسىلاشتۇرۇپ قوللانغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ھەرقايسى دەۋرلەردە ناھايىتى تالانتلىق ئەلنەغمىچىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ناخشا بېيىتلىرىدە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈمىز. بەزى قوشاقچى، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ نامى قالغان بولسىمۇ نۇرغۇنلىغان خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ نامى ئۇنتۇلۇپ كەتتى. پەقەت ئۇلار ئىجاد قىلغان، خەلق تەرىپىدىن ساقلانغان خەلق سەنئىتى تاھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى.

## 2. ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

(1)خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك دېھقان بولۇپ، ئاددىي ـ ساددا ياشايدىغان كىشىلەر، ئۇلارنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقى كۈچلۈك، ماسلىشىشچانلىقى يۇقىرى، ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىمايدىغان، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئۆزىگە يۈك قىلىۋالمايدىغان، قورسىقىدا ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ناخشىسى، سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان سۆزلىرى بار كىشىلەردۇر.

(2) ئۇلار ئەلنەغمىچى، سەنئەتكار بولۇپلا قالماي، يەنە ئاددىي ئەمگەكچى، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەكىلى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىدە خەلق ئىچىدە باشلامچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. بەزىدە ئۇلارنىڭ رولىنى گېزىت ـ ژۇرناللارمۇ ئالالمايدۇ. ئۇلار خەلق ئىچىدە ناخشا ئېيتىپ، قوشاق

توقۇپ، يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە ئەڭ بالدۇر يېتىدۇ.

(3) ئۇلار بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭىدىن ئىجاد قىلىپ ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتكە تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. ئۇلار ۋارىسلىق قىلىپ ئېيتقان نۇرغۇن ئەسەرلەر نەچچە ئون يىلدىن بېرى قەلەمگە ئېلىنىپ تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تەتقىق قىلىنىدۇ. ئۇلار بىزگە يەتكۈزگەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى باشقا پەنلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.

## 3. خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئومۇملاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

(1) خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا كوللېكتىپنىڭ ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ئۆز تالانتىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ.

ئەمگەكچى خەلق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىلاردۇر، خەلق ئەلنەغمىچىلىرى خەلقنىڭ پەخرى ۋە خەلقنىڭ ۋەكىلى. ئۇلار خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تاۋلاپ ھەم پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆز تالانتىغا مۇجەسسەملەپ، ناھايىتى ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىدۇ. كوللېكتىپ ئىجادىيەت جەريانىدا ئۇلار ھامان باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ ھەمدە ئورتاق مەقسەت، ئورتاق ھېسسىيات، ئورتاق ئېھتىياج ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇ بىر ئېغىز بۇ بىر ئېغىزدىن ئىجاد قىلىپ، ناھايىتى ياخشى ئەسەرلەرنى ئورتاق ئىجاد قىلىدۇ.

(2) خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا، مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ئىجادىيەت ئۆزگىچىلىكىنى بىرگە جارى قىلدۇرىدۇ.

خەلق ئەلنەغمىچىلىرى كۈچلۈك ئەنئەنىۋى تەربىيەلىنىشكە، شۇنداقلا كۈچلۈك ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلار ئۇزۇن مەزگىللىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېقىنىدىن ئوزۇقلىنىپ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋە مىللىي ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۆزگىچىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتقان قوشاقلىرى ۋە ئورۇنلىغان ئويۇنلىرىدا مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئاجايىپ جىپسىلىشىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ داڭلىق خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بۇ تەرەپنى ئاجايىپ ئۈستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مىللىيلىك بىلەن ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى قان بىلەن گۆشتەك ئايرىلماس مۇناسىۋەتكە ئىگە قىلالايدۇ. مەسىلەن، يەكەندىكى ياش قوشاقچى تۇرسۇنجان قاۋۇلنىڭ شىنجاڭدىكى پۈتۈن يەر ـــ جاي ناملىرىنى ئاتاپ توقۇغان 130كۇپلېتتىن ئارتۇق يۇمۇرىستىك تۆسكە ئىگە قوشاقلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ، ئۇ قوشاقلىرىنى يادقا توختىماي ئېيتسا ئىككى سائەت داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پېشقەدەم قوشاقچىلاردىن تۇردى ئىسمايىل، قەمبىردىن كېرىم قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىي قوشاقلىرى ناھايىتى كۆپ[18]. قوشاقلارنىڭ كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجادىيەت ئۆزگىچىلىكى بۇ قوشاقلارنى ھەم قوشاقچىنى كىشىلەرگە تونۇتقان.

(3) ئازاتلىقتىن كېيىن، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەلنەغمىچىلەر بۇرۇنقىدەك ئورنى تۆۋەن بولۇش مۇھىتىدىن بارا-بارا قوغداش ئوبيېكتىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداۋاتقان ھازىرقىدەك ئەۋزەل شارائىتتا، ئەلنەغمىچىلەر تېخىمۇ ئېتىۋارغا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكى قەدىرلەندى. شۇنداقلا ئۇلارغا يېڭىدىن يېڭى ئىجاد قىلىش ۋە تېخىمۇ ئېچىلىپ سايراشقا پۇرسەت يارىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئورۇنلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ئەلنەغمىچىلەرنى ۋە نۇرغۇنلىغان خەلق ئاغزاكى ئەسەرلىرىنى خىلمۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن قۇتقۇزدى ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرت تەربىيەلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

www.uyghurkitap.com



(4) سىنىپىي جەمئىيەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك ئوخشىماسلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككى خىل ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ھاڭ پەيدا بولۇپ، خەلق ئارىسىدىن چىققان نەغمىچىلەرنى تۆۋەن كۆرىدىغان ئەھۋال بار ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، بۇنداق ئەھۋاللار ئاساسەن تۈگىتىلدى. كەسپىي يازغۇچى، شائىرلار يەرلىك ئەلنەغمىچىلەر ئېيتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلىنىپ، ئۆز ئەسەرلىرىگە ھەقىقىي جان ئاتا قىلدى ۋە خەلق ئىچىدە بۈيۈك شۆھرەتلەرگە ئېرىشتى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكى، خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي توشۇغۇچىسى ئىكەنلىكى ھەقىقىي مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ، نۇرغۇن جايلاردا ئەلنەغمە كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇردى ۋە خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. بەزى ئەلنەغمىچىلەر يازما ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە يازما ئەدەبىياتنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇپ، يازما ئەدەبىياتنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر قەدەر پىشقان مىللىيلىككە ئىگە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى خەلق قوشاقچىلىرى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

## 4. خەلقنىڭ ئەلنەغمىچىلەرگە قويىدىغان تەلىپى

ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ئەلنەغمىچىلىرىنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ ۋە ياخشى كۆرىدۇ. ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا بىز خەلقنىڭ خەلق قوشاقچىلىرىغا ۋە ئەلنەغمىچىلىرىگە ھەرقايسى جەھەتتىن ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق، بۇ مەنزىرىلەر بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇنداقتا خەلق نېمە ئۈچۈن خەلق قوشاقچىلىرى ۋە ئەلنەغمىچىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

(1) خەلق ئەلنەغمىچىلىرى دائىم خەلق بىلەن بىللە، خەلق بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش. ئۇلار دائىم ناخشا ئېيتىپ، قوشاق توقۇپ، ساز چېلىپ خەلقنىڭ ئاھۇ-زارىنى قايغۇ-ئازاب ۋە خۇشاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە خەلقنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى بولالايدۇ.

(2) ئۇلار شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن پىششىق تونۇش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ساقلىغۇچى ۋە تارقاتقۇچىسىدۇر. كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇلارغا ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ ئەقىللىق ئادەملىرى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئېسىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مانا مۇشۇ كىشىلەر تەرىپىدىن توقۇلىدۇ ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىدۇ.

(3) خەلق ئەلنەغمىچىلىرى مول ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ، ئورۇنداش ۋە ئەستە تۇتۇش ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى، قوشاق ئېيتىپ كېلىۋېتىپ نۇرغۇن يېڭى قوشاقلارنى سورۇنغا قاراپ توقۇيالايدۇ ۋە توختىماي ئېيتىپ كىشىلەرنى ئاغزىغا قارىتىدۇ، كىشىلەرنى زېرىكتۇرمەيدۇ.

(4) كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئۇلارغا مەنىۋى زوق ئاتا قىلالايدۇ. كىشىلەرگە ئۆز قوشاقلىرى ئارقىلىق ھاياتنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلقىمىز ئىچىدە خەلق ئەلنەغمىچىلىرىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ناھايىتى يۇقىرى، خەلق ئەلنەغمىچىلىرى بۇ تەلەپلەرگە لايىقلىشالىغاندىلا كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا ناخشىچى رولىنى بولۇپمۇ مۇقام بېشى ۋە ئاساسىي ناخشىلارنى ئورۇنىدىغۇچى ناخشىچى ـــ ھاپىزلارنى خەلق ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. ئەڭ ماھىرلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىمۇ ئاسان ئەمەس. ئۇلارنى خەلق ئاسرىغاندەك، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ئاسرىشى ۋە ئۆستۈرۈشى لازىم.

ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە ھاپىز ۋە چالغۇچىلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كۆڭۈل قۇۋۋەتى چالغۇچىدىن، روھ ئوزۇقى خۇش

ئـاۋازدىن»، «شـاتلىقنى ئاشـۇرغۇچى خانەنـدە، غەمنـى كەتكۈزگـۈچى سـازەندە» [19]. خەلـق ئەلنەغمىچىلـىرى ئالـدى بىـلەن ئۆزلىرىنىـڭ مىجەز-خۇلقىغا ئەھمىـيەت بېرىشى كېرەك. يەنى خۇشپېئىل، شېرىن سۆز، قوۋناق، پاكىز تەبىئەتلىك بولۇشى، ھەرگىـز قوپال، تـوڭ قاپاق بولماسـلىقى كېـرەك، ئۇنـداق ئەلنەغمىچىلەرنـى خەلـق ياخشى كۆرمەيدۇ.

بـۇ توغرىلـىق «قابۇسـنامە» دە « ئەي پەرزەنـت ئەگەر ھـاپىز بولـساڭ، خـۇش پېئىـل، قوۋنـاق بـول، ھەمىشە ئۆزۈڭنى پاكىز تـۇت، سـەندىن يېقىملىـق ھىـد چىقىپ تۇرسۇن، شېرىن سۆز بـول، قوپـال سـۆز قـاپىقى سېلىنغان بولما»[20] دېيىلگەن.

يەنە بىـرى، خەلقنىـڭ شـېئىرىيىتىنى ئېيتىـشقا ماھىر بولۇش، خۇش ئاۋاز، ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىش، سازنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىش، خەلقنىـڭ دەد ئەھۋالىغـا يارىـشا نەغـمە قىلىـش، ئـۆز كەسـپىدە مارمـاي ـــ تالمـاي تىرىشـشى كېـرەك. جىـدەلخور، شۆھرەتپەرەس، مەيخۇمار بولماسلىقى لازىم.

نەۋايـى مەھبۇبـۇل قۇلۇبتـا: «كۆڭـۈل قـۇۋۋەتى خۇشناۋادىن، روھ قۇۋۋەتى ئاۋازدىن» ھەر بىر مۇغەيىنى دەرتمەنـرەك نەغـمە چەكـسە، ئۇنىـڭ زەخمىكـى زەخملەنگەن يـۈرەككە تەسىرلىك تېگەر»[21] دېـسە، «قابۇسـنامە»دە «ھـاپىز بولـۇپ شـېئىر يېزىـشقا قولـۇڭ كەلـسە ئـۆز شـېئىرلىرىڭنى ئېيتىـشقا خىرىس قىلما، چۈنكى ھاپىز خەلق شېئىرىيىتىنى ئېيتقۇچىدۇر»، «ھەر بىر ناخشىنى ئېيتقاندا ۋەزىنـدىن چەتنەشـمە»، «شـېئىر ۋە غەزەللەرنـى كـۈيلەپ يادىلىگىـل»، «ھـاپىز بولـساڭ جىدەلخور بولما»، «مەينى كەم ئىچ»دېيىلگەن [22].

خەلـق ئەلنەغمىچىلـىرى پەسـىلگە ۋە سـورۇن ئەھلىنىـڭ يـاش پەرقىـگە ھەمـدە مىجـاز خـاراكتېرىگە بېقىـپ نەغـمە قىلىـشى كېـرەك. «قابۇسـنامە»دە «تەڭداشـسىز ئۇسـتاز بولـساڭمۇ يىغىـن ئەھلىـگە نەزەر سـال»، «ھەر ۋاقىتنىـڭ ئـۆزىگە مۇناسـىپ غەزەللىرىنـى ئوقىغىن، باھـاردا كـۈزگە، كـۈزدە باھارغـا، قىشتا يازغـا مۇناسـىپ غەزەللەرنـى ئوقـۇمىغىن»، «مۇزىكـىدىن زوقلانغـۇچىلار ياشـانغۇچىلار بولـسا ئۇلارغـا مـاس كـۈيلەرنى كـۆپرەك ئوقـۇ، ئەگەر ياشلار بولسا يەڭگىـل مـۇزىكىلارنى ئىجـرا قىـل»[23] دېيىلگىنىـدەك، خەلـق ئەلنەغمىچىلـىرى يـۇقىرىقى نۇقتىلارغـا دىققەت قىلـسا خەلـق ئـۇلارنى تېخىمـۇ ئارزۇلايـدۇ ۋە بېـشىغا ئېلىـپ كۆتۈرىدۇ.

قىسقىسى، ئەلنەغمىچىلەر دۆلىتىمىزنىڭ شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ گۆھىرى. ئۇلارغا بولغان توغرا تونـۇش ۋە تەتقىقـات ئەمـدى باشـلاندى، بىزنىـڭ بـۇ جەھەتـتە قىلىدىغان ئىشلىرىمىز ناھـايىتى كـۆپ. گەرچە ئۇلارغا ئـورۇن بېـرىلگەن بولـسىمۇ بـۇ يېتەرلىـك ئەمەس. ئۇلارنىـڭ بىـزگە قىلغـان ئەمگەكلىـرى، كۆرسـەتكەن تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇلۇغلىشىمىز ۋە پەخىرلىك ئورۇنغـا كۆتـۈرۈپ، ئىقتىـسادىي جەھەتـتىن ئالاھىـدە ئېتىۋارلارغا ئېرىـشتۈرۈشىمىز، ئامـال بـار ئـۇلار ئېيتقـان ئەسـەرلەرنى قەلەمـگە ئېلىۋېلىـشىمىز ۋە ئىستاتىـستىكا قىلىـشىمىز ھەمـدە ئۇلارنىـڭ شـاگىرت يېتىـشتۈرۈشىگە ئالاھىـدە شـارائىت ھـازىرلاپ، ئۇلارنىـڭ تېخىمـۇ كـۆپ خەلـق سـەنئەتكارلىرىنى يېتىـشتۈرۈپ چىقىـشىغا تەڭ كـۈچ چىقىرىـشىمىز، تېخىمـۇ چوڭقـۇر تەتقىقـات ئېلىـپ بېرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلالىساقلا، ئۇلار ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنـى جـارى قىلـدۇرۇش ۋە تەرەققـىي قىلدۇرۇشىمىزدا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

## ئىزاھلار

[1]黄静华. « 民间艺人研究中的描述、解释和理解» ,民族艺术研究,2006年2期 21页。

[2]«باياۋان »دېگەن سۆز چۆل-جەزىرە، جاڭگال، بىپايان كەڭرى دالا دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىز ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش، ئورمان كېسىش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىـدا، ئۆزلىرىنىـڭ ئـارزۇ- ئارمـانلىرى، مۇھەببەت- نـادامەتلىرى، ھەسـرەت - نەپرەتلىرىنـى، تەسـىرلىك ھادىـسىلەرنى تەسۋىرلەپ بېيىت قوشاقلانى توقۇغان. ئۇلار سەپەر قىلغاندا يايلاقلاردا ياكى چۆل- باياۋانلاردا يۈرۈپ يالغۇزلۇق، غېرىپلىق ھېس قىلغان چاغلىرىدا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئاشۇ تەسىرلىك قوشاقلارنى ئاھاڭلارغا سېلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇڭلۇق توۋلاپ، غەزەل قىلىپ ئوقۇغان. بـۇ غەزەللەر ئۆزىنىـڭ مىللىيلىكى ۋە ھېسسىياتچانلىقى بىـلەن ئاڭلىغۇچىلارنىـڭ ئىستېتىك زوقىنى قوزغـاپ، ئـۇلارنى ئـۆزىگە قـاتتىق جەلـپ قىلغـان. نەتىجىـدە بۇخىـل مۇڭلـۇق غەزەللەرنىـڭ ئەمـگەك جەريانـىدا، چۆل

www.uyghurkitap.com



باياۋانلاردا يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇلغىنىغا ئاساسەن «باياۋاندا توۋلانغان غەزەل »، «غېرىپلىق ناخشىسى »ياكى «باياۋان غەزىلى» دېگەن مەزمۇندا «باياۋان»دەپ ئاتالغان.

[3] [4][5][6][7][12] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 3 ـتوم، 46-، 194-، 2-، 180-، 411-، 215-بەتلەر.

[8] ئابلەت ئۆمەر:«ئەدەبىيات نەزەرىيەسى »[M] 1-قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 266 -، 267-، 111-بەتلەر.

[9] خۋاڭخۇيكۇن:«يۇنەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن ماقالىلەر توپلىمى»[M]، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى، 1982-يىلى نەشرى، 23-37-بەتلەر.

[10]ئىلىئاد: «شامان دىنى»[M]، پارىژ 1951-يىلى نەشرى، 2-بەت.

[11] R. A ستېيىن(فىرانسىيە): «شىزاڭ ئېپوسى ۋە خەلق ئەلنەغمىچىلىرى » [M]، جۇڭگو زاڭزۇشۇناسلىق نەشرىياتى، 2005-يىلى نەشرى، 356-بەت.

[13] ئابدۇلقادىر ئىنان: «تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى شامانىزىم »[M]، تۈرك تارىخ جەمئىيىتى نەشرىياتى، 1986- يىلى نەشرى، 19-بەت(تۈركچە).

[14] «قۇتادغۇ بىلىگ»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 242-445-889-بەتلەر.

[15] راخمان ئابدىرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم »[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى، 3-بەت.

[16] ۋۇچاۋ: «جۇڭگو قوشاقلىرى»[M]، جېجىياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 19-بەت.

[17]راخمان ئابدىرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم »[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـيىلى نەشرى، 25-بەت.

[18] ئوچقۇنقان ئۆمەر:«ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرى»[M]، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985-يىلى، 4-ئاي نەشرى.

[19] م. ئەزىمەتوۋ: «ھېكمەتلەر گۈلدەستىسى»[M]، 1982- يىلى تاشكەنت نەشرى، 99-بەت.

[20] «قابۇسنامە»[M]، 1973-يىلى تاشكەنت نەشرى، 97-98-بەتلەر.

[21] ئەلىشىر ناۋايى. «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»[M] 13-توم، 1966-يىلى تاشكەنت نەشرى، 23-بەت.

[22] ئەلىشىر نەۋايى: «مەھبۇبۇل قۇلۇب»[M] 13-توم، 1966-يىلى تاشكەنت نەشرى، 23-بەت.

[23] «قابۇسنامە»[M]، 1973-يىلى تاشكەنت نەشرى، 97-98-بەتلەر.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

33 ـ يىللىق 3 ـ سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 33 卷第 3 期
2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2012 年 9月

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 103 ـ 1005 ـ 5878 (2012)03

# ئوقۇرمەن نەزەرىيەسىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر*

(ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ھەققىدە تەتقىقات)

گۈلنار ئۇبۇل، مەرىيەمگۈل تۇرسۇن

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەن تەتقىقات باشقارمىسى، قەشقەر. 844008)

قىسقىچە مەزمۇنى : ماقالىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ ئۇيغۇر داستان ئەنئەنىسىدىكى(داستانچىلىقىدىكى) بىر يېڭىلىق ۋە بۆسۈش ئىكەنلىكىنى ئوقۇرمەن نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭىچە پىكىر يولى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：艾合买提 · 孜亚依是 20 世纪维吾尔族著名诗人、学者，其代表作《热比亚与赛丁》具有多重解读意义。本文以读者理论为视角研究该叙事长诗对维吾尔叙事诗传统的创新与突破，并由此探讨维吾尔文学研究的新思路。

**Abstract:** This paper introduces Ahmet Ziyai's master work "Rabiye and Saedin" at first, and discusses the breakthroughs in Uyghur literature from a reader's perspective. Finally, points out the new thoughts in the study of Uyghur Literature.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I106　ماتېرىيال بەلگىسى: A

فىرانسىيە پوست مودېرنىزم ئەدەبىياتى نەزەرىيەچىسى رولان بارتى (1915~1980 RolandBarthes,) ئۆزىنىڭ «S／Z» دېگەن ئەسىرىدە «بىز ئادەتتە كىتاب ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا دائىم توختاپ قالىمىز، بۇ زېرىكىشتىن ئەمەس، ئەكسىچە ئوي-خىيال ۋە ھاياجانلانغانلىقىمىزدىن بولغان، بۇنداق ئەھۋال سىزدىمۇ بولغانمۇ؟» دەپ سورايدۇ. بۇ كىتاب ئوقۇش ھالىتىنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، كىتاب ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە قويغان سوئالى. رولان بارتى بۇ ئەسىرىدە ئۆزىدىن نېمىشقا بۇنداق سوئالنى سورايدۇ؟ ئۇ سەۋەبىنى ئىزدەپ: «بىز ئەسىرلەردىن بۇيان ئاپتورلارغا تولىمۇ قىزىقتۇق، ئەمما ئوقۇرمەنلەرگە ئازراقمۇ دىققەت قىلمىدۇق. كۆپ ساندىكى تەنقىد نەزەرىيەلىرىدە ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماسلىق، سىقىلىش، ئۆزىنى چەكلىيەلمەسلىك دېگەندەك ئامىللار بىلەن ئاپتورنىڭ نېمە ئۈچۈن يازىدىغانلىقى كۈچەپ ئىزاھلاندى. . . ئاپتور ئەسەرنىڭ مەڭگۈلۈك خوجايىنى، ئوقۇرمەنلەر نوقۇل ھالدىكى پايدىلىنىدىغانلار دەپ قارالدى. ئېنىقكى بۇ سىستېما بىر ھوقۇق دائىرىسىدىكى تېمىنى يوشۇرغان. ئاپتور مەلۇم ئوقۇرمەننىڭ ئۈستىدىكى ھوقۇققا ئىگە، ئۇ ئوقۇرمەنگە ئەسەرنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم ئالاھىدە مەنانى زورلاپ قوبۇل قىلدۇرىدۇ. . . » دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇش ۋە ئوقۇشقا دىققەت قىلىشى ئارقىلىق بىر خىل ئوقۇش نەزەرىيەسىنى (阅读理论) ئويغاتماقچى بولدى.

ئوقۇرمەن تەتقىقاتى ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئۇزۇن مەزگىلدىن بېرى مەۋجۇت بولغان بىر تېما. بۇ نەزەرىيە قوبۇل قىلىنىپ ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئوقۇرمەننىڭ تېكىست شەرھىيسىدىكى مۇھىم مەنانى قوبۇل قىلىشنى تەكىتلىدى، ئوقۇرمەننىڭ ئارزۇسى يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدە ئوينايدىغان تۈرتكىلىك رولى يېڭى تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، بىر- بىرلەپ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. شۇڭلاشقا ئوقۇرمەن نەزەرىيەسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا، ھەر قانداق بىر يازغۇچىنىڭ كاللىسىدا بىر يوشۇرۇن ئوقۇرمەن توپى بار دېيىشكە ھەقلىقمىز. يازغۇچىنىڭ قەلبىدىمۇ ئوقۇرمەنگە

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 3- ئاينىڭ 6-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: گۈلنار ئۇبۇل(1966-يىلى1-ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، دوكتور. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

نىسبەتەن ئۈمىد بولىدۇ، بۇ بىر قىياسى ئوقۇرمەن، دىيالوگلاشقۇچى ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتى بىلەن بىز يەنە ئۇنى «غايىۋى ئوقۇرمەن»( 理想读者 ) دەپمۇ ئاتايمىز. ئوقۇرمەن ئوقۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولۇش سۈپىتىدە ئوقۇرمەن نەزەرىيەسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەتقىقات ئوبيېكتى. ئەمەلىيەتتە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ھەمىشە يەنە بۇ تەتقىقاتنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئوقۇرمەن نەزەرىيەسىنىڭ بىناسىنى قۇرۇش ئۈچۈن تەنقىدچىلەر ھەر خىل ئۇقۇملارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كۆڭلىدىكى مۇلاھىزە قىلىۋاتقان ئوقۇرمەن ئوبرازىنى چەكلەيدۇ.

فىش (Stanley Fish, 1936—) «بىلىملىك ئوقۇرمەن» (有知识的读者) دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى. روللان بارتنىغا ئوخشاش فىشمۇ «كىتاب ئوقۇش بىر خىل پائالىيەت، سىز قىلىۋاتقان بىر تۈرلۈك ئىش» دەپ تەكىتلىدى. ئۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ تەھلىلى تەتقىقاتىدا ئوقۇرمەننى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ياكى ئوقۇرمەنگە سەل قارىغانلىقىنى ھېس قىلىپ مۇشۇنداق تەكىتلىگەن. ئۇ «ئوقۇرمەن كىم؟» ئېنىقكى، مېنىڭ تەھلىل ئۇسۇلۇمدا ئوقۇرمەن مۇنداق بىر خىل تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم، يەنى بىر غايىۋى ياكى غايىۋىلەشكەن ئوقۇرمەن. . . بۇنداق ئوقۇرمەن بىلىملىك ئوقۇرمەندۇر. ئۇلار تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. بىرىنچى، ئەسەرنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، سېمانتىكا بىلىملىرىنى، جۈملىدىن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ماسلىشىش ئېھتىماللىقى، ئىدىيوم، كەسپىي سۆزلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دىيالېكتىك كەسپىي سۆزلەر... قاتارلىق بىلىملەرنى تولۇق ئىگىلىشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئەدەبىي تالانت بولۇشى زۆرۈر، يەنى بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئەدەبىيات ئېيتىمىنىڭ (话语) ئالاھىدىلىكىنى جۈملىدىن يەرلىك ئالاھىدىلىكى قويۇق بولغان ماھارەتلەرنى (ئوخشىتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر) بىلىشى، شۇنداقلا ئۇسلۇبلارنى خاسلاشتۇرۇش داۋامىدا مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك». فىشنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ بۇ ئوقۇرمەنلىرى ياكى ئابستراكت ئەمەس ۋە ياكى رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇتمۇ ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئارىلاشما ئوقۇرمەندۇر. بۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەنقىدچى سۈپىتىدىكى ئوقۇرمەندۇر.

بارتنىڭ ئوقۇرمەننى تۈرلەرگە بۆلۈشى ۋە تەبىرىنى فىشنىڭ غايىۋى ئوقۇرمەن قارىشىغا نىسبەتەن بىر ياخشى چۈشەنچە دېيىشكە بولىدۇ. بارتى ئىستېمالچى ئوقۇرمەن (消费性读者) ۋە ئىجادكار ئوقۇرمەن (生产性读者) دېگەن ئىككى خىل ئوقۇرمەن ئوبرازىنى ئايرىپ چىقتى. ئىستېمالچى ئوقۇرمەن ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا پۈتۈنلەي تېكىستنىڭ يېتەكلىشىگە تايىنىدۇ، تېكىست تەمىنلىگەن بىرخىل مەنىنىلا چۈشىنىدۇ، پاسسىپ قوبۇل قىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئىستېمالچى ئوقۇرمەننىڭ ئەسەر ئوقۇشتىكى مەقسىتى غىدىقلىنىش ۋە خۇشاللىق قوغلىشىش ياكى ھاياتلىقنىڭ مەلۇم تەجرىبىسىگە ئېرىشىش. ئۇنىڭ بارلىق ئىرىشچانلىقلىرى ئادەتتە پەقەت «مېنىڭچە بۇ كىتاب يامان ئەمەسكەن» ياكى «مەن ھەرگىزمۇ بۇنداق ئويلىمىغان» دېگەن باھادىنلا ئىبارەت خالاس. ئىجادكار ئوقۇرمەن كۈچلۈك بولغان ئىشتىراك ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، تېكىستتىكى ئېنىق بولغان چۈشىنىشچانلىقنى رەت قىلىدۇ. ئۇ تېكىستنى چۈشەنگىلى بولىدىغان ماتېرىيال دەپ قاراپ، ئۆزىنى ئوقۇش جەريانىدا تېكىستنىڭ كۆپ خىل مەنىسىنى بايان قىلىدىغان باشقا بىر ئىشلەپچىقارغۇچى قىلىدۇ.

كۇللېر «قۇرۇلما شېئىرىيەت ئىلمى»دە «غايىۋى ئوقۇرمەن» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە دائىرە بەلگىلىگەن. غايىۋى ئوقۇرمەن بىر خىل نەزەرىيەۋى قۇرۇلما بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى بۇ قوبۇل قىلىشچان مەركىزىي ئۇقۇمنىڭ مۇجەسسىمى دەپ قاراش كېرەك. بۇ دائىرە بەلگىلەش غايىۋى ئوقۇرمەننىڭ ئابستراكتلىق ۋە قوبۇل قىلىشچانلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بىرىنچىدىن غايىۋى ئوقۇرمەن بىر خىل نەزەرىيەۋى قۇرۇلما بولۇپ، تېكىستنى شەرھلەيدىغان ئوقۇش قائىدىسىگە ئىگە دەپ قىياس قىلىنىدۇ (ئىقتىدارلىق ئوقۇرمەن)، بۇ بىر يۈرۈش قائىدىگە ئاساسلانغاندا ئاندىن تېكىست قۇرۇلمىسى ۋە ئەھمىيىتىنى

چۈشىنىمىز. بۇ قائىدە شەخسلەر پەرقىدە مۇستەقىل بولغان بىر خىل قۇرۇلما. بۇ ھەم ئابستراكتلىق نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى؛ ئىككىنچىدىن، غايىۋى ئوقۇرمەن قوبۇل قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېكىست قۇرۇلمىسىنى قۇرغۇچى ئوقۇرمەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسەر ئوقۇغاندا، ئوقۇرمەننىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا ئەسەر قائىدىسىنى ۋە ئېيتىمىنى چۈشىنىدىغان ئىقتىدار ھازىرلانغان، مانا بۇ غايىۋى ئوقۇرمەننىڭ ئوقۇش ئىقتىدارى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇش جەريانىدا غايىۋى ئوقۇرمەن پەقەتلا ئېيتىمدىن ياكى ئاددىي ھالدىكى بايانىدىن تەركىب تاپقان توقۇلما ھېكايىنى ئاڭلاش بىلەنلا قانائەتلەنمەيدۇ. ئۇ يەنە بارتى كۆتكەن ئىشلەپچىقىرىشچان ئوقۇرمەننىڭ مەلۇم ئامىلىنى ھازىرلىغان بولۇپ، ئوقۇش جەريانىدا يېڭى ئېيتىمنى ياسايدۇ.

ئەھمەد زىيائى (1913-1989) 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى داڭلىق شائىر. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى، بۈگۈنكى ۋە يېڭى دەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا شاھىد بولالايدۇ. ئۇنىڭ مول شېئىرىيەت ئۇتۇقلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيەت مۇنبىرىنىڭ شۆھرىتىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ مول تىل ئاساسى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتقا كامىللىقى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. ئەمما ئەھمەد زىيائىنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنمىغانلىقتىن جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئەدىبنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ.

ئەرەب-پارس داستانچىلىقىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانلىرى «ھېكايىدە ھېكايە سۆزلەش»تەك مۇقىم بايان شەكلىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا داستان تەتقىقاتى مۇشۇ خىل رامكا ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئوقۇرمەن نۇقتىسىدىن تۇرۇپ قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش ناھايىتى ئاز بولدى. ئەھمەد زىيائىينىڭ 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا يازغان «رابىيە- سەئىدىن» داستانىدا ئۇيغۇر داستانچىلىقىدىكى «ھېكايىدە ھېكايە سۆزلەش» تەك ئەنئەنىۋى بايان شەكلى ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا «ئوخشىمىغان ئادەم ئوخشىمىغان ھېكايە سۆزلەش»تىن ئىبارەت كۆپ ئاۋازلار بىرىككەن خورغا ئايلانغان بولۇپ، ئەنئەنىۋى داستان تېكىستى ئەرەب-پارس ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشلا بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە تېخىمۇ مول مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە 20- ئەسىر دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، شۇنداقلا ئوچۇق، ئىستېرېئولۇق دىيالوگ شەكلىدىكى تېكىستكە ئايلانغان.

ئۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يازغۇچى مەقسەتلىك ھالدا ئوقۇرمەنگە ئۆزىنىڭمۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. شۇنداقلا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىغا ئوقۇرمەننىڭ تېكىستكە قاتنىشىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ دەل رولان بارتى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلەپچىقارغۇچى ئوقۇرمەننىڭ ئۇيغۇر داستانلىرىدىكى چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر. بۇ يازغۇچىنىڭ ئۇيغۇر داستانچىلىقىدىكى يېڭىلىقى بولۇپ، 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە يېڭىلىق ياراتقانلىقىنىڭ نامايەندىسى. بۇ داستاندا ھەمىشە بىر سەگەك ئوقۇرمەن ئوبرازى بار، شۇنداقلا يازغۇچى ئۆزى بايان داۋامىدا ھەر قاچان ئەسەرگە كىرىدۇ ھەم ئوقۇرمەن بىلەن دىيالوگلىشىدۇ ياكى ئوقۇرمەنگە ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە دىققەت قىلىشنى ۋە ئەسىرىنى چۈشىنىشنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. گەرچە بۇنىڭ ھەممىسى تېكىستتىكى ئوبراز بولسىمۇ، بايان ئېيتىم ماھارىتىگە تەئەللۇق. ئەمما بىز يەنىلا ئۇنى ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى ئوقۇش شەكلىنىڭ مۇلاھىزىسى ۋە ئەسەردىكى يورەكلىك بىلەن ئېلىپ بارغان سىنىقى دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.

ئەھمەد زىيائىينىڭ 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئۇيغۇر داستانلىرى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسى كۆپىنچە تەتقىقاتچى ئوقۇرمەن نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجادىي ئىدىيەسى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ غايىۋى ئوقۇرمەنگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



بولغان ئۇمىدى ئۇستىگە قۇرۇلغان. ئۇ ئەنئەنىۋى داستاندىكى باغلانما بايان شەكلىنى بۆسۈپ تاشلاپ، بايانچى سالاھىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، ئوقۇرمەننى جەلپ قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل مەنىنى قېزىپ چىقىپ داستاندىن ئىبارەت بۇ قەدىمى ژانىرغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى.

ماقالىمىزدە غايىۋى ئوقۇرمەن نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن «رابىيە ـ سەئدىن» داستانى توۋەندىكى ئىككى قاتلام بويىچە تەتقىق قىلىنىلىدۇ. بىرى، تېكىستتىكى ئوقۇرمەنگە قويۇلغان ئېنىق تەلەپ؛ يەنە بىرى، نەزەرىيە نۇقتىسىدىن غايىۋى ئوقۇرمەننىڭ ئۇيغۇر داستان تەتقىقاتىدىكى ئەھمىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىش.

مۇھەببەت داستانى «رابىيە ـ سەئدىن»گە يازغۇچىنىڭ ئۆمۈرلۈك قان تەرى سىڭگەن بولۇپ، ئەھمەد زىيائى بۇ ئەسىرىنى «تەپەككۇر دېڭىزى» دەپ ئاتىغان. ئەھمەد زىيائى ئوقۇرمەننىڭ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ھېس قىلىشىنى شۇنداقلا ئۇنىڭدىن مەلۇم تەسىراتقا ئىگە بولۇشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلغان. ئۇ ئەگەر ئوقۇرمەن داستاندىكى مۇھەببەت ھېكايىسىغىلا دىققەت قىلسا، ئەسەرنى ھەقىقىي چۈشەنمەيدىغانلىقىنى نەچچە قېتىم تىلغا ئالغان، شۇڭا دائىم ئوقۇرمەننىڭ ئەسەرگە چوڭقۇرلاپ كىرىشىنى، پېرسوناژلارنىڭ مەنىسىنى ۋە يازغۇچىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىشىنى تەلەپ قىلغان. ئەسەر ئوقۇرمەننىڭ چۈشىنىشىنى، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىكى جەۋھەرلەرنى ئايرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇ داستاننى ئوقۇغاندا ئۇنىڭدىن بىر قانچە تەرەپتىكى بىلىمگە ئېرىشىش زۆرۈر. تۆۋەندىكى مىسرالار دەل يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

تەلەپ قىلىدۇ پىكىر ئوبدان چۈشەنمەك،
جاۋاھىرلارنى ئايرىپ ياخشى بىلمەك.
شۇڭا، بۇ داستاننى ئوقۇغاندا،
گۈلىستاننى كېزىپ گۈل تاللىغاندا.
بولۇپ قالمايلا ئىشق ئەسرارىغا بەند،
ئېلىش لازىم ئۇنىڭدىن بىر نەچچە پەند.
بىرىنچى، ئىشق نېمەدۇر؟ ئۇنى بىلمەك،
ھەقىقىي سىر ۋە ئەسرارىن چۈشەنمەك؛
ئىككىنچى، ئىشق ئىرۇر پاكىزە گەۋھەر،
ئېرىغدۇر ئۇ، ئېرىغ بولماقنى ئىستەر.
ئۈچىنچىسى، ئاتا ـ ئانىمۇ بەرسە گەر پەند،
ئۇنى ئاڭلاش كېرەك ھەر چاغدا پەرزەنت.
تۆتىنچىسى، ئاتا ـ ئانىمۇ بىلسۇن،
بالىسىنىڭ ئارزۇسىنى چۈشەنسۇن.

«رابىيە ـ سەئدىن» 426 ـ ، 427 ـ بەت.

داستاندا ھەمىشە بايانچى «مەن» بىلەن «ئوقۇرمەن»نىڭ دىيالوگى ئۇچرايدۇ. بۇ خىل دىيالوگ گەرچە تېكىستتىلا بولغان بولۇپ، يازغۇچىنىڭ ئۆزى بىلەن ئوقۇش ئوبيېكتى ئارىسىدا ئەمەلىي يۈز بەرگەن دىيالوگ بولماستىن بەلكى بايانىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بولغان دىيالوگ بولغاچقا، بايانشۇناسلىق تەتقىقاتى دائىرىسىگە تەۋە. ئەمما بىز ئاللىبۇرۇن مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەردە («ئۇيغۇر داستانلىرىدىكى بايانشۇناسلىق»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009 ـ يىل 3 ـ سان) بايانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن «رابىيە ـ سەئدىن» نىڭ بايانچى سالاھىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئاپتورنىڭ توقۇپ چىقارغان بىر قانچە بايان قوبۇللىغۇچىسىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، قەلەم، خىيال، ساقى، تۇمەن دەرياسى قاتارلىقلار. بىرىنچى شەخس بايانچى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان «مەن»نىڭ ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتى ئارقىلىق شۇ ۋاقىت، شۇ دەقىقىلەردە يۈز بەرگەن ئىشقا بولغان پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىگەن. ھەر بىر ئىجادىيەتچىنىڭ كۆڭلىدە ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىنغان ئوقۇرمەن بار بولۇپ، بۇ ئوقۇرمەن مەقسەتسىز، نىشانسىز يارىتىلغان ئەمەس. يازغۇچىنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ خىيالىي ئوقۇرمەننى بىز يوشۇرۇن ئوقۇرمەن (潜在读者) دەپ ئاتايمىز. بۇ دەل فىش، بارتى قاتارلىقلار تەكىتلىگەن «ئىشلەپچىقىرىشچان ئوقۇرمەن» يەنى يازغۇچى زارىققان ئوقۇرمەن تىپىدۇر.

ئاپتور داستاندا يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك بايان قوبۇللىغۇچىلىرىنى توقۇپ ئوتتۇرىغا چىقارغاندىن باشقا يەنە «ئوقۇرمەن» ئوبرازىنىمۇ ياراتقان. بۇ ئوبرازلار داستاندىكى پاسسىپ ئاڭلىغۇچىلار بىلەن تەڭ ئەمەس، بەلكى ئاپتور بىلەن

باراۋەر ئورۇندا بولۇپ، ھېكايە ۋەقەلىكى تەرەققىياتىنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىدۇ. شۇڭلاشقا داستاندا مۇنداق مىسرالار ئۇچرايدۇ.

ئېسىدە بەلكى باردۇر قىسسەخانىنىڭ،
يۇقىرىقى بابىدا بۇ داستانىنىڭ.
دەرەخلىققە كىرىپ كەتكەن ئىككى ياش،
ئىشنى ئۇشبۇ بابتا قىلىمىز پاش.

«رابىيە- سەئدىن»، 187-بەت

مەگەر باردۇر ئوقۇغۇچىلار ئېسىدە،
ئوقۇماقچىدى سەئدىن مەدرىسىدە.
بۇنىڭدىن بەك سۆيۈنۈپ كەتكەن سەئدىن،
تارالغان بۇ خەۋەر دوستلارغا تېزدىن.

«رابىيە- سەئدىن»، 64-بەت

يېزىلغان تۇرسا بۇ، ئىشقىي ھېكايە،
نە يەردە بار مۇشۇنداق ئالىي غايە؟!.
شۇڭا ئۇ نۇقتىلار تەھلىلىنى ئىستەر،
ئەقىل ئىزاھى ئۈستىدە، شۇنى دەر.

«رابىيە- سەئدىن» 427-428-بەت

ئاپتور شېئىر ئوقۇش پەقەت مۇنداقلا بىر خىل ئوقۇش پائالىيىتى ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر پائالىيىتى دەپ قاراپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز ئەقىل- پاراسىتىگە تايىنىپ داستاندىكى پىكىرلەرنى بايقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەھمەد زىيائى ئەگەر ئوقۇرمەن داستاندىكى مۇھەببەت ھېكايىسىنىلا ئوقۇسا، بۇنىڭ ئانچە ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق دەپ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەسەر بەئەينى بىر تەپەككۇر دېڭىزىغا ئوخشايدىغان بولغاچقا زېھنىنى قويۇپ چۈشىنىشكە ۋە ئايرىشقا مۇھتاج. بەلكىم بەزىلەر مۇز تاغنىڭ سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىققان بۆلۈكىنى كۆرەلىسە يەنە بەزىلەر دېڭىز ئاستىغا يوشۇرۇنغان مۇز تاغنى كۆرەلەيدۇ. مانا بۇ ئوقۇرمەنگە قويۇلغان تەلەپ، ئۈمىد. بولۇپمۇ ئوقۇرمەننىڭ ئەسەرنى ئىجادچانلىق بىلەن ئوقۇپ، ئەسەردىكى مۇھەببەت ھېكايىسىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مەنىلەرنى چۈشىنىپ، ئەسەرگە قارىتا قايتا تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەھمەد زىيائى 19- ئەسىردە ئۆتكەن شائىر ئا. نىزارىنىڭ «رابىيە- سەئدىن» داستانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك زېھنىنى سەرپ قىلىپ، نىزارىنىڭ تەپەككۇر ۋە تىلىدىكى سېھرىي كۈچنى ھېس قىلىپ، بۇ مۇھەببەت ھېكايىسى قانات يايغان بوشلۇقنى بايقايدۇ-دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پىكرى ۋە ھېسسىياتىنى قوشۇپ يەنە بىر يېڭى داستاننى يېزىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئوقۇرمەننىڭ ئۆز داستانىدىكى بوشلۇقنى، زىددىيەتنى ياكى مۇۋەپپەقىيەتلىك جايلىرىنى بايقاپ، بۇ تەرەپلەرگە قارىتا يېڭىچە ئىزاھ بېرىپ، ئۆزگەرتىپ، تولدۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئىپادىلەشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاپتور 50 – بابتىكى «تۈگەنچە»دە مۇنداق يازىدۇ.

نەپىس سەنئەت بىلەن باغلاندى دەستە،
تاماشاسىغا دىل، مەپتۇن ھەۋەستە.
كىشى قىلسا ئەگەر گۈللۈكنى سەيرى،
گۈزەل گۈل تۇرسا ياشناپ غەيرى-غەيرى.
ئەمەس مۇمكىن كىشى بىبەھرە يانماق،
ئەگەردە بولمىسا ئۇ، تاش ۋە توقماق.
بۇرۇن ئەلۋەتتە بىر ھىد-ھىدلار ئاندىن،
كۆزى بىر رەڭنى خاھلار شۇنچە رەڭدىن.

«رابىيە- سەئدىن» 425-426- بەت.

بۇ يەرمۇ ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي ھوزۇرلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى تونۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي ھوزۇرلىنىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر خىل يۇقىرى دەرىجىدىكى ئېستېتىك پائالىيەت، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قوش يۆنىلىشلىك بولىدۇ، شۇنداقلا ئەدەبىي ئەسەردە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي ھوزۇرلىنىش بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاپتور ئەسەرنى «قەلب گۈلزارلىقى» دەپ ئاتاپ، بۇ گۈلزارلىققا كەلگەنلەر ئوزۇق قوبۇل قىلالايدۇ دېيدۇ. ئاپتور ھەمىشە ئوقۇرمەنگە تەلەپ قويىدۇ. ئوقۇرمەندىن ئەسەر ئىچىدىن خۇشاللىققا ئېرىشىشنى، يۇقىرى ئۆرلەشنى، ئاپتورنىڭ ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا دىققەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئەھمەد زىيائىي «خىيال ئالدىدىكى ئىككى دۇنيا» دېگەن بىرىنچى بابتا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجادچانلىقنىڭ جارى قىلىنىشىنى، قەدىمكى رىۋايەت ۋە ھېكايىلەرگە يېڭى

www.uyghurkitap.com



مەزمۇن ئاتا قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق بۇنىڭدىن خەلق قەلبىدىكى يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى تەرىپلىشى ۋە ئوقۇشىنى بۇ داستاننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى تۈپكى سەۋەب دەپ قارايدۇ.

بۇلار يوق، بولمىغاي يوق داستانى،
چىقار دەرتمەن، يازار تارىخقا ئانى.
مانا، پەرھاد ـ شىرىن، لەيلى ـ مەجنۇن،
ئۇڭا بەرگەچ ئەدىبلەر يېڭى مەزمۇن.
ئۆتۈلگەن بولسىمۇ نۇرغۇن زامانلار،
ئۇنتۇماپتۇ بۇلارنى قىسسەخانلار.

«رابىيە ـ سەئىدىن» 6 ـ بەت.

داستاندىكى مۇنداق بىر ۋەقەلىك ئاپتورنىڭ ئوقۇرمەنگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە تەكىتلىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەئىدىننىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئازاب ـ ھەسرەتلىرىگە چىدىماي رابىيەنى ئۇنتۇپ كېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەئىدىن رابىيەگە بولغان ھېسسىياتىنى ئاتىسىغا چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ھېكايىسىنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىدۇ ھەم:

«لەيلىنى كۆرەر بولساڭ، مەجنۇننىڭ كۆزى بولغىن، لەيلىنى سۆيەر بولساڭ، مەجنۇننىڭ ئۆزى بولغىن.» دېگەن مىسرالارنى سۆزىگە قوشۇپ قويىدۇ. ئەھمەد زىيائىيمۇ ئەسەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان گۈزەللىكنى بىلىشتە گۈزەللىكنى بايقىيالىغۇدەك ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار مەسىلەن: چۈشىنىش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى، ئېستېتىك ئىقتىدارى قاتارلىقلار بولۇشى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئوقۇرمەن نەزەرىيەسىدە غايىۋى ئوقۇرمەنگە قويۇلغان تەلەپ.

ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەنئەنىۋى داستانچىلىقتىكى ئىجادىيلىقى ئوقۇرمەنگە دىققەت قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا ئوقۇرمەننى ئەسەرگە كىرگۈزۈش جەھەتتە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى داستان ئىجادىيىتىدە مۇقىم شەكىل ۋە ئەنئەنە بولغاچقا ئاپتور ۋە تەتقىقاتچىلار ئوقۇرمەن ئامىلىنى ئاساسەن دېگۈدەك نەزەرگە ئالمىغان ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئوقۇرمەنمۇ مۇقىم ئوقۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، پەقەت پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچى ۋە ھوزۇرلانغۇچى دەپ قارالغانىدى. 15 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شېئىرىيەت پىرى ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلار يازغان داستانلار نوقۇللا مۇھەببەت داستانى دەپ چۈشەندۈرۈلگەن ئىدى. ئەمما ئەھمەد زىيائى ئەنئەنە ئۆزۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ، ئۇ ھەم تەرەققىياتقا مۇھتاج دەپ قارىغان. دېمىسىمۇ ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسىنى 20 ـ ئەسىردە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم ئوقۇرمەننىڭ بۇرۇنقى ئوقۇش ئادىتىنى بۇزۇشتىن قول سېلىپ، بىر خىل يېڭى مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ئوقۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، يېڭى ئوقۇش شەكلى يارىتىپ، تېخىمۇ كەڭ ئوقۇش بوشلۇقى شەكىللەندۈرۈش، ئوقۇرمەننى ئاكتىپلىق بىلەن يېڭى داستان ئوقۇش مۇھىتىغا باشلاپ كىرىپ، يېڭىدىن بۇ قەدىمكى ژانىرنى تونۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر.

ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىدىكى داڭلىق ئالىم ئەھمەد زىيائى ئوقۇرمەننىڭ ئوقۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ۋە ئىشتىراك دەرىجىسى ئوقۇرمەننىڭ ئېسىل ئەسەرلەرنى تاللاپ چىقالىشىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. ئۇ ئا. نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى تەتقىق قىلغاندا ئاللىبۇرۇن مۇستەقىل قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ بۇ داستاننىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى بىرىنچىدىن، يازغۇچى جۇڭگولۇق ئۇيغۇر شائىر، ئۇ ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەت ۋەقەسىنى تېما قىلىپ يازغان. ئىككىنچىدىن، ئەسەردىكى باش پېرسوناژ ئۇيغۇر. شۇڭا بۇ ئىككى نۇقتا ئا. نىزارى ۋە ئەسەرلىرىنى بىلىشىمىزدىكى ھالقا دەپ قارايدۇ. بۇ ئوقۇرمەن ھېسابلىنىدىغان ئەھمەد زىيائىينىڭ تەتقىقات قارىشى. ئەمما ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئەھمەد زىيائىينىڭ ئوقۇرمەن تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ مىللىيلىشىشىنى، 20 ـ ئەسىردىكى ئىجادىي ئەمەلىيىتىنى تەكىتلىگەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى.

نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىنىڭ ئا. نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى

چۈشەندۈرۈشى تا بۇگۈنگىچە ئەنئەنىۋى رامكىدىن چىقالمىدى. بىز ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىيە- سەئىدىن»نى يېزىشتىكى مۇددىئاسىنى بىلىشتە ئۇنىڭ 40 يىل ئاۋۋالقى ئەسكەرتمىسىنى يەنى ئا. نىزارىنىڭ «رابىيە- سەئىدىن»دىن كېيىن ئۇيغۇر داستانچىلىقى بىر يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، داستانىمىزدىكى ئەنئەنىۋى، يەككە تەتقىقات ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلدى، دېگەننى داۋاملاشتۇرۇشمۇ-ئەمەسمۇ دېگەننى ئويلىشىمىز بىھاجەت. ئەمما ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىسى بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن بىز ئۇ يازغان ئەسەرنىڭ كۆپ خىل ئىچكى مەسىلىلىرىنىڭ بىزگە قويغان تەلىپىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر تەتقىقاتچى ئوقۇرمەن بىر ئادەتتىكى ئىستېمالچى ئوقۇرمەن بولۇپ، ئەسەرنى ئىجادىي چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى بايقىمىغان بولسا ئۇنداقتا ئاپتور ئۆزى ۋەكالىتەن چۈشەندۈرىدۇ. ئەھمەد زىيائىي «رابىيە- سەئىدىن» دە بىر قانچە قېتىم ئوقۇرمەننى چاقىرىدۇ. ئوقۇرمەننىڭ ئەسەردىن كۆپ خىل مەنىلەرنى بايقىشىنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئاپتورنىڭ ئىجادىيلىقىنىڭ مەقسەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇمۇ نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئۇسۇلى ئېلىپ كەلگەن ئارىسالدىلىق.

ئوقۇرمەن نەزەرىيەسىنى ئۇيغۇر داستان تەتقىقاتىغا ئېلىپ كىرىش دەل بۇ جەھەتتىكى بىر ئاكتىپ ئۇرۇنۇش. مەقسىتىمىز بۇنىدىن كېيىن مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ داستان تەتقىقاتى ئۈستىدە يەنە ئويلىنىپ، ئۇيغۇر داستان تەتقىقاتىدىكى ئەسلىدىكى يېپىق تەتقىقات شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى جۇڭگو ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى ئېيتىم بوشلۇقىغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

## پايدىلانمىلار


1. ئەھمەد زىيائى: «تۇزىماس چېچەكلەر»، (ماقالىلەر توپلىمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى.
2. ئەھمەد زىيائى: «رابىيە-سەئىدىن»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985- يىلى نەشرى.
3. كېرىمجان ئابدۇرېھىم، ھەبىبۇللا ئابدۇسالام : «ئەھمەد زىيائى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001- يىلى نەشرى.
4. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئەھمەد زىيائى ۋە نىزارى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 1993- يىلى نەشرى.
5. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئەھمەد زىيائىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998يىلى 6- سان.
6. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئەھمەد زىيائىينىڭ‹ رابىيە-سەئىدىن› داستانى تەتقىقاتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998-يىلى 1- سان.
7. ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن: «ئىككى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ رىشتىسى- ئەھمەد زىيائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى.
8. خۇ چۈەنشىڭ: «ئەنگلىيە، ئامېرىكا پوستمودېرنىزم پىروزىچىلىقى»، شاڭخەي، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى.
9. «بايانشۇناسلىق نەزەرىيەسى ۋە ئېستېتىكا مەدەنىيىتى»، بېيجىڭ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى.
10. خۇ يامىن: «بايانشۇناسلىق»، ۋۇخەن، ئوتتۇرا جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998- يىلى نەشرى.
11. پاۋلىن روزېنوۋ (ئامېرىكا): «پوستمودېرنىزم ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر»، جاڭ گوچىڭ تەرجىمىسى، شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلىرى نەشرىياتى، 1998- يىلى نەشرى.
12. روللان بارتى (فىرانسىيە): «S / Z»، تۇ يوۋشياڭ تەرجىمىسى، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com

33 ـ يىللىق 3 ـ سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 33 卷第 3 期
2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2012 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 5 ـ 110 ـ 03(2012) ـ 5878 ـ 1005

# «مەجالىسۇن نەفائىس»ۋە ئەدەبىي تەخەللۇسشۇناسلىق*

ئەكبەر قادىر

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، بېيجىڭ. 100081)

قىسقىچە مەزمۇنى : مەزكۇر ماقالىدە نەۋائىينىڭ«مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىشقا مۇناسىۋەتلىك بايانلار مۇھاكىمە قىلىنىپ، نەۋائىينىڭ تەخەللۇسشۇناسلىق ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. نەۋائىينىڭ تەخەللۇس قوللىنىشقا قويغان ئۆلچىمىنىڭ ئىلغار ئەھمىيىتى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

**摘要:** 本论文那瓦依作品《群英盛会》里由笔名有关的片断选用进行讨论，指出那瓦依在维吾尔文学笔名学的发展做出的贡献，同时，分几个方面分析那瓦依笔名学观点的内涵及意义。

**Abstract:** This paper discusses pseudonyms which are selected from Elshir Nawai's masterpiece — the "Gathering of Masters" and points out the significance of his contributions to Uyghur literature. Meanwhile, analyze the importance of Elshir Nawai's views towards pseudonymity from several aspects.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا يازغۇچى- شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشقا ئۇلار قوللانغان ئەدەبىي تەخەللۇسلارمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تەخەللۇس قوللىنىش گەرچە ھەممىلا ئەدىب ئۈچۈن شەرت بولمىسىمۇ، ئەمما ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا ياخشى ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەنئەنە نۆۋەتتە ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشتا، شۇنىڭدەك ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيەلىرىدىن ئۆگىنىشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

ئەدەبىي تەخەللۇس قوللانغانلىق كۆپ ھاللاردا بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە رەسمىي كىرىشىپ، ئەدەبىي تالانتىنى رەسمىي جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي تەخەللۇس قوللانغان ئەدىبلەرنىڭ كۆپ بولۇشى شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ، شۇڭا تەخەللۇس قوللىنىشنى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئىقتىدارى ھەم ئورنىنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بىزگە ئايانكى، تەخەللۇس قوللىنىش ھەربىر ئەدىبنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، ئەمما ئۆزىگە قانداق تەخەللۇس قوللىنىش پۈتۈنلەي ئەدىبنىڭ ئىختىيارىغا بېقىپمۇ كەتمەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس»ناملىق ئەسىرىدە بىر قاتار ئىلمىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن، شۇنداقلا ئۇ ئەسىرىدە مىسال كەلتۈرگەن تەخەللۇسلار ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ بەرگەن.

نەۋائىينىڭ قارىشىچە، ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىش ئالدى بىلەن بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت ئېگىسى، ئەدىب ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ تەلىپىنى ھەم ئېھتىياجىنى، ئەدىبتە شەكىللەنگەن دۇنيا قاراشنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. ئەدىبلەر تەخەللۇس قوللانغاندا چوقۇم مۇشۇ خىل شەرتلەرنى

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 6- ئاينىڭ 10-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئەكبەر قادىر(1965 -يىلى 4- ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتشۇناسلىقى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيلىشىشى ھەم ئۇنىڭ تەسىرىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

دېمەك، ئەدەبىي تەخەللۇسنىڭ مۇھىملىقى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەخەللۇس قوللىنىش ئىزچىل داۋاملاشتى.

ئەدەبىيات تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە خەلقئارا ئەدەبىياتشۇناسلىقتا يېڭى بىر تەتقىقات ساھەسى بولغان تەخەللۇس تەتقىقاتى بارلىققا كەلدى. بۇ تەتقىقات ئاساسلىقى ئەدىبلەرنىڭ تەخەللۇسلىرىنى توپلاش، مەنبەسىنى مۇھاكىمە قىلىش، ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلدى. يەنە تەخەللۇس بىلەن ئەدىبلەرنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، تەخەللۇس بىلەن ئەدىبلەرنىڭ ئەسىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، تەخەللۇس بىلەن ئەدىبلەر ياشىغان دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتى، تەخەللۇس بىلەن ئەدىبلەرنىڭ خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. . دېگەندەك تەرەپلەرمۇ تەتقىقات نۇقتىسى بولدى. ھازىر تەخەللۇس تەتقىقاتى بىر قىزىق نۇقتا سۈپىتىدە يەنىمۇ كېڭەيمەكتە ھەم چوڭقۇرلىماقتا. ھەمدە بىر مىللەت ئەدىبلىرى دائىرىسىدىلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ھەرقايسى ئەل ئەدىبلىرى قوللانغان تەخەللۇسلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش نۇۋەتتىكى تەخەللۇس تەتقىقاتىنىڭ يۈزلىنىشى بولماقتا.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەخەللۇس تەتقىقاتىنى ئەلىشىر نەۋائىي دەۋرىدىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. نەۋائىينىڭ 1491-يىلىدىن 1492-يىللىرى ئارىلىقىدا يېزىپ، 1497-1498-يىللىرى ئارىلىقىدا تولۇقلاپ پۈتتۈرگەن ئەسىرى«مەجالىسۇن نەفائىس»نى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەخەللۇس تەتقىقاتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. نەۋائىي بۇ ئەسىرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قەلىمى پىشىپ ۋايىغا يەتكەن، شۇنىڭدەك، ئەدەبىياتقا بولغان ئىلمىي قارىشى، ئىلمىي چۈشەنچىسى مۇكەممەل شەكىللەنگەن باسقۇچتا يازغان. شۇنداق بولغاچقا بۇ ئەسەر نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسشۇناسلىقنى مەركەز قىلغان بىر قاتار ئەدەبىي قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. نەۋائىي بۇ ئەسىرىدە جەمئىي 458نەپەر ئەدىب، ئالىم، مۇتەپەككۇرنى تونۇشتۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىدىن چوڭلارمۇ، ئۆزى بىلەن قۇرداشلارمۇ، ھەم ئۆزىدىن كىچىكلەرمۇ بار. نەۋائىي بۇلارنىڭ ئىچىدىن تېپىك قىلىپ 40قا يېقىن ئەدىب، مۇتەپەككۇرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

نەۋائىي تىلغا ئالغان تەخەللۇسلارنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى، ئەدىب، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان تەخەللۇسلار. يەنە بىرى، باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان تەخەللۇسلار. ئۈچىنچى بىرى، ئۆزگەرتىلگەن تەخەللۇسلار.

نەۋائىي مەيلى قانداق تەخەللۇسنى ئاتاپ كۆرسەتمىسۇن بۇ تەخەللۇسلارنىڭ شۇ ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەم يەنە شۇ ئەدىبنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، دۇنيا قارىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان.

نەۋائىينىڭ تەخەللۇس ھەققىدىكى قاراشلىرىنى مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، نەۋائىي ئەدەبىي تەخەللۇس بىلەن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان مۇناسىۋەت دەپ قارىغان.

تەخەللۇس قوللىنىش ئەدىبلەر ئۈچۈن زور ئەھمىيەتلىك بولغان بىر خىل ئەدەبىي ھادىسە. ئۇنىڭ يازغۇچىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭ. نەۋائىي بىر ئەدىبنىڭ تەخەللۇسىدىن شۇ ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت غايىسىنى، تېما تاللاشتىكى خاسلىقىنى، تىل ئىشلىتىشتىكى ماھارىتىنى ئېگىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. مەسىلەن، «مەجالىسۇن نەفائىس»تا نەۋائىي مەۋلانە ئىسىملىك شائىرنىڭ «زۇلالە» تەخەللۇسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا«زېمىن بۇلاقلىرىدىن نەزمىنىڭ ساپ، زىلال سۇلىرى چىقىپ تۇرغانلىقتىن ئۇنىڭغا «زۇلالى» دەپ تەخەللۇس قويۇلغان دېيدۇ. يەنە بۇ ئەسەردە نەۋائىي مەۋلانە يەھياسىبەك ئىسىملىك ئەدىبنى تىلغا ئالغاندا،

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى، مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ ئىشلەتكەن تەخەللۇسنىمۇ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇنىڭدىن نەۋايىنىڭ تەخەللۇس قوللىنىشقا نىسبەتەن ئادەتتىكىچە پوزىتسىيە بىلەن قارىماي، بەلكى بىر ئىلىم نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. نەۋايى ئۆزىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك خاسلىقى ۋە تىل، مەجازى ۋاسىتىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، «فانى» ۋە «نەۋايى» دېگەن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تەخەللۇسنى قوللانغان. دېمەك، نەۋايىنىڭ تەخەللۇس بىلەن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ بىر-بىرىگە ماس كېلىش قارىشى ئەينى دەۋر ئۇچۇن ئەدىبلەرنى توغرا تەخەللۇس تاللاش، ئۆز تەخەللۇسىغا خاس ئۇسلۇب يارىتىش جەھەتلەردە يېتەكچىلىك رول ئوينىغان.

ئىككىنچى، نەۋايى ئەدىبلەرنىڭ ئۆزىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان تەخەللۇس قوللىنىشىنى تەكىتلىگەن.

نەۋايى دەۋردە ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن، تەخەللۇس قوللىنىش قىزغىنلىقى ئەۋجگە چىققان بىر دەۋر بولغان. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن تەخەللۇس قىزغىنلىقى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ شائىر-يازغۇچىلاردا تەخەللۇس قوللىنىش ئومۇملاشقان ئىدى. بەزىدە ھەتتا، ئەدىبلەرنىڭ ئىسمى ئورنىدا ئۇ قوللانغان تەخەللۇسنى ئاتاش ھادىسىسىمۇ ئەۋج ئالغان ئىدى. لېكىن، مۇشۇنداق پەيتتە، ئەدىبلەرنىڭ سالاھىيىتى، خاراكتېرى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە قوللانغان تەخەللۇسى تازا ماس كەلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىققان. ھەتتا، تەخەللۇس قوللىنىشتا دورامچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلگەن. تەخەللۇسلار بىر-بىرىگە ئوخشاپ قالىدىغان ھادىسىلەرمۇ بولغان. نەۋايى بۇنداق ئەھۋالغا نىسبەتەن قەتئىي پوزىتسىيەدە بولۇپ ئەدىبلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان تەخەللۇسنى تاللىشى لازىملىقىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن «مەجالىسۇن نەفائىس»تا نەۋايى مەۋلانە نەزەرىدىن ئىسىملىك شائىرنى تىلغا ئالىدۇ ۋە « ئۇ «ۋەفائىي» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى، پېقىرنىڭ ئىلتىماسى بىلەن «زەمانى» دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ ئىككى سەۋەبتىن ئىدى. بىرى، ئۇ سۇلتان بەدئۇز زەمان مىرزىنىڭ خىزمىتىدە بولغاچقا «زەمانى» دېگەن تەخەللۇس ئۇنىڭغا ناھايىتى لايىق ئىدى. يەنە بىرى، ئەھمەد جامىبەك «ۋەفائىي» تەخەللۇسىنى قوللىناتتى ۋە شېئىرلىرى مەشھۇرھەم دىۋانىمۇ بار، بۇنداق كىشىگە تەخەللۇس جەھەتتە سەۋەبسىز شېرىك بولماق مۇناسىپ ئىش ئەمەس» دەپ يازىدۇ.

دېمەك، ئەلىشىر نەۋايى تەخەللۇس قوللىنىش گەرچە بىر شائىرغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولسىمۇ، ئەمما قانداق تەخەللۇس قوللىنىش، ئۆزىگە مۇناسىپ تەخەللۇسنى قانداق تاللاش شۇ ئەدىبنىڭ ئەدەبىي ئىستىلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تەخەللۇس قوللىنىشتا دورامچىلىق قىلماسلىق لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

ئۈچىنچى، نەۋايى ئەدىبلەردە ئۆزى قوللانغان تەخەللۇسقا خاس خاراكتېر ھەم پەزىلەت بولۇشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

نەۋايى دەۋردە تەخەللۇس قوللىنىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەدىب-شائىرلاردا ئۆز تەخەللۇسىغا خاس مىجەز-خاراكتېرنى ساقلىيالمايدىغان، ئىجادىيەتتە قازانغان ئۇتۇقلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ، مەنمەنلىك، ھاكاۋۇرلۇق، ماختانچاقلىق قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ سادىر بولغان. بولۇپمۇ ياش ئىجادىيەتچىلەردە بۇنداق ئەھۋال روشەن بولغان. نەۋايى بىر مويسىپىت ئەدىب بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇنداق يولغا كىرىپ قالغان ياش ئەدىبلەرگە تەنبىھ بېرىدۇ. ھەم ئۇلارنى ئۆزلىرى تاللاپ قوللانغان تەخەللۇسلارغا خاس مىجەز بىلەن ئىجادىيەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۆز پەزىلىتىنى بۇزىۋېلىپ، قوللانغان تەخەللۇسىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ھەققىدە سەممىي نەسىھەت قىلىدۇ. مەسىلەن: نەۋايى «مەجالىسۇن نەفائىس»تا بۇ ھەقتە توختىلىپ «مەۋلانە يۈسۈپ«بەدئىي» تەخەللۇس قىلار ئىدى، پېقىردىن ئۆزگە كىشى ئۇنىڭ شېئىرلىرىگە پىكىر بېرەلمەس ئىدى. مەنمەنلىكى جەھەتتىن باشقىلار ئۇنى «يۈسۈپ ماختانچاق»دەرلەر ئىدى. تەخەللۇسىنىڭ بۇنداق

ئۆزگەرگەنلىكىدىن، ئۇ مەيۇسلىنىەر ئىدى» دەپ يازىدۇ.

تۆتىنچى، نەۋايى شائىرلارنى يېڭى، ئاكتىپ ھەم تېرەن مەنىدىكى تەخەللۇسلارنى قوللىنىشقا چاقىرغان.

بىزگە ئايانكى، تەخەللۇس قوللىنىشتا ھەم ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارغا ئەھمىيەت بېرىشكە ھەم ئىجادىي تەخەللۇسلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەدىب ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە پايدىسى بولغان، كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي مۇھىتتىن تېخىمۇ كەڭرى زوق ئېلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان تەخەللۇسلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ«مەجالىسۇن نەفائىس»تا تەخەللۇس ئىجاد قىلىشقا نىسبەتەن بىر قاتار تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. نەۋايىنىڭ قارىشىچە، تەخەللۇسلار زامانغا ماسلاشقان، گۈزەل، لېرىكىلىق بولۇش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى بار بولۇشى كېرەك.

بۇ تەلەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن نەۋايى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتا، تەخەللۇس قوللىنىشتا يېڭى سەۋىيە، يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. ئەدىبلەردە زامانىۋىلىققا يۈزلەنگەن، ئەدەبىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان تەخەللۇسلارنى قوللىنىش دولقۇنى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل تەلەپنىڭ نەۋايىدىن كېيىنكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى تېخىمۇ ئاكتىپ بولدى. نورۇز ئاخۇن زىيائى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، تۇردى نازىم غېرىبىلار شۇنىڭدەك ئابدۇرېھىم نىزارى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، موللابىلال بىننى موللايۈسۈپ نازىملار ئەنە شۇ نەۋايى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاقىرىقنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆز دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تەخەللۇسلارنى بارلىققا كەلتۈردى ھەم قوللاندى.

دېمەك، نەۋايىنىڭ«مەجالىسۇن نەفائىس»تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەخەللۇس ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۆز دەۋرىدىكى ئەدىبلەرگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە نەۋايىدىن كېيىنكى ئەدەبىيات ۋە ئەدىبلەرگىمۇ ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا تەخەللۇسشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى. ئەدىبلىرىمىزنىڭ تەخەللۇس قوللىنىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ئەدىبلەردە ئۆز تەخەللۇسىغا مۇخالىپ ئىش-ھەرىكەتتە بولمايدىغان ئىدىيەنى كۈچەيتتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەخەللۇس تەتقىقاتى 15-ئەسىردىلا باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىنكى 500 يىلدا بۇ تەتقىقات ئۈزۈلۈپ قالدى. تەخەللۇسلارنىڭ تۈزۈلۈشى، تۈرلىرى، ئىجتىمائىي مەنىسى دېگەندەك تەرەپلەردىن ئىزدىنىشلەر بولمىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئارىسىدا تەخەللۇس قوللىنىش ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. بىزنىڭ يېڭى دەۋردە يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن ئەدىبلىرىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەتتە زور نەتىجىلەرنى ياراتتى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى شۇنچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش پوزىتسىيەسى شۇنچە قىزغىن بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس كەچۈرمىشلەرگە ھەم ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىگە ئەدەبىي تەخەللۇس قوللانمىدى. كۆپلىگەن ئەدىبلىرىمىز تەخەللۇسسىز ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.

تەخەللۇس قوللىنىش، ئەنئەنىمىزنىڭ بۇنداق ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى ئەدىبلىرىمىزنىڭ پوزىتسىيەسىدىن ئىزدىگەندىن كۆرە، بىزنىڭ تەخەللۇس تەتقىقاتىمىزنىڭ راۋاجلانمىغانلىقىدىن ئىزدىگەن تۈزۈك. بىز نەۋايى كۆزەتكەن پەللىدە تۇرۇپ تەخەللۇسلارنى كۆزىتەلمىدۇق، نەۋايىنىڭ تەخەللۇس تەتقىقاتىغا ۋارىسلىق قىلالمىدۇق ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرالمىدۇق. بىزنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز كۆپ يىللاردىن بېرى يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ كەلدى. نەۋايىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ قوللانغان تەخەللۇسلىرىغىچە تەتقىق قىلىش ئىشى ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. نەتىجىدە بىز بۈگۈنكى دەۋر ئەدىبلىرىمىزنى تەخەللۇس قوللىنىشنىڭ رولى، ئەھمىيىتى، قىممىتى توغرىسىدا ئەھمىيەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە قىلالمىدۇق. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي

www.uyghurkitap.com



تەخەللۇس قوللىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرەلمىدۇق. نەتىجىدە، يېڭى دەۋر ئەدەبىيلىرىمىزدە تەخەللۇس قوللىنىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك يېشىنكىسى شەكىللىنىپ قالدى. نۆۋەتتە تەخەللۇس قوللىنىش ياش ئەدىبلەردە كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن تەخەللۇسنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى، بەدىئىي ۋە ئىلمىي قىممىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇر بولماسلىقى سەۋەبلىك، تەخەللۇس قوللىنىشتا ئەستايىدىل بولماسلىق، مۇقىم بولماسلىق، ئىلمىيلىكىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى بىلەن مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلماسلىق قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر مەۋجۇت.

ئومۇمەن، «مەجالىسۇن نەفائىس» قا ئوخشاش ئەسەرلەرنىڭ تەخەللۇس تەتقىقاتىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نۆۋەتتە تەخەللۇس قوللىنىشتا كۆرۈلۈۋاتقان يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىش ئىنتايىن مۇھىم.

## پايدىلانمىلار


1. ئابدۇرەئوپ پولات : « ئۇيغۇر تىلى لىكسىكولوگىيەسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.
2. ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن نەفائىس» (ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئابدۇمىجىت قۇربان قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 5 ـ 115 ـ 03(2012) 5878 ـ 1005

# نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرى*

ئايگۈل ئابدۇرېھىم

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، يەنى ۋاپاتىدىن بىر يىل بۇرۇن يازغان «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە پۈتكۈل ھاياتىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ، ئىجتىمائىي-سىياسىي قاراشلىرىنىڭ، ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىنىڭ، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ جەۋھىرىنى يەكۈنلىگەن. گەرچە بۇ ئەسەرنى خاس ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر ئەسەر دەپ قارىمىساقمۇ، ئەمما ئەسەردە نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەنقىدكە بولغان قاراشلىرى خېلى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان. مەزكۇر ماقالىدە نەۋائىينىڭ بۇ ئەسەردىكى ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**: 《情之所钟》这是伟大诗人纳瓦依在晚年(1500 年)写的．他总结了从青年到晚年整个人生过程的经验，也是他的政治观点、道德观念、哲学思想的结晶．虽然《情之所钟》作品不会属于专门文学批评类的作品， 但其作品中充分阐述了纳瓦依对文学批评的观念。该文章中简要的阐明了《情之所钟》的作者纳瓦依的文学批评观念。

**Abstract**: The "Mahbubul Kulub" is written by famous Uyghur poet Elshir Nawai during his old age (B. C 1500). In this work, he summarized his own life experiences from youth to agedness and it is also known as an epitome of his political views, moral sense and philosophical thoughts. Although the "Mahbubul Kulub" is hardly called a real work of literary criticism, it still provides Nawai's views towards criticism. This paper briefly introduces Nawai's concept of literary criticism in his work the "Mahbubul Kulub".

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك-ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، تالانتلىق شائىر، تىلشۇناس نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىجادىيەتلىرىنى نۇقتىلىق ۋە كونكرېت كۆزىتىدىغان بولساق، ئەدەبىيات پېنىنىڭ ھەر قايسى ئامىللىرىنىڭ ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقانلىقىنى بىلىمىز. جۈملىدىن نەۋائىي بىر نەزەرىيەچى[1] بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان قاراشلىرىنى بۇ كىتابىدا قالدۇرۇپ كەتكەن. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ نەۋائىي ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلىرىمىز تولىمۇ چولتا ۋە ئاددىي بولۇشى سەۋەبىدىن، نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىز ئۈچۈن دەستەك بولىدىغان قاراشلىرىنى قېزىپ چىقىشىمىزمۇ يېتەرلىك بولمىدى. شۈبھىسىزكى، نەۋائىي ھەققىدىكى تەتقىقات بىزنىڭ نۆۋەتتە يولۇقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس نەزىرىيەسى يوق بولغان ھالەتكە خاتىمە بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

نەۋائىينىڭ يىرىك ئىجادىيەتلىرىدىن بىرى بولغان «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسەر نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن يەنە بىر مۇھىم كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرى ئۇنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرىدىمۇ نۇقتىلىق ئەكس ئەتكەندىن باشقا يەنە «مىزانۇل ئەۋزان» («شېئىرىيەتتە ۋەزىن

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 6- ئاينىڭ 10-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئايگۈل ئابدۇرېھىم (1964- يىلى تۇغۇلغان)، لېكتور، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۆلچىمى»)، «ئاروز تۇركى» («ئاروز ۋەزنى توغرىسىدا»)، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن. ئومۇمەن، نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قاراشلىرى ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۈيۈك ئىجادىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تۆھپىسى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ۋەھالەنكى، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسەر ئۇنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي مەزمۇندىكى ئەسىرى بولۇشىغا قارىماي، ئەدەبىي تەنقىدكە ئائىت مۇھىم قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسەر بولۇپ، ئۈچ قىسمدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى قىسمى 40 پەسىل بولۇپ، بۇ قىسىمدا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئىككىنچى قىسمى 10 باب بولۇپ، ئەخلاقىي قاراشلىرى دىداكتىك ئۇسۇلدا بايان قىلىنغان. ئۈچىنچى قىسمى چوڭقۇر ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان پەلسەپىۋى خۇلاسىلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ قىسمى پۈتكۈل ئەسەرنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، بۇ قىسىمدا نەۋائىي دېمەكچى بولغانلىرىنى مۇھىم ۋە زۆرۈر دەپ سانىغانلىقى ئۈچۈن پىكىرلەرنى 125 تەنبىھ بويىچە بايان قىلغان.

ئەسەرنىڭ يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۈچ قىسىمدا نەۋائىي ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرىنى نۇقتىلىق بايان قىلمىغان. مۇھەممەد ئەيسا قازى ئەپەندى «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلغانىدەك، «نەۋائىي ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەدەبىي تەنقىد دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىپ مەخسۇس كىتاب يازمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر قىسىم تىلشۇناسلىققا ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرى قويۇق ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە[2]». بۇ يەردە يەنە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر « كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز نەۋائىي دەۋرىدىلا مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغان ئەدەبىيات ئىدى[3] »، دەپ كۆرسەتكەن. ۋەھالەنكى، مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بىر ئەدەبىيات ئۆزىدە ئەدەبىياتنىڭ ئۈچ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، نەۋائىي ئەسەرلىرىدە، مۇنداقچە ئېيتقاندا «مەھبۇبۇل قۇلۇب»ناملىق ئەسەردە ئەدەبىي تەنقىدكە ئائىت مەخسۇس بىر پەسىل ئاجرىتىلغان. ئەدەبىي تەنقىد ـــ ھەر قايسى دەۋر يازغۇچى ـ سەنئەتكارلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ھەر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىگە قارىتا بەلگىلىك نۇقتىئىنەزەر ھەم بەلگىلىك ئۆلچەم ئاساسىدا تەھلىل-تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار ئۈستىدە بەلگىلىك باھا ۋە خولاسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئىلمىي پائالىيەتتۇر[4]. شۇنىسى روشەنكى، نەۋائىي ئۇشبۇ ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قىسىمدا «شېئىرىيەت گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى ھەققىدە» دېگەن پەسىلنى مەخسۇس ئاجراتقان. ھەمدە ئۆزىنىڭ شائىر ۋە شېئىر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك، بىز بۇ ئەسەردىكى تەنقىد ئىزنالىرىنى نۇقتىلىق كۆزىتىدىغان بولساق، تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تەرەپتىن كۆرۈش مۇمكىن. ئەمما بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيەتچانلىق، دەۋرىيلىك ۋە ئىلمىيلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا[5]، نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل-قۇلۇب»تا ئىپادىلىگەن تەنقىد قاراشلىرىنى شۇ زاماننىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ كۆزىتىشىمىز كېرەك.

نەۋائىي «شېئىرىيەت گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى ھەققىدە» دېگەن پەسلىدە، تۇنجى بولۇپ شائىرلارنى بىر قانچە خىلغا بۆلۈپ شائىرلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى كەسكىن ۋە جانلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «بىرىنچى خىلدىكىلىرى مەرىپەت ئىلاھى بىلەن قەلبى باي بولغانلار بولۇپ، باشقىلارنىڭ تەرىپلەپ ماختىشى ھاجەتسىز. ئۇلارنىڭ ئىشى ھەمىشە مەنا خەزىنىلىرىدىن گۆھەر تېرىش، ئەل پەيزى ئۈچۈن شېئىر يېزىش. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى يېقىملىق، دىللارنى ئۆزىگە تارتىدۇ» دەپ بايان قىلىپ كېلىپ، «قۇرئان كەرىم»گە ۋە ھەدىس شەرىفكە

مۇراجەت قىلىدۇ ۋە بۇ خىلدىكى شائىرلارنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ[6]. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارس تىلىدا مەنە گۆھەرلىرىنى شېئىردا ئىپادىلىگۈچى شەيخ پەرىدىددىن ئەتتار، «مەسنەۋى ۋە مەنىۋى»نىڭ ئاپتورى مەۋلانە جالالىددىننى تىمسال قىلىپ كۆرسىتىپ، شائىرلار ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بېرىدۇ[7]. يەنى شېئىردا خۇدانىڭ ھېكمەت سىرلىرىنى، پايانسىز مەرىپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىدىيەۋى خاھىشنى يېزىشقا ئۈندەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى ئىدىيەۋى خاھىشتىن ئىبارەت مۇھىم بىر نۇقتىدا ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ ھېسسىياتىنىڭ بەدىئىي سىڭىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىسى روشەنكى، نەۋايى بۇ نۇقتىدا، ئىدىيەۋى خاھىشى ساغلام بولغان يۇقىرىقى شېئىرىيەت پېشۋالىرىنى مىسال ئېلىش ئارقىلىق، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېزىلغان ئۇشبۇ ئەسىرىدە شېئىرىيەتتىكى ئىدىيەۋى خاھىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

نەۋايى بۇ ھەقتە يەنە شېئىرنىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭدا قوللىنىلغان مەجازى ۋاسىتىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ئىدى. «يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلار ھەقىقەت سىرلىرىغا مەجازنى ئارىلاشتۇرۇپ يازىدۇ. مەنە ئەھلىنىڭ ھېكىمى شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازى، ئىشق ئەھلىنىڭ ساداقەتلىك مەردانىلىرىدىن بولغان ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى، تەسەۋۋۇپ يولىدىكى مۇشكۈل مەسىلىلەرنى يەشكۈچى شەيخ زوھرىددىن سانائى، خۇدانىڭ ھەقىقىي دوستىنىڭ شاگىرتى شەيخ ئەھھەدىددىن، مەنىلەرنى يىغىنچاق قىلىپ سۆزلىگۈچى شەمسىددىن مۇھەممەد ھاپىزلاردۇر» [8]. مەجاز ئىستىلىستىكىلىق تىل ماھارىتى كاتوگىرىيەسىگە مەنسۇپ ئىلىم بولۇپ، گەپ-سۆزنى ئەھۋالغا تەتبىقلاش ۋە شارائىتقا ماسلاشتۇرۇش، تىلنىڭ پاساھىتى ۋە بالاغىتىنى تىرىشىپ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش، پىكىرنىڭ روشەنلىكى، پىكىر ئىپادىلىرىنىڭ كۆركەملىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىستىلىستىكىدىكى تۈپ مەسىلە بولۇپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئۆتەيدۇ[9].

ۋەھالەنكى نەۋايى مەجازنىڭ بۇ ھەقتىكى رولىنى ياخشى شەرھلىگەن ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ھەقىقەت بىلەن مەجازدا كامىل، بۇ توغرىدا ئىلىمدە يېتىشكەن شائىرلار كاتتىسى، مىللەت، دىنىنىڭ نۇرى، ھەزرىتى شەيخۇل ئىسلام ئابدۇراخمان جامى. ئۇ، ھەقىقەت بىلەن مەجاز ئىلمىدە ھەقىقىي كامال تاپقان بىر ئادەم بولۇپ، دۇنيادىكى زەۋقى ھال ئەھلى بۇلارنىڭ لەتىپىلىرىدىن خۇشال بولىدۇ، مەرىپەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ»[10] دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىسى روشەنكى، نەۋايى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئېغىر ياكى قانداقتۇر چۈشىنىكسىز تىللار بىلەن ئەمەس، بەلكى كونكرېت مىساللار بىلەن بايان قىلغان. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئىدىيە، مەنە، شۇنداقلا مەجاز ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تىپىك بولغان شەخسلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىشى بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەيدۇ. شېئىردىكى مەنە، ئىدىيە جەھەتتىن پەرىدىددىن ئەتتار ۋە جالالىددىن رۇمىنى، مەجاز جەھەتتىن ئابدۇراخمان جامى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشى، ئۇنىڭ شۇ دەۋر ئەدەبىيات ئاشىنالىرىغا نېمىنىڭ شېئىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشىدۇر. ھالبۇكى، ئەدەبىي تەنقىد نوقۇل «تەنقىد»نىلا كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ سۆز ئۆز ئىچىگە ئېتىراپ قىلىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش دېگەن مەنىلەرنىمۇ يۈكلىگەن بولىدۇ، لېكىن چىڭغىز ئايتماتوف ئېيتقاندەك «ھەقىقىي ئوبزورچى ئىللىق سۆزلەرگە گاداي كېلىدۇ». مانا بۇ ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى كۈچى.

نەۋايى يەنە بىر قىسىم جانباقتى، ئەدەبىيات كوچىسىنى پاخال قىلىدىغان شائىرلارنى كەسكىن تەنقىد قىلىدۇ. يەنى ئۇ شائىرلار ھەققىدىكى پەسلىدە شۇنداق دەيدۇ: «يەنە باشقا بىر خىل شائىرلار باركى: ئۇلار پەقەت شېئىر يېزىش بىلەن خوشنۇد ۋە خۇرسەن، يازغانلىرىدىن رازى ۋە بەھرىماندۇر. مىڭ مۇشەققەتتە بىر بېيىتنى قوراشتۇرىدۇ، شائىرلىق دەۋاسىنى يەتتە پەلەكتىن ئاشۇرىۋېتىدۇ. ئەمما، بۇ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدە نە ھەقىقەت نۇرى چاقنىسۇن، نە مەرىپەت تەمىنىڭ ھالاۋىتى بولسۇن. شېئىرلىرىدا نە زوق ۋە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت، نە شائىرانە تەركىبلىرىدە

www.uyghurkitap.com



گۈزەللىك بولسۇن، نە سۆزلىرى ئاشىقانە نۇر چاچالىسۇن. بەزىلىرى ئەگەر بىر ياخشى بېيىت يېزىپ قالسا، ماختىنىپ ئۇن ھەسسە ئاشۇرۇپ دەۋا قىلىپ، ئۇ بىر بېيىتنىمۇ بىكار قىلىۋېتىدۇ. يەنى ياخشىراق چىققان بىر بېيىت ئۈستىدە ماختىنىپ ھارمايدۇ؛ ئەمما يارامسىز، يەنى قوپال چىققان نۇرغۇن بېيىتلىرى ھەققىدە ئېغىز ئاچمايدۇ. بۇ خىل شائىرلارنىڭ سۆزلىرىدە كەم مەنە، ئۆزلىرىدە چوڭ دەۋا. مۇنداق يامان ئىش-خاھىشلاردىن ئاللاھ ساقلىسۇن»[11]. بۇ بايانلاردا نەۋايى تەنقىدچىگە خاس بولغان قاراش بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شائىرلارنى قاتتىق تەنقىد قىلغان.

شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، نەۋايىنىڭ شائىرلىق دەۋاسى قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى ھەققىدىكى كەسكىن تەنقىدلىرى دەۋرىمىزدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەۋايى «شېئرىيەت گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى ھەققىدە» دېگەن پەسلىنىڭ ئاخىرىدا شائىرلار ھەققىدە ناھايىتى روشەن بولغان ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. شائىرلارنى بارچىسى قارا-قويۇقلا ئەلا ياكى مۇكەممەل بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ناھايىتى تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىمۇ سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى، نەۋايى ئەلا شائىرلار بىلەن تۆۋەن تۇرىدىغان شائىرلاردىن باشقا ئۈچۈنچى بىر خىل شائىرلار تەركىبىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ. بىز بۇ ھەقتە نەۋايىنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىنى مىسال تەرىقىسىدە كۆرۈپ ئۆتىمىز:

رۇبائىي

ئەئلالىرىدۇر نىدىنكى دېسەن ئەئلا،
ئەدنالىرى ھەم بارچە ئەدنادىن ئەدنا.
ئەۋسەتلىرىكىم ھېچنىمىگە ھەم يارىماس،
بەلكىم نەپەس ئورماماغ ئۇلاردىن ئەۋلا[12].

*(نېمىنى ئەلا دېسەڭ، شائىرنىڭ ئەلالىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئەلاراق. ئەمما ئەدنالىرى ـ تۆۋەنلىرى ھەممە تۆۋەندىن تۆۋەنرەك. ئۇنىڭ ئوتتۇردىكىلىرى ھېچنىمىگە يارىمايدۇ. بەلكى ئۇلار توغرىسىدا شائىرلىقتىن ئېغىز ئاچماسلىق ياخشىراق).*

ئەلىشىر نەۋايى يەنە تېۋىپلار ھەققىدىكى پەسلىدە «كاتىپلار ۋە شائىرلار سۆزنىڭ گۈزەل ۋارىقى. سۆز خەزىنىسىنىڭ خەزىنىدارى» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ خۇددى بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ:

كىشى كۆركى يۈز ئول بۇ يۈز كۆركى كۆز،
بۇ يۈز كۆركى تىل ئول بۇ تىل كۆركى سۆز.[13]

دېگەن بېيىتىغا ئوخشاش، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تىل گۈزەللىكىنىڭ ئالاھىدە تەكىتلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى بەدىئىيلىك ئۆلچىمى مەسىلىسى بولۇپ، بۇ نۇقتىنى نەۋايى ئەينى دەۋردىلا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ توغرىدا تەتقىقاتچى ۋاھىتجان غوپۇرمۇ «نەۋايى ئۆز كىتابىنىڭ ‹شېئرىيەت گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى ھەققىدە› دېگەن پەسلىدە شائىرلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە تۈزىتىشكە تېگىشلىك نوقسانلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشلىرىنى شەرھلەيدۇ»[14] دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كەلتۈرۈپ چىقىشقا بولىدىكى، شائىرلارغا قويۇلغان ئەخلاق ئۆلچىمى ئۆز نۆۋىتىدە ئەسەرنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ. دېمەك، نەۋايى ئەينى ۋاقىتتا شېئىرلارنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىپ بولغان ئىدى. ۋەھالەنكى، نەۋايىنىڭ «مەجالىسۇن-نەفائىس»تىمۇ مۇشۇ خىل قاراش شائىرلارغا ۋە شېئىرغا ھۆكۈم قىلىشتىكى ئاساس بولغان ئىدى.

ئومۇمەن، نەۋايىنىڭ ئۇشبۇ ئەسىردىكى شائىرلار ھەققىدىكى پەسلىنى نەۋايىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ھەققىدىكى قاراشلىرى نۇقتىلىق ئەكس ئەتكەن دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. شۇڭا نەۋايى ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يارقىن نامايەندىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ھازىرقى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيە تەتقىقاتىمىزنىڭ، جۈملىدىن تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ماھىيەتلىك قىسمى بولۇشقا مۇناسىپ.

قىسقىسى، بىز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەمدە بىزنىڭ گۈللەنگەن كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بىلەن ماس قەدەمدە بىردەكلىكنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز. بىز ئەدەبىياتىمىزدىكى قاتماللىققا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە، تەنقىد قاراشلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ دىياگنوز قويۇپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

## ئىزاھلار

[1] ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ئەۋزان»، كامال ئارسلان تەييارلىغان تۈركچە نۇسخىسى. كىرىش سۆز قىسمى.
[2] مۇھەممەت قازى ئەيسا: «قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008- يىلى 1- نەشرى، 79-بەت ۋە 15-بەت.
[3] ئا. ئۆتكۈر: «بۇلاق» ‹موھاكىمەتۇل لۇغەتەيىندىن پارچىلار›، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى 1- نەشرى، 146- بەت .
[4][5]مۇھەممەت قازى ئەيسا: «قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008- يىلى 1- نەشرى 15- بەت.
[6] [7] [8] [10] [11] [12] ئەلىشىر نەۋايى: «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989-يىلى 1- نەشرى، 43-بەت.
[9] ئەلى ئابلا: «مايىترى سىمىتتىكى جۈپ سۆزلەر تەتقىقاتى»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، 2010- يىللىق دىسسىرتاتسىيە ماقالىسى.
[13] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984- يىلى 1-نەشرى.
[14] ئابلىمىت ئەھەت تۇزگەن: «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001- يىلى 1-نەشرى 144- بەت.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

33 ـ يىللىق 3 ـ سان
2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

第 33 卷第 3 期
2012 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 6 ـ 120 ـ 03(2012) 5878 ـ 1005

# كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا*

ئاتىكەم مامۇت

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى** : كېيىنكى مودېرنىزم 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەرب ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى بايان قىلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەھلىللىرى ئاساسىدا كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى خۇلاسىلىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ ئۆزگىچە ئەدەبىيات ئېقىمىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىلىدۇ.

**摘要**：后现代主义文学是 20 世纪下半叶在西方文学论坛上最为引人瞩目的现象。本文阐述后现代主义文学的产生及发展历程，从众多理论家的分析中总结出后现代主义文学的基本特征，从而为我们理解后现代主义思潮提供一个大致的参考。

**Abstract**: The Postmodernist Literature is the most impressive phenomenon in Western literature world during the latter half of 20th century. This thesis presents the progress of generation and development of postmodernist literature and by analyzing results from numbers of related theorists, points out several essential features of this subject. Finally, provides a reference which is expected to help us understand the ideological trend of postmodernist literature.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I02　　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. «كېيىنكى مودېرنىزم» ئۇقۇمى ۋە «كېيىنكى مودېرنىزم» ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى

«كېيىنكى مودېرنىزم» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئەڭ بۇرۇن ئىسپانىيەلىك يازغۇچى فېدرى دى ئونىس (1888 ـ 1966) 1934 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئىسپانىيە ۋە لاتىن ئامېرىكىسى شىئېرلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق تويلىمىدا تىلغا ئالغان، لېكىن بۇ ئۇقۇم پەقەت ئەينى ۋاقىتتىكى بىر خىل ئاساسىي ئېقىمغا خاس بولمىغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگىلا قارىتىلغان. 1947 ـ يىلى تارىخشۇناس ئارنولد. جوزىف. تويىنبى[1] ئۆزىنىڭ «تارىخ تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە يەنە بىر قېتىم بۇ ئاتالغۇنى تىلغا ئېلىپ، بۇ ئارقىلىق 1875 ـ يىلىدىن كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىگە قارشى شۇنداقلا كۆپ مەنبەلىك ئىجادىيەت يۈزلىنىشىنى ئىپادىلىگەن. كېيىن ئامېرىكا ئوبزورچىسى ئىرۋىڭ خوۋ[2] ئۆزىنىڭ 1963 ـ يىلى نەشردىن چىققان «ئاممىباپ جەمئىيەت ۋە كېيىنكى مودېرنىزم تەسەۋۋۇرى» ناملىق ئەسىرىدە« كېيىنكى مودېرنىزم» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى سەلبىي مەنىدە قوللانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچى لېسلى فىدلىر[3] ئۆزىنىڭ 1964 ـ يىلى ئېلان قىلغان« ئەدەبىيات ئاۋانگارتلىرىنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ئەسىرىدە « كېيىنكى مودېرنىزم» ئۇقۇمىنى كەڭ كۆلەمدە قوللانغان. 1982 ـ يىلى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى مىسىرلىق داڭلىق ئوبزورچى ئىخاب خەبىب ھەسەن[4] ئۆزىنىڭ« كېيىنكى مودېرنىزم ئۇقۇمى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ئەسىرىدە« كېيىنكى مودېرنىزم» ئۇقۇمى توغرىسىدا ئەتراپلىق توختالغان ۋە « كېيىنكى مودېرنىزم» بىلەن «مودېرنىزم» نىڭ پەرقى توغرىسىدا مۇپەسسەل سېلىشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، « كېيىنكى

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئاتىكەم مامۇت (1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، چەت ئەل ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مودېرنىزم» ئۇقۇمىنى بىر قەدەر توغرا شەرھلەپ بەرگەن[5].

كېيىنكى مودېرنىزم مودېرنىزم ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن مودېرنىزمنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىيات نەتىجىسى بولۇپ، مودېرنىزمنىڭ ئەنئەنىگە قارشى ئىجادىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مودېرنىزمغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى پارچىلاش، كېيىنكى مودېرنىزم ئەدىبلىرىنىڭ ئاساسىي يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن.

كېيىنكى مودېرنىزم 20- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەرب ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان ھادىسىگە ئايلانغان. ئۇ بىر دەبدەبىلىك ئەدەبىيات ئېقىمى ئىدى. ئۇ پەقەت مەلۇم يەككە ئەدەبىيات ئېقىمى بولۇپ قالماستىن بەلكى يەنە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تۈرلۈك شەكىلدىكى ئەنئەنىگە قارشى پىكىر ئېقىمى شۇنداقلا ئىجادىيەت ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، كۈچلۈك سىغدۇرۇشچانلىق، كۆپ خىللىق شۇنداقلا ئاشكارىلىققا ئىگە. گەرچە غەرب مۇنازىرە مۇنبىرىدە كېيىنكى مودېرنىزمنىڭ چەك چېگرىسى تېخى ئېنىق ئايرىپ چىقىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كېيىنكى مودېرنىزمنىڭ مەنىسى كۆنسىرى كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلاپ بارماقتا.

## 2. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىملىرى

كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى يېزىقچىلىق پىرىنسىپى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى جەھەتتىن روشەن يېڭى يۈزلىنىشكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، ئۇنىڭدا مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەزنى ئېغىر، چۈشىنىكسىز ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى چۆرۈپ تاشلانغان بولۇپ، ئۇ ئاممىباپ ئەدەبىيات، ئىلمىي تەسەۋۋۇر رومانلىرى، ئامېرىكا رومانلىرى ۋە باشقا ئەدەبىياتقا يانداشقان ئەسەر ۋە يازمىلاردىن ئۆزىگە زور ئوزۇق ئالغان، شۇنداقلا تاللانغان ۋە ئاممىباپ تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى يۈكسەك بىردەكلىككە ئىگە قىلغان. بۇ خىل يۈزلىنىشكە تەۋە بولغان ئېقىملاردىن ئامېرىكىنىڭ «ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىلگەن بىر دەۋر»ئەدەبىياتى، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سېھرىي رېئالىزم ئەدەبىياتى قاتارلىقلار بار.

يەنە بىر ئېقىم، مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئاساسىدا تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھالقىش ھاسىل قىلىنىپ، مەيدانغا چىقىرىلغان ئەدەبىيات ئېقىمى بولۇپ، ئاساسلىقى مەسلەك ئەدەبىياتى (主义文学)، بىمەنىچىلەر دراممىسى(荒诞派戏剧) قاتارلىقلار بار. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى ھازىرغا قەدەر جەمئىي 6 ئاساسىي ئېقىمنى شەكىللەندۈردى. بۇ خىل ئېقىملار ئوتتۇرىسىدا روشەن باغلىنىش مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا « ئەدەبىياتقا قارشى»، « ئىدراكقا قارشى» شۇنداقلا «پارچىلاش» (解构) تەك ئاساسىي ماھىيەتكە ئىگە. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىدا شەخسىي ئاڭ، ئەركىنلىك، چوڭقۇر تەپەككۇر تېخىمۇ سۇسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تەجرىبە قىلىش ۋە تىل ئويۇنىغا تېخىمۇ زور ئەھمىيەت بېرىلگەن. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەردىن رېئال دۇنيا ۋە ئادەمگە بولغان سۇسلاشتۇرۇلغان ئىپادىلەشتىن ھالقىپ ئۆتۈلگەنلىكى، تېخىمۇ چوڭقۇر تەپەككۇر قاتلاملىرىغا يۈشۈرۈنغان ئادەم بىلەن دۇنيانى ئايرىۋېتىش، ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك يالغۇزلىقى ۋە ئازاب ئوقۇبەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ.

## 3. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى

كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى كېيىنكى مودېرنىزم روھىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشىدۇر. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

### 1) يېزىقچىلىق پىرىنسىپىدىكى گۆڭگىلىق

www.uyghurkitap.com



«كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى ــ دونالد بارسىلمي[6]: «مېنىڭ شېئىرلىرىمدىكى كۈچ قۇۋۋەت ئۇنىڭدىكى ئېنىقسىزلىق ۋە گۇڭگا مەزمۇندىن كەلگەن» دېگەنىدى. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى گۇڭگا ئامىلى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) تېمىدىكى گۇڭگىلىق. رېئالىزم ئەدەبىياتىدا ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىق بولىدۇ، ئاپتورنىڭ تەكىتلىمەكچى بولغانلىرى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ تېمىدىن ھالقىپ كېتىشىدۇر. لېكىن، مودېرنىزم ئەدەبىياتىدا بولسا يازغۇچى رېئالىزم ئاساسىدىكى تېمىلارغا قارشى تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل قارشىلىقى پەقەت تېمىنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىلىپ قالماستىن ئەكسىچە، بۇنىڭدا ئاپتورلار جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس بولغان تېمىنى يارىتىدۇ. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىدا بولسا ئاتالمىش«ئاساسىي تېما» مەۋجۇت بولمايدۇ، چۈنكى بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە كونكرېت ئاساسىي تېمىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە ھەممە نەرسە ئوقۇرمەن ئالدىغا تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، ھېچقانداق ئاساسىي تېما، قوشۇمچە تېما دېگەنلەر مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا كېيىنكى مودېرنىزم يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى خالىغانچە، ئىلھامغا ئەگەشكەن، شۇنداقلا قۇراشتۇرۇپ چىقىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى ئوقۇرمەنىنىڭ ئەسەرگە قاتنىشىشىدۇر.

(2) ئوبرازلارنىڭ گۇڭگىلىقى. ئەگەر رېئالىزم ئەدەبىياتىدا پېرسوناژ بىر شەخسنى، ئىنسان خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ دېيىلسە ئۇ ھالدا كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىدا پېرسوناژنىڭ كۆرسىتىدىغىنى بىر ئادەمنىڭ سايىسى، شەخسلەرنىڭ سۈرىتى دېيىش مۇمكىن. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئوبيېكتىنىڭ، ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا ئەسەردىكى پېرسوناژلارمۇ ماس ھالدا ئۆلگەن ئىدى. بەزى كىشىلەر كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى شەخسلەرنىڭ سۈرىتىنى يىغىنچاقلاپ« مەنتىقىسىز، سەۋەبسىز، تەسۋىرسىز، ئوخشىتىشسىز» دېگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «تەسۋىرسىز» كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى شەخس سۈرەتلىرىنىڭ ھېچقانداق كونكرېت يورۇتۇپ بېرىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتسە، ئۇنىڭدىكى «ئوخشىتىشسىز» ھېچقانداق ئوخشىتىش ياكى تەقلىد قىلىشتىن خالىيلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كېيىنكى مودېرنىزمدا ھېچقانداق « ھادىسە كەينىگە يوشۇرۇنغان ماھىيەت» مەۋجۇت بولمايدۇ.

(3) سۇژېتتىكى گۇڭگىلىق. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى بىردەك ئەسەر سۇژېتىنىڭ لوگىكىغا ئۇيغۇن، باش ئاخىرى باغلانغان، شۇنداقلا يېپىق بولۇشىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى مۇددىئانىڭ باغلاشتۇرۇلغان، پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ لوگىكىغا ئۇيغۇن، ئەسەر سۇژېتىنىڭ مۇكەممەل ۋە يېپىق بولۇشىنى تامامەن ئاپتورنىڭ ئۆز خاھىشىغا ئاساسەن يارىتىلغان، ھېچقانداق تۇرمۇش ئاساسى يوق دەپ قاراپ، بۇ خىل ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خاھىشىچە بولغاندا كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى ئەسەر سۇژېتىنىڭ لوگىكىغا ئۇيغۇن، باغلاشقان بولۇشىغا خاتىمە بېرىپ، نۆۋەتتىكى، ئۆتمۈشتىكى شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى ۋاقىت تەرتىپىنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ، رېئال ماكان دائىرىسىنى خالىغانچە بۆلۈپ، ئەسەرنىڭ سۇژېتىنى كۆپ خىل شۇنداقلا چەكسىز ئېھتىماللىققا يۈزلەندۈرۈشنى ئىزدەيدۇ.

مىشەل بايتور [7] ئۆزىنىڭ « ۋاقىت جەدۋىلى» ناملىق رومانىدا ئەنئەنىگە قارشى ئېقىمدىكى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغان. ئۇ ئەسەرىدە بىر سىرلىق ئوردا ئويۇنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۇژېت قۇرۇلمىسىنى قوللانغان. ئەسەردە 5- ئايدىن 9- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت جەمئىي 5 بۆلەككە بۆلۈنگەن، بىراق ئاپتور ۋاقىتنى ئەنئەنىۋى(ھازىرقى كالېندار ئاساسىدىكى) بۆلۈش تەپەككۇرىدىن تامامەن ھالقىغان ئۇسۇلدا بۆلگەن، يەنى ئۇ ۋاقىتنى ھازىر، ئۆتمۈش، كەلگۈسى، رېئاللىق، تارىخ، تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت بەش بۆلەككە بۆلگەن. بۇ خىل گىرەلەشتۇرمە ۋاقىت تەرتىپى كىشىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدىكى گۇڭگا تۇيغۇ بېغىشلىسا يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى زور دەرىجىدە غىدىقلايدۇ.

2) ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى كۆپخىللىق

كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ يېزىقچىلىق پىرىنسىپىدىكى كۆپخىللىق مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسۇلىدىكى كۆپخىللىقنى بەلگىلىگەن. كۆپ قىرلىق بولۇش كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسۇلىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ قىرلىق بولۇش ئالاھىدىلىكى ئاساسلىقى ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنىڭ مودېرنىزم، رېئالىزم ۋە رومانتىزملىق يېزىقچىلىق ئۇسۇلبلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) كېيىنكى مودېرنىزم بىلەن رېئالىزمنىڭ مۇناسىۋىتى. كېيىنكى مودېرنىزم روھى گەرچە رېئالىزمدىن تولىمۇ يىراقتەك قىلسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئىپادىلەش ئۇسۇلىبى جەھەتتە نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. مەسىلەن، سېھرىي رېئالىزم دەل كېيىنكى مودېرنىزم بىلەن رېئالىزمنىڭ ئۇستاتلىق بىلەن بىرىكىشىدىن مەيدانغا كەلگەن. سېھرىي رېئالىزم گەرچە كېيىنكى مودېرنىزمنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلىبىدا روشەن كېيىنكى مۇدرىنىزىم ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرسىمۇ، بىراق سېھرىي رېئالىزم يازغۇچىلىرى ئەزەلدىن رېئالىزمنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان ئەمەس. سېھرىي رېئالىزم يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز دۆلىتى ۋە خەلقىنىڭ تەقدىر-كەچمىشلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە روشەن مۇھەببەت، نەپرەت قارىشى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېھرىي رېئالىزم يازغۇچىلىرى غەربنىڭ ئەنئەنىۋى كېيىنكى مودېرنىزم يازغۇچىلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاپتورنىڭ شەخسىي ھېسسىي پىسخىكا كەچۈرمىشلىرى ئىپادىلىنىپلا قالماستىن يەنە ئەسەر ئوبيېكتىپ رېئاللىققا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولىدۇ.

(2)كېيىنكى مودېرنىزم بىلەن مودېرنىزمنىڭ مۇناسىۋىتى. كېيىنكى مودېرنىزم ۋە مودېرنىزمنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ئىختىلاپلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ پەرقى كۆپىنچە ھاللاردا مۇئەييەن ھېسسىي ئامىلنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. ئۇلار ئوخشاشماسلىق ئىچىدىكى بىردەكلىكنى ياكى بىردەكلىك ئىچىدىكى ئوخشاشماسلىقنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ چەك چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش مۇمكىن ئەمەس. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مودېرنىزم ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان مودېرنىزم ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسىرىدە كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئامىللىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

جوزېف خېللىرنىڭ[8] « ھەربىي نىزامنىڭ 23-ماددىسى» ناملىق ئەسىرى قارا يۇمۇر ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردە ئاپتور ئىنسانىي ئىدراك ئارقىلىق مۇستەبىت جەمئىيەتلەردىكى ھەربىي بيۇروكرات تۈزۈلمىنى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان شەخسلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا « ھەربىي نىزامنىڭ 23- ماددىسى» توساتتىن ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندا تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل بىمەنە مۇھىتقا، بىر خىل تۇزاققا سىمۋول قىلىنىپ، بۇ خىل نىزام مەڭگۈلۈك مەنىگە ئىگە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جوزېف خېللىر ھاياتلىق ۋە ماماتلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، ئىدېئالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قاتارلىقلارغا رادىكال ۋە ناتونۇش بولغان مەسخىرىلىك پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەتتا شېكسپىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى دېمەك «ھاياتلىق يەنىلا ھالاك بولىدۇ» (To be, or not to be)[9] مەسىلىسى جوزېف خېللىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا :« بىز تەھلىل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئۆلۈش ياكى ئۆلمەسلىكتۇر» غا ئۆزگىرىدۇ. رومان ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا كېيىنكى مودېرنىزمغا بەكرەك تەۋە بولىدۇ، لېكىن بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئېيتقاندا مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا تەۋە بولىدۇ.

(3) كېيىنكى مودېرنىزم بىلەن رومانتىزمنىڭ مۇناسىۋىتى. خۇددى مودېرنىزم بىلەن رومانتىزمنىڭ نۇرغۇن ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنىڭ بولغىنىدەك، كېيىنكى مودېرنىزمدىمۇ كۈچلۈك رومانتىزم پۇرىقى بار. كېيىنكى مودېرنىزم شېئىرىيىتىدىكى ئۆزىنى ئاشكارىلاش ئېقىمى

www.uyghurkitap.com



دەل رومانتىزمدىكى «شەخسىي ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىش» تىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكنى يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىققان. ئۆزىنى ئاشكارىلاش ئېقىمىدىكى شائىرلار ئېلليوتنىڭ [10] شېئىر ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا شۇڭدىلا يېڭى تەنقىد نەزەرىيەسىگە قەتئىي قارشى تۇردى. ئېلليوتنىڭ قارىشىچە، «مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور بېسىملار شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىدىن غالىب كېلىدۇ، شۇڭا شېئىر ھەرگىزمۇ ھېسسىياتنىڭ ئەركىن قويۇۋېتىلىشى ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتنىڭ يوشۇرۇنىشى، شەخسىي خاراكتېرنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەمەس بەلكى، شەخسىي خاراكتېرنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر». بۇ دەل ئېلليوتنىڭ «ئىندىۋىدۇئالسىز» يېزىقچىلىق پرىنسىپى ھېسابلىنىدۇ. يېڭى تەنقىد نەزەرىيەسىنى ياقلىغۇچىلار ئېلليوتنىڭ بۇ نەزەرىيەسىگە ئاساسەن «نۇقسان مۇددىئاسى»"意图谬误" نەزەرىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتى. ئۇلار: كىشىلەر ھەمىشە يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق مۇددىئاسى بىلەن ئەسەرنىڭ قىممىتىگە باھا بېرىشنى ئارىلاشتۇرىۋېتىدۇ، ھەمدە دائىم ئەسەرنىڭ قىممىتى ئارقىلىق ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق مۇددىئاسىغا باھا بېرىدۇ، بۇ خىل خاھىش دەل «نۇقسان مۇددىئاسى»"意图谬误" نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا تەنقىدچىلەر ھەمىشە ئەسەرگە باھا بېرىشتە يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، ئۆزىنى ئاشكارىلاش ئېقىمىدىكىلەر ئېلليوت ۋە يېڭى تەنقىدچىلەر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ نەزەرىيەسىگە تامامەن قارىمۇ قارشى يول تۇتقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ئىنتىلىشى، ئۆلۈم قارىشى، ئۈمىدسىزلىكى، روھىي بىنورماللىقى، كېسەللىك ئەھۋالى، ھەتتا ئەر ـ ئايال، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بولغان بىنورمال مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق شەخسىي مەخپىيەتلىكلىرىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئاشكارىلاشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭا ئادەتتە ئۇلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە رومانتىزمنىڭ پۇرىقى كۈچلۈك. ئۇلارنىڭ بۇ خىل مەۋقەدىكى ئىجادىي پائالىيەتلىرى 20-ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا غەرب ئەدەبىياتىدا بىر مەيدان «ئۆزىنى ئاشكارىلاش» ھەرىكىتى پەيدا قىلدى.

**3) تىل ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدىكى خاسلىق**

مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پەرقى شۇكى، مودېرنىزم ئەدەبىياتى «مەن» نى مەركەز قىلىدۇ، كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى بولسا «تىل ئىشلىتىش» نى مەركەز قىلىدۇ. تىل ئىپادىلەشتىكى پەرق پەقەت كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇشنىڭ سەۋەبى ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىكنى نامايان قىلىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دەل كۆپ تەرەپلىمە بولۇشنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىدۇر. ئەسەر تىلى ۋە ئەسەردىكى ۋاقىت تەرتىپى، قۇرۇلما جەھەتتە بىردەك ئاۋانگارت ئورۇندا تۇرىدۇ، پېرسوناژ بولسا پەقەت ئەسەر تىلى ئارقىلىق ئوينالغان ئويۇندىن ئىبارەت. گەدىمېر[11] «كىمكى ئەسەر تىلىنى ياخشى ئىگىلىيەلىسە، شۇ پۈتكۈل دۇنيانى ئىگىلىيەلەيدۇ» دېگەنىدى. كېيىنكى مودېرنىزم ئەسەر تىلىنى مەركەز قىلغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى، يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلگەن تىل ئىشلىتىش ئويۇنى ۋە تىل تەجرىبىسىنى تەكىتلەيدۇ، تىل ئىپادىلەشتە مۇئەييەن بەلگە ۋە كودلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، يېپيېڭى بولغان تىل سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىزدىمەيدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى ئاتالمىش «رېئاللىق» نىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلاشتۇر. كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى رېئاللىق بولسا پەقەت تىل ئارقىلىقلا يارىتىلغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان مەۋھۇم رېئاللىق بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئەمەس. ئېلېمىنتار رومانلار (元小说) دەل مۇشۇ خىل مەۋقەگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئېلېمىنتار رومانلار ئەنئەنىۋى رومان ئوقۇمى ۋە ئۇنىڭ بايان ئۇسۇلىغا قارىتا يېڭىباشتىن مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى پارچىلاپ ۋە ئاغدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز ئۆزىنىڭ ساختىلىقىنى ئاشكارىلاش، ئۆز ـ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىش، بايان ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرىلگەن رېئال دۇنيانىڭ ئويدۇرمىلىقى ۋە ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلاشنى مەركەز قىلىدۇ. كېيىنكى مودېرنىزم يازغۇچىلىرى ئەسەر تىلىنىڭ ئۆزىنىڭلا مەنىگە ئىگە بولالايدىغانلىقى، ئەسەر تىلىغا ھېچقانداق «رېئاللىق» نىڭ ماتېرىيالى بولۇشنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە تىل مەقسەت، تىل كومپاس ھېسابلىنىدۇ.

دەرۋەقە، كېيىنكى مودېرنىزم ئېقىمىدىكى يازغۇچىلار تىل ئارقىلىق رېئاللىق يارىتالىغانىكەن، ئۇلار ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن، كۆڭۈللۈك تىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزى ئۈچۈنمۇ زور خۇشاللىق تاپالايدۇ. مەسىلەن، ستېۋېنزنىڭ[12] ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى «گارمون» (簧风琴) تېپىك تىل ئويۇنى بولۇپ، ئەسەر تىلىدىكى قاينام تاشقىنلىق ئىچىدىن زور خۇشاللىقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا تىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى بۇ خىل ئىختىيارىيلىق كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ تېپىك ۋە گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] ئارنولد. جوزېف. تويىنبى(Joseph Toynbe Arnold) (1889-1975)، ئەنگلىيەلىك داڭلىق تارىخشۇناس. ئۇنىڭ 12 توملۇق «تارىخ تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرى كىشىلەر تەرىپىدىن يېقىنقى دەۋر ئالىملىرىنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى دەپ تەرىپلەنگەن.

[2] ئىرۋىڭ خوۋ (Irving Howe, 1920-1993 )، ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەت تەنقىدچىسى، ئۇنىڭ «Democratic Socialists of Ameri» ناملىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى بار.

[3]لېسلى فىدىلىر (Leslie Fiedler,1917-2003 )، ئامېرىكىلىق تەنقىدچى.

[4] ئىخاب خەبىب ھەسەن (Ihab Habib Hassan,1925-)، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى مىسىرلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى ۋە يازغۇچى.

[5]张国清:《中心与边缘后现代主义思潮概论》，中国社会科学出版社1998年版，第5455页。

[6] دونالد بارسىلمي (Donald Barthelme, 1931-1989)، ئامېرىكا يازغۇچىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى مودېرنىزم ئۇسلۇبىدىكى قىسقا ھېكايىلىرى بىلەن داڭق چىقارغان.

[7] مىشەل بايتور (Michel Butor,1926- )، فىرانسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى، ئۇنىڭ «ۋاقىت جەدۋىلى»، «ئۆزگىرىش» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ «ئۆزگىرىش» ناملىق رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن 1957 ـ يىللىق ئۇسكار ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى بولغان.

[8] جوزېف خېللىر (Joseph Heller,1923-1999) ئامېرىكىنىڭ قارا يۇمۇر ئۇسلۇبىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك يازغۇچىسى. ئۇ 1961 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان«ھەربىي نىزامنىڭ 23- ماددىسى»(Catch-22) ناملىق ئەسىرى بىلەن بىراقلا نام چىقارغان.

[9] شېكسپىرنىڭ ھاملېت ناملىق درامىسىدىكى ھاملېتنىڭ سۆزى.

[10]توماس. ستېرنس. ئېللىيوت (Thomas Stearns Eliot, 1888–1965 ) ئامېرىكىلىق داڭلىق شائىر، دراماتورگ، ئەدەبىي تەنقىدچى. 1948 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى.

[11] خەنس. جورجى. گەدىمىر (Hans-Georg Gadamer， 1900-2002)، گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ.

[12] ۋولىس. ستېۋېنز (Wallace Stevens,1879-1955 ) ئامېرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك شائىرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1954 ـ يىلى ئۆزىنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن زور شۆھرەت قازانغان.

## پايدىلانمىلار

[1]弗・利奥塔德・赵一凡等译・后现代状况:关于知识的报告[M]・北京:社会文献出版社,1999.
[2]弗・杰姆逊・后现代主义与文化理论[M]・北京:北京大学出版社,1997.
[3]查尔斯・哈里斯・美国当代荒诞小说[M]・纽黑文:学院与大学出版社,1971.
[4]沃尔夫冈・韦尔施. 我们的后现代的现代[M]. 洪天富译. 北京:商务印书馆,2004. 24.
[5]刘象愚主编. 《从现代主义到后现代主义》［M］. 高等教育出版社，2002.
[6]麦可法主编. 《现代主义》［M］. 上海外语教育出版社，1992.
[7]汪玲玲. 谢华 现代主义文学的兴衰发展与后现代主义文学的兴起] J[ 琼州学院学报 ,2008 (3).

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 126 ـ 03(2012) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئەكس ئەتكەن قانۇن ئىدىيەسى ۋە قانۇن مەدەنىيىتى توغرىسىدا*

تۇرسۇننىياز ساۋۇر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى مول مەزمۇنى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى جانلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ماقالىدە، ئەشۇ ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى، قانۇن مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：** 维吾尔民间谚语以其丰富的内容为我们研究维吾尔文化史提供有效地信息。本文中作者利用这些信息，对维吾尔族的法律思想、法律文化提出初步的探讨。

**Abstract:** The Uyghur proverb provides rich sources of information which can be used as valuable in studying Uyghur culture and history. By analyzing Uyghur proverbs, this thesis discusses law and related conventions in Uyghur culture

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: 49 ـ D9 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان خەلق ماقال-تەمسىللىرى مول ھەم چوڭقۇر مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھايات ئىزلىرى، قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق-پەزىلىتى، مىجەز-خاراكتېرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ـ ئىدىيە تارىخىنى، جۈملىدىن قانۇن ئىدىيەسى، قانۇن مەدەنىيىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مول ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىخي تەرەققىياتى جەريانىدا ئىجاد قىلغان چوڭقۇر مەزمۇنلۇق تىل بايلىقى؛ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك شەيئىلەر، ۋەقەلەر، ھادىسىلەرگە تەتبىق قىلىنىدىغان، كىشىلەرنىڭ شۇ شەيئىلەر، ۋەقەلەر، ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشى، چۈشەنچىسى، پوزىتسىيەسى، قىممەت قارىشى، ئېتىقادى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن ئاڭ، ئىدىيە، ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان چوڭقۇر مەنىلىك، قىسقا-ئىخچام سۆزلەردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كۆپ قاتلاملىقلىقى، رايون ۋە دەۋرلەر بويىچە مۇئەييەن پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن كونكرېت چۈشىنىش، تەھلىل قىلىش ۋە تەتبىقلاش جەھەتلەردە نۇقسانلار بولۇشى مۇمكىن، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ تەنقىد-تەكلىپلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈش توغرىسىدا

ئۆز ۋەتىنىنى، خەلقىنى سۆيۈش، قەدىرلەش، بارلىقىنى ۋەتەنگە، خەلققە بېغىشلاش دۇنيادىكى ھەربىر مىللەتنىڭ ئورتاق ئەنئەنىسىدۇر. ئەمگەكچان، ئەقىللىق، باتۇر

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 12- ئاينىڭ 27-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: تۇرسۇننىياز ساۋۇر(1961-يىلى11-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، كۆپ مىللەتلىك رايونلارنىڭ قانۇن-تۈزۈمى ۋە قانۇن مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى توپلاملىرىنى ۋاراقلىغاندا، مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بوۋاي-مومايلىرىمىز بىلەن موڭداشقىنىمىزدا، ئاۋۋال ئۇچرىتىدىغىنىمىز ۋە كۆپ ئاڭلايدىغىنىمىز دەل ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈش، ئانا يۇرتنى قەدىرلەش، خەلقنى ھۆرمەتلەش، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بارلىقنى تەقدىم قىلىشقا مەدەت بېرىش، ۋەتەن-خەلققە يۈزسىزلىك قىلغانلارنى سۆكۈش-ئەيىپلەشكە دائىر ماقال- تەمسىللەردۇر. مەسىلەن:

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق.
قۇشمۇ ئۆز ئۇۋىسىنى قەدىرلەيدۇ.
يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.
ئەل بىلەن ئۆلۈم-بەجايىكى توي.
كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول.

ۋەتەنپەرۋەرلىك-كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىدىكى تەۋرەنمەس مەنىۋى تۈۋرۈكى. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى — ئەلنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەغدىر- قىسمەتلىرى بىلەن ۋەتەن-خەلقنىڭ تەغدىر-قىسمەتلىرىنى چەمبەرچاس باغلاپ مۇئامىلە قىلىدىغان ئېسىل ئەنئەننى يېتىلدۈرگەن. مەسىلەن:

ئەرنىڭ غېمى ئەلدە.
ئەل ئامان شەھرىڭ ئامان.
ئەل قايان سەن شۇيان.
ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە،
كىچە-كۈندۈز غېمىنى يە.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روھىڭ سامان بولماس.

ئۆزەڭ ئۈچۈن كۈلەرسەن، يۇرتۇڭ ئۈچۈن ئۆلەرسەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقال-تەمسىللىرىدە «ئەل» سۆزى ۋەتەن، يۇرت، خەلق دېگەن سۆزلەر بىلەن مەنىداش قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن ۋەتەننى، خەلقنى يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلەيدىغانلىقى، سۆيىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۆۋەندىكى ماقال- تەمسىللەر ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنلار بۇلارنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ ئالالايمىز:

ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە،
ئەلنىڭ بالىسى بول.
قولۇڭدىن كەلسە، ئەلدىن ئايىما.
ئەلگە باققان خار ئەمەس.
ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلار.

ئۆز خەلقىنى ئۇلۇغلاش، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى مۇقەددەس بىلىش-ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە ئەكس ئەتكەن يەنە بىر مۇھىم مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن «ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلار» دېگەن ماقال-تەمسىلدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەر ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ:

سەن تاش سانىساڭ، خەلق قۇم سانايدۇ.
ئەلنىڭ ھۆكۈمى لىللا.
خەلق ئېيتماس، ئېيتسا خاتا ئېيتماس.
خەلقنى ئالدايمەن دېگىنىڭ ـ
ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ.
ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك.
توپقا قاراپ چالما ئاتما.

يۇقىرىدىكى ماقال-تەمسىللەردە ئەكس ئەتكەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر ھەرقانداق تەخت-ھاكىمىيەتنىڭ ئىگىسى پەقەتلا خەلق ئىكەنلىكىنى، پەقەت خەلقنىڭلا ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ ھېمايىسىز، خەلقنىڭ قوللىشىسىز ھەرقانداق

www.uyghurkitap.com



هاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ ئىرادىسى، خەلقنىڭ هوكۇمىنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىش، خەلققە بىھۆرمەتلىك قىلىشنىڭ مۇقەررەر هالدا هالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ نادىر مەزمۇنلاردىن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا يېقىنقى ۋە هازىرقى زاماندىكى قانۇنشۇناسلىق ئىدىيەسىنىڭ جەۋھىرى بولغان دۆلەتنىڭ بارلىق هوقۇقى خەلقتىن كېلىدۇ، شۇڭا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى خەلققە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، دېگەن ئىدىيەنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە ۋەتەن، خەلق مەدھىيەلەنگەن، ۋەتەننى، خەلقنى سۆيگەنلەرگە، ئۇنى قوغداش، روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن قان-تەر تۆككەنلەرگە ئاپىرىن ئوقۇلغاندىن باشقا، يەنە ۋەتەن، خەلققە ئاسىيلىق قىلغانلارغا لەنەت ئوقۇلىدىغان مەزمۇنلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تۈردىكى ماقال-تەمسىللەرمۇ تەبىئىي هالدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈش توغرىسىدىكى ماقال-تەمسىللىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مەسىلەن:

ئۆگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ،
يۇرتىنى تاشلاپ ئارمان يەپتۇ.
قاچقۇنغا شەپقەت يوق، ئازغۇنغا هۆرمەت (يوق).
ئەلگە يامانلىق ئەيلىگەننى،
ئارىغا ئالماس ھېچ كىشى.

## 2. ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە كىشىلىك قەدىر-قىممەت توغرىسىدا

ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە كىشىلىك قەدىر-قىممەت توغرىسىدىكى ماقال-تەمسىللەر ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىچىدە بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. هالبۇكى، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە كىشىلىك قەدىر-قىممەت قاتارلىقلار قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا يېقىنقى ۋە هازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇن-قائىدىلىرىنى قوغداپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان يادرولۇق مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، هازىرقى زامان قانۇنشۇناسلىقىدا نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنىۋاتقان پۇقرالارنىڭ كىشىلىك هوقۇقىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە ئەكس ئەتكەن بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر ئۇلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى ۋە قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە ئەكس ئەتكەن تۈرلۈك ئىدىيەلەر خەلق ئاممىسىنىڭ هايات مۇساپىسىنى، دۇنيا قارىشىنى ۋە قىممەت قارىشىنى، شۇنىڭدەك تۈرلۈك پەزىلەت، ئۆرپ-ئادەت، مىجەز-خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، هەق-ناهەققە بولغان ئىنكاسى، ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ بىر مىللەتنىڭ قانۇن ئىدىيەسى، قانۇن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، چۈشىنىشنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالىدۇر.

ئەركىنلىك-تۈرلۈك چۈشەك-ئاسارەتلەردىن ئازات بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئىنسانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇ كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر داۋامىدا كاپالەتلەندۈرۈلگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنغان، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ياكى ئارزۇسى بويىچە هەرىكەت قىلىش هوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا، ئىنسانلارنىڭ ئىجابىي مەخسەتتە ئېلىپ بارغان مەيلى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى هەرىكەتلىرى بولسۇن، ياكى ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى هەرىكەتلىرى بولسۇن، هەممىسى هامان ئازدۇر-كۆپتۇر مۇشۇ خىل هوقۇقلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ياكى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەخسەت

قىلىنغان بولىدۇ. ئەمگەكچانلىقى، باتۇرلۇقى، ئەقىللىقلىقى بىلەن تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنياسى ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۈرەشلىرىمۇ ھەرگىز بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەر بۇنىڭ دەلىلىدۇر:

پاقىنىڭ بەختىدىن،
شۇڭقارنىڭ شورلىقى ياخشى.
تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بولغۇچە،
خورازنىڭ تاجىسى بول.
ئەركىنلىكتىن ئارتۇق راھەت بولماس.
تار يەردە ئاش يېگۈچە، كەڭ يەردە مۇشت يە.
يارىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە،
ئەركىڭنى ئەل ئارىسىدىن.

ئەركىنلىك ھامان نىسپىي بولىدۇ؛ دۇنيادا ئەزەلدىن مۇئەييەن مۇھىت، مۇئەييەن شەرت-شارائىتتىن ھالقىغان چەكسىز ئەركىنلىك مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە ئەركىنلىك توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى ماقال-تەمسىللەردىمۇ بۇنداق ئىدىيە ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئەركىنلىكنىڭ دائىرىسى، دەرىجىسى ھامان مۇئەييەن نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا نىسپەتلەشتۈرۈلگەن؛ بولۇپمۇ ئەركىنلىكنى ئەل ئارىسىدىن ئىزدەشكە تەۋسىيە قىلىنغان ماقال-تەمسىل يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

باراۋەرلىك- ئىنسانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا جەمئىيەتتە باراۋەر ئورۇندا تۇرۇش، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. باراۋەرلىك ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتلار ئاستىدا ئوخشاش بولمىغان مەنالارغا ئىگە بولىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىردە كىچىك ئاسىيا رايونىدىكى قۇللار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بايلارمۇ، نامراتلارمۇ بولمىغان، قۇللارمۇ، قۇلدارلارمۇ بولمىغان «قۇياش دۆلىتى» بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدە دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، «بايلىق-نامراتلىقتا بىردەك بولۇش، قەدىرلىك-پېقىرلىقتا باراۋەر بولۇش» قاتارلىق تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، فرانسىيەنىڭ مەشھۇر «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» مۇ باراۋەرلىكنى ئۆزىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى قىلغان.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەن تارىم، ئىلى ۋادىسى ئەزەلدىن كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە جوغراپىيەلىك ئورۇنغا ئىگە رايون بولۇپ، شەرق-غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. بۇ جەرياندا ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، قانۇن مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتقان. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە كۆپ تەرەپلەردىن ئەكس ئەتكەن باراۋەرلىك ئىدىيەسى توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى ماقاللار بۇنىڭ تىپىك دەلىللىرىدۇر:

ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ، دوستۇڭغىمۇ شۇنى قوي.
يېتىمنىڭ ئاتىسى بول، غېرىپنىڭ پوتىسى بول.
پاختەكتە بار كۆڭۈل تورغايدا يوقمۇ؟
تونلۇقتا كۆپ سوغۇق، تونىسىزغا ئاز سوغۇق.
باي بولسا بۆلۈپ بەرمەس،
گاداي بولسا ئۆلۈپ بەرمەس.
ھەممە كىشى ئاتىدىن يالىڭاچ تۇغۇلغان.
بىر خار بولغان بىر ئېزىز بولماي قالماس.
تىرىككە ئۆي تېپىلار، ئۆلۈككە گۆر.

يۇقىرىدىكى ماقال-تەمسىللەردە كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئىجتىمائىي ئورنى، مال-مۈلۈك ئەھۋالى قاتارلىقلارغا قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلماسلىق، ھەممە ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشىدىن باراۋەر بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنشۇناسلىق ئىدىيەسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولسا، تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەردە كىشىلەر ئارا باراۋەر، ئىناق ئۆتۈش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى، كىشىلەر پەقەت ئۆزئارا سەممىي، كۆيۈمچان بولغاندىلا ئاندىن جەمئىيەتتە ھەقىقىي ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس بەلكى ئەمەلىيىتىگە قاراپ باھا بېرىش كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنغان:

شاھتەك گاداي بار، گادايدەك شاھ بار.

خوشمۇ-خوش، داڭقاندا گوش.

داستىخان مېھمان بىلەن ئاۋات.

تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر،

تاپالمىغىنى بىر باش پىياز؛

تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپالمىغىنى چۈجە-خوراز.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە يەنە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ غادىيىۋېلىپ، ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىق لازىملىقى، باشقىلارغا باراۋەر، ئادىل مۇئامىلە قىلمىغانلارنىڭ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن:

قۇش ئاسماندا ئۇچسا، سايىسى يەرگە چۈشەر.

كىشى كىشىنى خار كۆرۈپتۇ،

ئاقىۋەت ئۆزىنى خار كۆرۈپتۇ.

كىشىلىك قەدىر-قىممەتنىڭ ئوخشىمىغان پەنلەردە ئوخشاش بولمىغان تەبىرلىرى بولۇشى مۇمكىن. قانۇنشۇناسلىق ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ بىر يادرولۇق ئۇقۇم بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ قەدىمكى رىمدا بارلىققا كەلگەن. بۇ ئۇقۇم بىر ئادەمنىڭ قانۇندىكى ھوقۇق-مەجبۇرىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولۇش سالاھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە كىشىلىك قەدىر-قىممەتكە دائىر ماقال- تەمسىللەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەزمۇنىمۇ ناھايىتى مول. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك قەدىر- قىممەتكە ئەزەلدىن يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنىڭ گەۋدىلىنىشىدۇر. بۇ ھەقتىكى ماقال-تەمسىللەردە ئالدى بىلەن كىشىلىك قەدىر-قىممەتنى ساقلاش، ئۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئابرۇيىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس.

ئىناۋەت ئالتۇندىن قىممەت.

ئۇيات تۇرغان يەردە ئىمان تۇرار.

ئابرۇيىنى ئالتۇنغا ئال، جانىنى كېپەككە سات.

تىرىك ئىززەتكە تويماپتۇ،

ئۆلۈك دۇئاغا (تويماپتۇ).

قەدىرسىز ياشىغىنىڭدىن،

قەدىرلىك ئۆلگىنىڭ خوپ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە «كىشىلىك قەدىر-قىممەت» سۆزى ئابروي، ئىناۋەت، قەدىر، ھۆرمەت، ئۇيات قاتارلىق ئىبارىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئادەتتىكى تىل ئادىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە كىشىلىك قەدىر-قىممەتنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىملىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەندىن باشقا، ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ساقلاش ۋە قوغداش ئۈچۈن ئاۋال باشقىلارغا ئىززەت قىلىشمۇ تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئابرۇيىڭنى ياشلىقىڭدىن ساقلا.

چوڭ ئىززەت قىلسا، كىچىك خىزمەت قىلار.

ئاۋۋال ئىززەت، ئاندىن زورلۇق.

ئىززەت قىلساڭ ئىززەت كۆرىسەن،

چايناپ يېسەڭ لەززەت كۆرىسەن.

كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۆز قولىدا.

ھۆرمەت قىلساڭ ھۆرمەت كۆرىسەن.

ئادەم ئەتكەنگە تازىم ئەت.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە يەنە شەخسنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ئەلگە باغلاپ ساقلاش، ئۆزىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى قەدىر- قىممىتىنى يوقۇتۇپ قويۇشنى ئۆلۈمدىن ئارتۇق بىلىش، قەدىر-قىممەتسىز ئادەمنى ئەل قاتارىدا سانىماسلىقتەك بىرقاتار ئىلغار ئىدىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن:

بۇلبۇل گۈل بار يەردە،

ھۆرمەت دوست بار يەردە.

ئات ئۆلسە ئىگىرى قالار،

ئادەم ئۆلسە نامى(قالار).
ئىزا-ئۆلۈمدىن قاتتىق.
ھاقارەتلىك تۇرمۇشتىن،
ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى.
يامان ئاتاق بىلەن يۈرگەندىن،
ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن ياخشى.
قارنىم ئۈچۈن يىغلىمايمەن،
قەدرىم ئۈچۈن يىغلايمان.
ئەلدە ئابرويۇڭ بولسا، چۆلدە يۈكۈڭ قالماس.

كىشىلىك قەدىر-قىممەت توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ماقال-تەمسىللەردە يەنە قەدىرلەش، ئىززەتلەشلەرنىڭ ئۆزئارا بولىدىغانلىقى، ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى ئەسكەرتىلىپ، قەدىر-قىممەت، ياخشى نام قالدۇرۇشنىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدىكى ئىغار پەلسەپىۋىلىك ئىدىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇلارنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 3. پاك-دىيانەتلىك ۋە ئادىل بولۇش توغرىسىدا

پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئاچكۆزلۈك-نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىق، تۈزلۈك سۆز-ھەركەت، مۇئامىلىلەردە ئادىل، تەدبىرلىك بولۇش -ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك ساپاسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىرىدىن بىرى. ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئاڭلىق ئىدارە قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپى، تۇرمۇش تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش-خىزمەت تەرتىپى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك قورۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشنىڭ ئۇنۇملۇك تەدبىرلىرى. ئىنسانىيەتنىڭ قانۇن ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ۋاستىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى، بارغانسېرى ئۇنۇملۇك قوللىنىشى ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشتىكى مەقسىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. ئۇيغۇرلاردا بۇ ھەقتىكى ماقال-تەمسىللەرمۇ بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مەزمۇنى ناھايىتى مول.

(1) پاك-دىيانەتلىك، ئىنساپلىق بولۇش، مال-دۇنياغا بېرىلمەسلىك، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىق، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا. مەسىلەن:

تاپقىنىم پاك، قۇلىقىم ساق.
ئاق بولسۇن، پاك بولسۇن.
ھەقنىڭ رىسقى نەق.
ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ.
گال- تۇۋى يوق تاغار.
ئىنساپ ئىماندىن ئۇلۇغ.
ئىنساپنىڭ دىلى ساپ.
ئادەم ئۆلىدۇ، دۇنيا قالىدۇ.
نەپسىگە ئەگەشكەن ئەخمەق،
پالاكەت تېگىدە ياتماق.
ئاز ئېشىم، غوغىسىز بېشىم.
ئۆزنەپسىدىن كەچمىگىچە،
كىشىنى خوش قىلغىلى بولماس.
ئايدا يېگەن توق بولار،
كۈندە يېگەن ئاچ(بولار).
قوساقنىڭ مەيلىچە بولسا،
ئابرويىڭنى قوشۇپ بەر.
ھالاللىقنىڭ يولى بىر، ھاراملىقنىڭ يولى مىڭ.
تولا يېگەن بۆرىنىڭ كۆتى كاۋاك.
قانائەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق.
ئۆزى تويمىغاننىڭ كۆزى تويماس.
يېمەيدىغان ھەسەل بار، يەيدىغان زەھەر (بار).
توخلۇقتىن شوخلۇق چىقار.

تۇرمۇش ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە، تۈزلۈك باشقۇرۇش-مۇلازىمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇش، ھالال بىلەن ھارامنى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىق، ئادىل ئىنساپلىق بولۇش، مال-دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرماسلىق، كەمتەر-قانائەتچان بولۇش، ئاچكۆزلۈك قىلىپ مال-دۇنياغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىشنىڭ بارلىق ھەشەمەتچىلىك-جىنايەت يولىغا كىرىپ

www.uyghurkitap.com



قىلىشنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش قاتارلىقلار يۇقىرىدىكى ماقال-تەمسىللەردە گەۋدىلەندۈرۈلگەن قانۇن ئىدىيەسىنىڭ يارقىن مەزمۇنلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە يەنە جەمئىيەتكە ماس كېلىدىغان قانۇن ئىدىيەسى ۋە قانۇن مەدەنىيىتىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىمۇ ئىلغار پىكىرلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

چاينىماي يېگەن كۆشمەي ئۆلەر.
سېنىڭ نەپسىڭ بالادۇر، ئاخىر ئوتقا سالادۇر.
ئىسراپ قىلىش-خاراپ قىلىش.
ئاخىرى مەن نېمە بولدۇم،
سېسىق كۆلنىڭ سۈيى بولدۇم.
ئېتىڭ ھارسا ئابرۇيۇڭ كېتەر،
قارنىڭ ئاچسا قەدرىڭ كېتەر.
قارنىم ئۇچۇن يىغلىمايمەن،
قەدرىم ئۇچۇن يىغلايمەن.
قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر.
ئىچتىم شاراپ-بولدۇم خاراپ.

(2) ئەمەلدارلارنىڭ پاك- دىيانەتلىك، پەم-پاراسەتلىك، كۆكسى-قارنى كەڭ، سۆز-ھەرىكىتى ئورۇنلۇق بولۇشى توغرىسىدا. ئەلۋەتتە، يۇقىرىدىكى ماقال-تەمسىللەردە ھاكىمىيەت تۇتقۇچىلارغا قويۇلغان ئۆتكۈر تەلەپلەر ئەكس ئەتكەن، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە يەنە بۇخىلدىكى كىشىلەرنىڭ سۈپىتى، ئەقىل-پاراسىتى، سۆز-ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن:

خان قۇزۇق، پۇقرا ئوزۇق.
پادىشاھ ئادىل بولسا، پۇقرا مايىل بولار.
قىلدەك ھوقۇقنىڭ پىلدەك كۈچى بار.
باسقان ئىزىڭنى بىلىپ باس،
ئالدى-ئارقاڭنى كۆرۈپ باس.
ئىش پەم بىلەن، ئىشىك دەم بىلەن.
نادانغا بېرىلگەن مەنسەپ-
كىچىك بالىغا تۇتقۇزۇلغان ئۇستۇرا.
پەمسىز پەلەمپەيدىن يىقىلار.
ئەخمەق ئۆتۈكنىڭ تېشىدىن قاشلار.
ئەقىللىققا گەپ قىلسام ئويلاپ كۈلىدۇ،
نادانغا گەپ قىلسام ئاڭلاپ كۈلىدۇ.
ناننى چايناپ يە، گەپنى ئويلاپ دە.
تازغا مەنسەپ تەگسە، چەللىدە ئات چاپار.
نادانلىق قاراڭغۇلۇقتىن يامان.
ئاي تۈندە كېرەك، ئەقىل كۈندە (كېرەك).
دانا كىشى كۆپ ئاڭلاپ، ئاز سۆزلەر.
كەلگۈسىنى ئويلاپ ئىش قىل.
كىرىشتىن ئاۋۋال چىقىشنى ئويلا.
ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا،
كۈندە غوغا بېشىڭدا.
تەدبىرىڭ قانداق بولسا،
تەقدىرىڭ شۇنداق بولار.
گەپدان بولغۇچە، ئىشچان بول.

پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ھەر ئىشتا پەم-پاراسەتلىك، تەدبىرلىك بولۇش، كۆكسى-قارنى كەڭ، سۆز-ھەرىكىتى ئورۇنلۇق بولۇش-ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە ئەمەلدار-مەنسەپدارلارغا قويۇلغان تەلەپلەرنىڭ بىرى. ئەمەلدارلار ئادىل بولسا خەلقنىڭ ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى، قۇدرەتلىك «پادىشاھ» ئۈچۈن ھىمايە قىلىدىغان «خەلق»نىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقى، ھوقۇقنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئۇنى توغرا تونۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، نادان، پەم-پاراسەتسىز ئەمەلدارلارنىڭ ئەلگە ھەر بالالارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، شۇڭا، ئەمەل-مەنسەپنى ئەقىللىق، پەم-پاراسەتلىكلەرگە بېرىش كېرەكلىكى، ئۇنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان قانۇن ئىدىيەسى، قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ دۇردانىلىرىدۇر. ئەمەلدار-مەنسەپدارلاردا ئالا كۆڭۈللۈك، ئىنساپسىزلىق، ئىچى تارلىق، ئالدىراقسانلىق، ھىيلە-مىكىر، قارامىلىق، كۆز بوياماچىلىق، نادانلىق، دۆت- ئەخمەقلىق، كالتا پەملىك، بايقاشقا ماھىر بولالماسلىق، يىراقنى كۆرەلمەسلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھامان ھالاكەت ۋە

مەغلۇبىيەتنىڭ پىلتىسى بولىدىغانلىقى تەكىتلىنىش ۋە بۇنداق ئىللەتلەرنى قامچىلاش ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولۇپ، تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان يەنە بىر مۇھىم ئىدىيەدۇر. مەسىلەن:

ئىنساپسىز قۇشۇق سالسا، يەتتە ئۇتلاپتۇ.
ئىچى تارنىڭ گۆرى تار.
كەڭ بولساڭ، كەم بولمايسەن.
ئادەمنىڭ تېشىغا قارىماي، ئىچىگە قارا.
ئويلىماي ئىش قىلساڭ، سانىماي تاياق يەيسەن.
توخۇنى كۆلچەككە ھەيدەپتۇ،
ئۆدەكنى قونداققا(ھەيدەپتۇ).
ئۆلگەندىن كېيىن «ياسىن» ئوقۇماق.
لايدىن ياسىغان خام كوزا سۇغا چۈشسە،
ساق چىقماس.
ئەخمەققە ئەمەل تەگسە، قوتانغا زەدۋال تارتار.
چۆچۈرىنى خام ساناپتۇ.
چۈجىنى كۈزدە ساناڭ.
سانىماي سەكسەن دېمە.
سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما.
ئاتقان يەردە ئوق قالىدۇ،
چىشقان يەردە پوق(قالىدۇ).
ئىتنى چىشلىمەيدۇ، ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە.
ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.
ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.
ئاشنىڭ ئالىسى قوساق ئاغرىتار،
كۆڭۈلنىڭ ئالىسى ئادىمى ئۆلتۈرەر،
ھىيلىگەردىن تۇخۇم ئالساڭ،
ئىچىدىن سېرىقى چىقماس.
ھىيلىلىك ئىشتا خەيرىلىك يوق.
قاشقا سانىساڭ كۆزگە،
كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە.

ئارپا تېرىپ بۇغداي ئالىمەن دېمە.
قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر.
قۇۋلۇقتىن شۇملۇق تۇغىلار.

يىراققا قارىغاننىڭ كۆزى ئۆتكۈر.
قارىماي ئېتىۋىدىم، كالLامغا تەگدى.
ئالدىدا قول قىسىشار، ئارقىدىن تاش ئېتىشار.

(3) ئادىل بولۇش، ئەقىل-ئىدىراكلىق بولۇش، غەيۋەتخورلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، تۆھمەتخورلۇق، خۇشامەتچىلىك قىلماسلىق، كەمتەر-ئېھتىياتچان، كىچىك پېئىل، دۇرۇس، ئېغىر-بېسىق بولۇش توغرىسىدا. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە ئەل ئىچىدە ھۆرمەتلىنىدىغان، غۇرۇر-ۋىجدانى بىلەن ياشايدىغان، ئىززەت-ئابرويلۇق پۇقرالاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي شەرتلەر، ئەمەل-مەنسەپ ئۇتقۇچىلاردا كەم بولسا بولمايدىغان سۈپەتلەرىيەنە مۇنداق ئەكس ئەتكەن:

خوشامەتچى بولماي دېسەڭ، تاماگەر بولما.
يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس،
ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.
مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئاڭا تىرەك قويىدۇ؛
مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئۇنى پۇتاپ تۇرىدۇ.
مېۋىسىز دەرەخقە كىم باقىدۇ،
مېۋىلىك دەرەخقە ھەركىم قول ئۇزىتىدۇ.
ئۆزەڭدىن يۇقىرىغا قاراپ پىكىر قىل،
ئۆزەڭدىن تۆۋەنگە قاراپ شۈكۈر قىل.
ئاچچىق ئالدىدا يۈرىدۇ، ئەقىل كەينىدە.
پۇل تاپقىچە ئەقىل تاپ.
پۇلۇڭغا ئىشەنگىچە، ئەقلىڭگە ئىشەن.
زىرەك كىشى خۇشامەتنى دوست تۇتماس.
ئۆزىنى سورىغان شەھەرگە سۇلتان،
ئۆزىنى سورىمىغان ئۆتۈككە ئۇلتاڭ.
ئۆزىنى بىلگەن خار بولماس.
سۇ كەلگىچە تۇغان سال.
بېشىڭغا قىلىچ كەلسىمۇ توغرا سۆزلە.
راستلىقى ئاز كىشىنىڭ دوستلۇقى ئاز.
بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن،
مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك.
دىمىقى ئۈستۈن ئازگالدا ئۆلەر.

www.uyghurkitap.com



ئېگىلگەنگە ئېگىل، بېشىڭ يەرگە يەتكۈچە؛
غادايغانغا غاداي، بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە.
چوڭ بولساڭ، كىچىك بول.
ئۈستۈن بېقىپ تۈكۈرسەڭ،
يېنىپ چۈشەر يۈزۈڭگە.
تۆھمەتخور ئاخىرى تۆھمەت بىلەن ئۆلەر.
تۆھمەت تاش يارىدۇ، بايقىمساڭ باش يارىدۇ.
قەست قىلغاننى پەس قىل.
ئېغىر بولغان خېزىر بولار.

(4) پارىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق قىلماسلىق، لەۋزىدە تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش توغرىسىدا. قارىغۇلارچە ئىش قىلىش، ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىش، پارىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق ھوقۇقنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى. ھوقۇق- ئەمەل تۇتقۇچىلار مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا، پاك-دىيانەتلىك بولۇشى، ئادىل، پەم- پاراسەتلىك بولۇشى، خادىملارنى تاللاپ ئىشقا قويۇشتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدامۇئامىلە قىلىشى، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، تەدبىر بەلگىلەشتە سۇبيېكتىپ پەرەزگە ئەمەس، ئوبيېكتىپ پاكىتقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە بۇنداق يارقىن ئىدىيەنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقال-تەمسىللەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن:

كۆرگەن ئاڭلىغاننى يېگىپتۇ.
كۆزۈڭ بىلەن كۆردىڭمۇ؟
قۇلاق ئاڭلىغان يالغان.
كۆڭنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس.
ئەمەلدارنىڭ گېپى ئوق،
ئوق بولمىسا گېلى پوق.
كىشىنىڭ ئېشىنى يېسەڭ، تىلىڭ قىسقىرار.
تەرتىپنى سەن تاپمىساڭ، تەرتىپ سىنى تاپىدۇ.
ئۆتنىكىڭ تار بولسا،
جاھاننىڭ كەڭلىكىنىڭ نېمە پايدىسى.
ئاڭلىغان بىلەن كۆرگەن بىر ئەمەس.
پاكىت ئالدىدا پىل ئۇسۇرۇپتۇ.
بىر ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن،
بىرتاغار تۇزنى بىللە يېيىش كېرەك.
ئالدىڭغا ماڭساڭ، كەينىڭگە قارا.

(5) بىلىملىك بولۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئىشقا قويۇش، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش. مەسئۇلىيەتچان، ئېھتىياتچان بولۇش، تەنقىد-تەربىيەنى توغرا قوللىنىش توغرىسىدا. ئۇيغۇرخەلق ماقال-تەمسىللىرىدە باشقۇرغۇچىلار بىلىملىك بولۇش، ئۇلارنى ئىختىساسلىقلاردىن تاللاش، بىلىمگە، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش، ھەرقانداق ئىشتا مەسئۇلىيەتچان بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش، ناچارلارنى قامچىلاپ، خىزمەت داۋامىدا تەنقىت ۋە تەربىيە ۋاستىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش ھەققىدە بىرقاتار نەسىھەت-تەۋسىيەلەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭقۇر. مەسىلەن:

ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى.
بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق،
بىلىمسىزنىڭ ساپاسى يوق.
نەپسىنىڭ تىزگىنى ئەقلىنىڭ قولىدا.
پۈتۈڭنىڭ توغرىلىقىغا قارىماي،
يۈلۈڭنىڭ توغرىلىقىغا قارا.
بۈلۈمسىزنى بولدۇرالمىدىم،
خۇرجۇن-قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم.
ھەق سۆز ئاچچىق بولار.
تاياق تەككىچە بېشىڭنى تارت.
قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ.
بىرشاتراق مۇزاي پادىنى بۇلغايدۇ.
گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە.
توغرا سۆز تۆمۈرنى تېشەر،
يۇمشاق سۆز قىلىچنى كېسەر.
ئۆتكۈر سۆز- ئاتقان ئوق.
ياخشى ئاتقا قامچا لازىم ئەمەس.
يامانغا يانتاياق بولما.
يامانغا گۆردىمۇ قوشنا بولما.
نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق.
تەربىيە باشتا قاتتىق بولسا،

ئاخىرى تاتلىق بولار.
ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ، ئادەمنى تەربىيە.
ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر.
ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم ئۆلتۈرەر.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە يەنە يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۇرلۇك سۈپەت، تەربىيەلەرنى ھازىرلىمىغان ياكى ئاڭلىمىغانلار قاتتىق تەنقىد قىلىنىش، ئەيىبلىنىش بىلەن بىرگە، بۇخىل كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىگىمۇ ئېنىق باھالار بېرىلگەن:

ئىلپىتىڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق.
قاچقۇنغا شەپقەت يوق، ئازغۇنغا ھۆرمەت (يوق).
بارچە گۇناھ ئۆزەمدە تۇرۇپ،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.
غوجامنىڭ غوجىسى بار،
چامغۇرنىڭ ئۇۋىسى بار.
كۆزنى يۇمغان پوق يەر.
ئەلگە يامانلىق ئەيلىگەننى،
ئارىغا ئالماس ھېچ كىشى.

## پايدىلانمىلار


1.«ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»(1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979-يىلى نەشرى.
2. «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»(2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىلى نەشرى.
3.لىيۇ زوشياڭ:«قانۇن مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى»، سودا نەشرىياتى، 1999 -يىلى نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

www.uyghurkitap.com

33 ـ يىللىق 3 ـ سان
2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
第 33 卷第 3 期
2012 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 5_136_03 (2012) 1005_5878

# ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمەت خىزمىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە*

ئالىيە ئېلاخۇن

(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتوتى كۇتۇپخانىسى، سانجى. 831100)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ماقالىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى، مۇلازىمەت مۇھىتى ۋە ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمەت خىزمىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئانالىز قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

**摘要：** 本文分析了少数民族地区高校图书馆的现状、服务环境与读者服务的特点,针对目前读者服务工作中存在的问题,提出了提高读者服务工作质量的对策。。

**Abstract:** This paper presents current situation, service environment and the quality of reader's service of university's libraries in minority nationality regions. Points out some problems that caused current low-quality situation of reader's service work, and gives some suggestions to solve the problems.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G25 ماتېرىيال بەلگىسى: A

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت، دۆلىتىمىزدە ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر كەڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھالەتتە ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بەلگىلىك كۆلەمگە ۋە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان بىر تۈركۈم ئالىي مەكتەپلەر بار. بۇ ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەش، ئۆز رايونىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە قېزىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى رىقابىتىگە لايىق ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتەك ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى شۇ رايوندىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئۆز مەكتىپىنىڭ كۈندىلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات خىزمەتلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، يەنە چوقۇم مىللىي خاسلىققا ئىگە جۇغلانمىلارغا ۋە خاس مۇلازىمەت ئۇسۇللىرىغا ئىگە بولۇشتەك ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

## 1. مۇلازىمەت مۇھىتى ۋە جۇغلانما قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

1) ئوقۇرمەنلەر توپى مىللىي خاسلىققا ئىگە. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر شۇ رايوننىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى مەزكۇر رايوندىكى ھەر قايسى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. مەكتەپتىكى بۇ ئالاھىدىلىك تەبىئىي ھالدا مەزكۇر مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى ئوقۇرمەنلەر توپىدا مىللىي خاسلىقنى شەكىللەندۈرگەن.

2) ئوقۇرمەنلەر توپى بىر قەدەر مۇقىم بولىدۇ. ئادەتتە، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ئوقۇرمەنلەر ئاساسەن

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 12- ئاينىڭ 7-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: ئالىيە ئېلاخۇن(1973-يىلى 7- ئايدا تۇغۇلغان)، كىتاب باشقۇرغۇچى، كۇتۇپخانا خىزمىتى ۋە مەسلىھەت بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مەكتەپتىكى رەھبەرلەر، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، خىزمەتچىلەر ۋە جەمئىيەتتىكى قىسمەن ئوقۇرمەنلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر تۈپى ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارغا قارىغاندا بىر قەدەر مۇقىم ۋە تۇراقلىق بولىدۇ.

3) ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۇتۇپخانىغا بولغان ئېھتىياجى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم فۇنكسىيەلىك ئورۇن. ئادەتتە ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى پىلان بويىچە باسقۇچلۇق ۋە قاتلاممۇ قاتلام ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوخشىمىغان باسقۇچتا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب ماتېرىياللارغا بولغان ئېھتىياجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتاب ماتېرىيال كىرگۈزۈش پىلانى چوقۇم مەكتەپنىڭ ئومۇمىي خىزمەت پىلانىنى چىقىش قىلغان بولۇشى كېرەك.

4) جۇغلانمىلىرى ھەم ئاممىباپلىقىغا ھەم يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئۆز مەكتىپىنىڭ كەسىپ ۋە تەتقىقات تۈرلىرىگە، مائارىپ ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەلىرىگە ئالاقىدار كىتابلارنى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدىغان ئونۇۋېرسال ئوقۇشلۇقلارنى سېتىۋېلىپ جۇغلانمىنى تولۇقلىغاندىن باشقا يەنە، ئۆز رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان ھالدا شۇ رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل يېزىقىدىكى كىتاب ماتېرىياللارنى ۋە ئۆز رايونىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ھۆججەتلەرنى جۇغلايدۇ ھەمدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا سۇنىدۇ.

## 2. نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، مەيلى مۇلازىمەت سۈپىتى جەھەتتە بولسۇن مەيلى جۇغلانما مىقدارى ۋە جۇغلانما سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە بولسۇن ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت.

1) كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ساپاسى تەلەپكە لايىق ئەمەس. كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە خىزمەت پوزىتسىيەسى مۇلازىمەت سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرى. ئەمما ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانا خادىملىرىدا كەسپىي بىلىملەر يېتەرلىك بولماسلىق، ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئىلغار مۇلازىمەت ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ياكى قوبۇل قىلىش ئاستا بولۇش، كومپيۇتېر بىلىملىرىگە خام بولۇش، تىل جەھەتتە قىيىنىلىش، مۇلازىمەت ئېڭى تۆۋەن بولۇشتەك يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ، قىسمەن ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا مۇلازىمەت خىزمىتى بىرقەدەر پاسسىپ ھالەتتە تۇرماقتا.

2 ) سېلىنما كەمچىل. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا سېلىنمىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت. سېلىنمىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىنى يېڭىلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، كۇتۇپخانىدا كەڭ، ئازادە، مۇھىت ھازىرلاش، ئەسلىھە، قورال، ئۈسكۈنىلەرنى سەرخىللاشتۇرۇش، كۇتۇپخانىنى تورلاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، سىفىرلاشتۇرۇش، جۇغلانمىنى كۆپەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر ۋاقتىدا ئىشلەنمەي كۇتۇپخانىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئاقاتسا، ساقلىنىۋاتقان كىتاب ماتېرىياللارنىڭ كونا ھەم ئاز بولۇشى، بىلىم دائىرىسىنىڭ تار، يېڭىلىنىشىنىڭ ئاستا بولۇشى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب - ماتېرىياللارغا نىسبەتەن كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان تەلەپ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالماي، مۇلازىمەت سۈپىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

3) ئىختىساس ئىگىلىرىنى تۇتۇپ قېلىش تەس. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تۇتۇپ قالالماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. كۇتۇپخانا

www.uyghurkitap.com



خىزمىتى مۇرەككەپ ھەم جاپالىق خىزمەت، كۇتۇپخانا خىزمەتچىلىرىگە نىسبەتەن ۋاقتىدا ئىشتىن چۈشۈش، ھېيت ـ بايرام ۋە ئادەتتىكى ئارام كۈنلىرىدە نورمال دەم ئېلىش دېگەنلەر ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانا خىزمەتچىلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. لېكىن بۇ جاپاكەشلەرنىڭ مىننەتسىز ئەجرى دائىم باشقىلارنىڭ قوللىشىغا، ئىتراپ قىلىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالمايدۇ. ھەتتا بەزىدە قىسمەن كەمسىتىشلەرگىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنى كۆپچىلىكنىڭ كۇتۇپخانا خىزمىتىگە بولغان خاتا تونۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يۇقىرىقىدەك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىغا ئوقۇش تارىخى ئۇزۇن (ئاسپىرانتلار، دوكتورلار دېگەندەك)، ئۆزى ئىقتىدارلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئېلىپ كىرىش تەس بولۇش، كۇتۇپخانا ئۆزى ئۇزۇن يىل تەربىيىلىگەن كەسىپچانلىقى كۈچلۈك، ئىقتىدارلىق، مەسئۇلىيەتچان خىزمەتچىلەرنى تۇتۇپ قالالماسلىق (بۇنداقلار باشقا ساھەلەردىن تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى ئىزدەيدۇ ياكى مەكتەپ تەرىپىدىن ئىختىساسلىقلارغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بۆلۈملەرگە يۆتكەپ ئىشلىتىلىدۇ) تەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كۇتۇپخانا خىزمەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم جەھەتتە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

4) باشقۇرۇش ئەندىزىسى قاتمال. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى قىسمەن ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا جۇغلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جۇغلانمىلارنىڭ ئىشلىنىشچانلىقىغا سەل قاراشتەك يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت. بۇ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ قاتماللىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## 3. مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى تەدبىرلەر

1) كۇتۇپخانىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى توغرا تونۇش كېرەك. كۇتۇپخانا بىر خىل ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەلۇم رايون ۋە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاساسىي ئىقتىدارىدىن قارىغاندا ھەرقانداق بىر تۈردىكى كۇتۇپخانا ناھايىتى ئېنىق ھالدا كىتاب ـ ماتېرىياللارنى يىغىش ۋە پايدىلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر فۇنكسىيەلىك ئورۇن. ئۇنىڭ رولى كىتاب ـ ماتېرىيال جۇغلاشلا ئەمەس، بەلكى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىدىكى جۇغلانمىلاردىن پايدىلاندۇرۇش، بىلىم ئۇچۇر تارقىتىشتۇر. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا يەنە ئۆزىگە خاس مۇلازىمەت مۇھىتى، مىللىيلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە جۇغلانمىلىرى بىلەن تېخىمۇ مۇھىم رول ۋە ۋەزىپىلەرگە ئىگە. شۇڭا كۇتۇپخانىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە ئىجتىمائىي رولىنى توغرا تونۇش، ئوقۇرمەنلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

2) باشقۇرۇش ئەندىزىلىرىنى يېڭىلاش كېرەك. ئېنىقكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بولىدۇ، شۇڭا بۇ رايوندىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى باشقۇرۇش جەھەتتە قاتمال ھالدا چوڭ رامكىغا ئېسىلىۋالماي چوقۇم ئۆز جايىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىپ، دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، كۇتۇپخانا باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى يېڭىلاپ ۋە بېيىتىپ، كۇتۇپخانىنى ئىلمىي باشقۇرۇش يولىغا سېلىشى كېرەك.

3) ئۆزگىچە مۇلازىمەت ئەندىزىسى يارىتىش كېرەك. ئالدى بىلەن مەزكۇر رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ تەتقىقات نىشانىنى ئىگىلەپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن، يەرلىك ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى توپلاپ ۋە رەتلەپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەخسۇس ماتېرىيال بۆلۈمى قۇرۇپ، پايدىلانغۇچىلار ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئاندىن، كۇتۇپخانا تورىدىن مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، يەرلىك ھۆججەتلەر مەخسۇس ساندانى قۇرۇپ، ھۆججەتلەرنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىزدىنىش كېرەك.

4) مۇلازىمەت سۈپىتىنى ۋە خادىملارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. كۇتۇپخانا بىلىم، ئۇچۇر ۋە مۇلازىمەت بىر گەۋدە قىلىنغان مەدەنىيەت

ئاپپاراتى. مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى بۇ ئاپپاراتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچ. پەقەت يۇقىرى سۈپەتلىك كەسپىي قوشۇن بولغاندىلا، ئاندىن ئوقۇرمەنلەرنى يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا، كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە جىددىي ئەھمىيەت بېرىپ، كۇتۇپخانىدا ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىش بىلەن بىرگە مۇلازىمەت سۈپىتىنىمۇ ماس قەدەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

5)ئۇچۇر بايلىقىدىن پايدىلىنىپ كۇتۇپخانىنىڭ رەقەملىشىش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىز مىقياسىدا كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئارقا - ئارقىدىن رەقەملىك كۇتۇپخانا قۇرۇپ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرماقتا. لېكىن ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا سېلىنما كەمچىل بولغانلىقتىن زامانىۋىلىشىش قەدىمى بىر قەدەر ئاستا بولىۋاتىدۇ. رەقەملىك كۇتۇپخانىنى ئەنئەنىۋى كۇتۇپخانىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي يەنە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەقەززاسى، ئەنئەنىۋى كۇتۇپخانا بىلەن رەقەملىك كۇتۇپخانىنى تېخنىكا جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈش بولسا زامانىۋى كۇتۇپخانا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى. ئۇچۇر بايلىقى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ رەقەملىشىش قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ قۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يېتەرلىك سېلىنما بولغاندىن سىرت، مول ئۇچۇر بايلىقى كېرەك. ئۇچۇر بايلىقى مول بولمىسا رەقەملىك كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا رەقەملىشىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇچۇر بايلىقى جۇغلاش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەش كېرەك. بۇنىڭدا كۇتۇپخانىدا ئەسلىي بار بولغان جۇغلانما بايلىقنى رەقەملەشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن رەقەملەشكەن ئۇچۇر بايلىقلىرىنى جۇغلاش، ساقلاش ۋە تەمىنلەش خىزمىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەش كېرەك. ئەسلىي بار بولغان جۇغلانما بايلىقنى رەقەملەشتۈرۈش دېگىنىمىز — بىر تەرەپتىن كۇتۇپخانىدىكى جۇغلانمىلارنى رەتلەپ رەقەملەشتۈرۈپ سانلىق ئامبار قۇرۇشنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ مەكتەپ ئاچقان كەسپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەتقىقات يۆنىلىشى ۋە كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات نىشانىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە سانلىق ئامبار قۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ۋە ئىلمىي ژۇرناللارنى رەقەملەشتۈرۈپ، تورلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى -ئوقۇغۇچىلارنى تور ئارقىلىق ماتېرىيال كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. رەقەملەشكەن ئىجتىمائىي ئۇچۇر بايلىقلىرىنى جۇغلاش ساقلاش، تەمىنلەش خىزمىتى دېگىنىمىز — ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى تور بايلىقىدىن پايدىلىنىپ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك رەقەملەشكەن ئىجتىمائىي ئۇچۇر بايلىقلىرىنى جەملەپ، سەرخىللىرىنى تاللاپ، ئىخچاملاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇش خىزمىتىنى كۆرسىتىدۇ.

6) مۇلازىمەت مەزمۇنىنى بېيىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەر كۇتۇپخانا خادىملىرىدىن ئاكتىپ مۇلازىمەتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاددىيغىنا كىتاب ئارىيەت بېرىش، ئىشكنى ئېچىپ قويۇپ ئوقۇرمەن كۈتۈپ ئولتۇرۇش بىلەن ئەلا مۇلازىمەتتىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، مۇلازىمەت مەزمۇنىنى بېيىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەسىلەن : ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ھەر خىل تېمىلاردا پات - پات لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇش، يېڭى كىتابلارنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىش، ھەر يىلى يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئېكسكۇرسىيە ئورۇنلاشتۇرۇش، كۇتۇپخانا ئۈچۈن مەخسۇس تور بېتى ئېچىپ، كاتالوگلارنى تور بەتكە چىقىرىپ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەش، كۇتۇپخانىنىڭ قائىدە تۈزۈملىرى، يېقىنقى ئەھۋالى، كۇتۇپخانىدىكى يېڭىلىقلار، ھەرقايسى كەسپتىكى

www.uyghurkitap.com



ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۇتۇپخانىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ۋاقتىدا تورغا چىقىرىپ ئوقۇرمەنلەرنى كۇتۇپخانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق تېخىمۇ جانلىق ھەم قىزغىن مۇلازىمەت مۇھىتى يارىتىش، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىنى مول بىلىم ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي يەنە ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ئەلا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. ئومۇمەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئۆز رايونىدىكى يەرلىك ئالاھىدىلىكتىن ۋە مۇلازىمەت مۇھىتىدىكى ئەۋزەللىكلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يەرلىك ئەسەرلەرنى قېزىپ، رەتلەپ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇپ، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خادىملارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت مۇھىتىنى ياخشىلاپ، مەزمۇنىنى بېيىتقاندىلا، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ھەقىقىي ئىجتىمائىي قىممەت يارىتالايدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. گاۋ تەيفېڭ :«ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمەت خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى »، جۇڭگو مائارىپ تەتقىقات مۇنبىرى ژۇرنىلى، 2009- يىللىق 9- سان.
2. شى يەن: «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى كۇتۇپخانىلارنىڭ ھۆججەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، ئىچكى موڭغۇل كۇتۇپخانىچىلىقى ژۇرنىلى، 2009 -يىللىق 3-سان.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.33, Iss.3 (Total:131) Sep2012

## Contents

Mahmud al-Kashgari and Contact Linguistics......................................................Ömer Dawut (1)

The Ancient Cities in "Compendium of the Turkic Dialects" .....*Alimjan Mehsut, Adile Alimjan* (11)

Culture and Nationality........................................................................*Exmet Seydulla* (17)

The Thought of Harmonious and Its Practical Significance in "Happiness and Wisdom".........
..........................................................................................................*Memet Mollamet* (27)

Efficient Public Supplement and Its Role to Rural Areas ...................... *Helpidin Musahip* (36)

The Role of Social Adaptability to Students' Career.......................................*Büwejer Mijit* (42)

A Discussion on Interpersonal Conflicts of College Students...................*Abdukérim Tohtasün* (48)

An Analysis to the Phonetic Changes in Modern Uyghur Languages and Its Dialects --- From the Reference of "Compendium of the Turkic Dialects" ...................................*Muhebbet Khasim* (52)

A Comparative Study on Similarities and Differences of Measure Words in Uyghur and Chinese...
..........................................................................................................*Mevlude Ekrem* (74)

An Analysis of the Cultural Characteristics of Human Body Idioms, Expressions, Phrases and Proverbs in Uyghur ...........................................................................*Türghunjan Islam* (78)

A Brief Introduction to the Kumul Muqam.......................................................*Ismet Khasim* (82)

A Survey on Uyghur Folk Artists ......................................................................*Zumret Gappar* (94)

A Discussion of Uyghur Literature ---- from the Reader's Point of View
Culture and Nationality.......................................... *Gulnar Obul, Meriyemgül Tursün* (103)

Elshir Nawai's "Gathering of Masters" and Pseudonym............................................ *Ekber Qadir* (110)

Literary Criticism in Elshir Nawai's "Mahbubul Kulub"............................ *Aygül Abduréhim* (115)

A Discussion of Postmodernist Literature and Its Main Features ......................*Atikem Mamut* (120)

An Analysis of Culture of Law in Uyghur Proverbs ....................................*Tursunniyaz Savur* (126)

A Discussion about The Library Reader's Service Work in The Minority Nationality Regions.....................................................................................................*Aliye Elahun* (136)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА**

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке)

**№.3.2012г (Общий: № 131)**

**Содержание**

Махмуд Кашгари и контактное языкознание........................................................ Умарь Давут

Древние города, описанные в «Словаре тюрских наречий» ...............................................................................................................Алимджан Махсут, Адила Алимджан

Культура и её национальность ............................................................................. Ахмад Сайдулла

Идея строения гармонического общества и её реальное значение в произведении «Кутадгубелик»…….........................…….................……………………... Мамат Молламат

Роль предоставления общественных продуктов в сельскохозяйственные районы СУАР ............................................................................................................... Хэлпидин Мусаиф

Воспитание способности у студентов к применению в обществе — основа в пути работоустройства.........................................................................................Буважэр Мижит

Конфликты, возникающие у студентов в общении ................................. Абдукэрим Тохтасун

Изучение фонетических изменений в уйгурском диалекте на основе теории в «Словаретюрских наречий» .............................................................................. Мухаббат Касым

Сходство и разница в счётных словах в китайском и уйгурском языках....... Мавлюда Акрэм

Культурное значение пословиц, устойчивых выражений и фразиологизмов в уйгурскомязыке, обозначающих человеческие органы.............................. Тургунджан Ислам

Краткий обзор о Кумульском мукаме ....................................................... Исмат Касым

Изучение уйгурских народных сказителей ............................................... Зумрат Гаппар

Изучение уйгурской литературы с точки зрения читателей............................................................................................Гульнарь Обуль, Марйамгуль Турсун

«Встреча героев» Альшира Наваи и литературный псевдоним........................ Акбар Кадырь

Критические мнения Наваи в произведении «Замок Любви» …………... Айгуль Абдурэхим

Литература постмодернизма и её особенности……...........................……... Атикам Мамут

Выражение мысли и культуры закона в уйгурских народных пословицах.......................................................................................................... Турсunнияз Савурь

Обслуживание в библиотеках вузов в малонациональных районах…......…….. Алия Елахун

# پروفېسسور ئابلىمىت ئەھەت

# 阿布里米提•艾海提教授



ئابلىمىت ئەھەت بوگۇ، ئۇيغۇر، 1954 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاۋات ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ماگىستىرانت يېتەكچىسى.

ئابلىمىت ئەھەت 1960 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاۋات ناھىيەلىك 1 ـ باشلانغۇچ ۋە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1971 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاۋات بازار دېھقانچىلىق مەيدانىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1971 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە بېشرىق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ۋە كاتىپ بولغان. 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1982 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1982 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ 1991 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ ئوقۇتۇش بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1994 ـ يىلى دوتسېنت بولۇپ باھالانغان. 2001 ـ يىلى ماگىستىرانت يېتەكچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، ھازىرغا قەدەر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە توققۇز قارار، جەمئىي 19 نەپەر ئاسپىرانت يېتەكلىگەن.

پروفېسسور ئابلىمىت ئەھەت 30 يىللىق ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرى جەريانىدا تولۇق كۇرس، ماگىستىر ۋە دوكتور ئوقۇغۇچىلارغا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «ئۇيغۇر تىل تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر يېزىقلىرى تەتقىقاتى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتايچە قوليازمىلار تەتقىقاتى»، «چاغاتاي تىل گرامماتىكىسى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مەدەنىيىتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ئۇ ئىزچىل ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن: ئۇ يازغان، تۈزگەن ۋە نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» 1991 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر تەتقىقات تۈرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «چاغاتاي تىلى» ناملىق دەرسلىك 1992 ـ يىلى مۇنەۋۋەر دەرسلىك مۇكاپاتىغا، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» 2003 ـ يىلى مۇنەۋۋەر تەتقىقات تۈرى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە قۇتادغۇ بىلىك»، «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى»، «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، «ئەخلاق دەستۇرى»، «ئىسكەندەرنامە»، «مەنتىقۇت ـ تەير»، «ئەخلاقۇل ـ مۇھسىنىن»، «كىتابى ئابدۇللاھ»، «سىددىقنامە» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق كىتابى ھەر قايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان، 50 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئابلىمىت ئەھەت يەنە 1999 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندى ياردىمىدىكى ئىككى تۈرگە يېتەكچىلىك قىلىپ تاماملىدى. دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن ئىككىگە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن بىرگە قاتناشتى. ئۇ ھازىر دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندى ياردىمىدىكى ئالاھىدە تۈرنىڭ بىرى بولغان «شىنجاڭ ئاقسۇ رايونى تەۋەلىكىدىكى چاغاتايچە ۋەسىقىلەر ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق تەتقىقات تۈرىنى ئىشلىمەكتە.

ئابلىمىت ئەھەت جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تۈرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلار كېڭەش ئەزاسى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى نەشر قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

新疆大學學報
Journal of Xinjiang University
哲学社会科学维吾尔文版
季刊（1980年创刊）
第33卷 第三期 2012年9月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）
主　　编：阿布里克木・亚森
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　　刷：乌鲁木齐光大印刷厂
邮政编码：830046
电　　话：0991-8582927
电子邮箱：xju13@xju.edu.cn
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）
国际标准刊号：ISSN 1005-5878
国内统一刊号：CN65-1034/G4-W
国内代号：58-13
国外代号：5798（QR）
定　　价：6.00元

ISSN 1005-5878
13>
9 771005 587001

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى
(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
پەسىللىك ژۇرنال (1980-يىلى چىقىشقا باشلىغان)
2012-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى (33-يىللىق 3-سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991-8582927
ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn
باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005-5878
مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65-1034/G4-W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58-13
باھاسى: 6 يۈەن